مەھەممەت زۇنۇن
ئابدۇكېرىم راخمان

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھەممەت زۇنۇن
ئابدۇكېرىم راخمان

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەييۇم تۇردى
ئابلەت ئۇمەر

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا.......... 1
1 - باپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك
شەكىللىرى .................................. 33
2 - باپ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى..................... 84
3 - باپ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە ”12 مۇقام“....... 242
4 - باپ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى....................... 286
5 - باپ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر............................ 314
6 - باپ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى......................... 336
7 - باپ ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ۋە مەسەللىرى.......... 362
8 - باپ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى.............. 392
9 - باپ ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى...................... 420
10 - باپ يېڭى خەلق قوشاقلىرى ۋە قوشاقچىلار.......... 438
قوشۇمچە: پايدىلانغان كىتابلار......................... 498

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا، جۈملىدىن باي، خىلمۇ-خىل ۋە تارىخى ئەھمىيەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پارلاق ۋە گۈزەل ئېغىز ئىجادىيەت بايلىقى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات غەزىنىسىدە چوڭ ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. شىنجاڭ "مەدەنىيەت رايونى"، "ناخشا-ئۇسۇل ماكانى" دىگەن بۇ ئومۇمى باھا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، مول مىللى مىراسىغا، شۇنداقلا قىممەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىگە ئىكەنلىگىنىڭ جانلىق نامايەندىسى ھېساپلىنىدۇ.

تارىخى ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا تۈركى خەلقلەردىن ئاۋالراق مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ھالىتىگە كۆچۈپ، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، بېلىقچىلىق، ھۈنەر-سودا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆچمەنچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. ئىجتىمائى ياشاش شارائىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ، بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بۇرۇنراق باشلىنىشىغا سەۋەپچى بولغان ئىدى. ئۇيغۇر يازما

ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش تارىخىنى بىبلىوگرافىيە جەھەتتىن بىرەر تارىخىي باسقۇچقا باغلاپ قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئومۇمەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى شەكىللەنگەندىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ) ئەمگەك پائالىيىتىگە ھەمرا بولۇپ يېزىق پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئەگىشىپ راۋاجلانغان. ئۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە قاراپ تەدرىجى تەرەققىي قىلغان.

بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات غەزىنىسىگە قارىساق، ئۇنىڭدا جەلقىمىزنىڭ باشلانغۇچ جامائە دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى، ئىدىيەۋى ئېتىقادىنى، ئىستېتىك كۆزقاراشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرگەن ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى، ئېپوسلارنى ۋە قوشاقلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئۈلگىلەر يازما خاتىرىلەر ۋە ئېغىز ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ھازىرچە بىزگە مەلۇم تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يازما خاتىرىگە ئېلىنىش تارىخى مەشھۇر "تىلى قوشىغى"دىن باشلىنىدۇ. "تىلى قوشىغى" تۇنجى قېتىم ئىرانىڭ 4-ئەسىرىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، (يەنە بەزى خاتىرىلەردە ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە خاتىرلەنگەن دېيىلىدۇ. ۋېي، جىن دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I-II ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ) مانا شۇ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە ساقلانغان.

تىلى ۋادىسى، چوغاي ئېتىكى
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۈپ - سۈزۈك، چەكسىز تاغ - دالا،
گۈزەل ياپلاقتا تولغان قوي - كالا.

ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن بۇ گۈزەل قوشاقتا شۇ خەلقلەر ياشىغان ياپلاقلارنىڭ جانلىق سۈرىتى توبرازلىق ھالدا سىزىپ كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئېپوسلۇق داستانى "ئوغۇزنامە"دە ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەنى ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئېتىقادىي— توتېمىزىم (ھايۋانلارنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا مەبۇت قىلىش) دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئادىتى، قەبىلە بولۇنۇشى، ئىدالوگىيە ھالەتلىرى قاتارلىقلار پۇئىتىك يول بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

"تىلى قوشىقى" بىلەن "ئوغۇزنامە"نى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئۈلگىلىرى ھازىرچە تېپىلغان ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا كىتاپ يېزىلغان دەۋر (مىلادى 1072— 1074) دىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنقى ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر، شېئىر - قوشاقلار، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار ساقلانغان، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بەزى قوشاقلار باشلانغۇچ

جامائە دەۋرىگە مەنسۇپ. مەسىلەن، ئوۋچىلىق قوشاقلىرىنى ئالايلى:

يىگىتلىرىڭ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يىمىش ئىرغاتۇ،
قولان كيىك ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئاۋنالىم.

تەرجىمىسى — (يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، دەرەخ مېۋىسىنى ئېغىتىپ، قۇلان، كيىك ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كوڭۇل ئاچايلۇق.)

چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئېزىپ چىشلاتۇ،
تۈلكە، توڭۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۇگىنەلىم.

تەرجىمىسى — (قارچىغۇنى قۇشلاپ، ئوۋ قىلىپ، تايغان ئىتلارغا چىشلىتىپ، تۈلكە، توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، يىقىتىپ، شۇ ھۈنەرلىرىمىز بىلەن ماختىنايلى.)

بۇ قوشاقلار خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى (تاش قوراللار دەۋرى) ۋە ئىجتىمائى ياشاش شارائىتىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

ئالپ ئەرتۇڭا ئولدىمۇ؟
ئىيسىز ئاژون قالدىمۇ؟

ئۆزلەك ئۈچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلور.

تەرجىمىسى — (باتۇر ئەرتون ئولدىمۇ، ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۈچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش دەردىدە يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.)

ئالىپ ئەرتوڭا (يولۋاسنى يەڭگۈچى باتۇر) غا بېغىشلانغان بۇ مەرسىيىلەر بولسا مەشھۇر "شاھنامە" دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ ۋە بۇ قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان ئالىپ ئەرتوڭا ئىرانلىقلار تەرىپىدىن "ئەفرە سىياپ" دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ "شاھنامە" دە كۆرسىتىلىشىچە "توران" مەملىكىتىنىڭ خاقانى دېيىلىدۇ. "ئەفرە سىياپ" "شاھنامە" دە تەسۋىرلەنگەن ئىرانلىقلار بىلەن تورانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغان بىر باتۇر شەخس. ئىلمىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىران بىلەن توران ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇش ئىراننىڭ 4-سۇلالىسى ساسانىيان (ساسانىلار) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. "ساسانىلار مىلادى 226-دىن 651-يىلغىچە ھوكۇم سۈرگەن" (ش.سامى: "قاموسۇلئەلەم". 4-جىلد، 2481-بەت) روشەنكى، "دىۋان" دا خاتىرلەنگەن قوشاقلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى بەلگىلىك تارىخى دەۋرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇزىنىڭ قەدىملىگى، شەكلىنىڭ كوپلۇگى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىگى، بەدىئى قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىگى،

ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ۋەتەن ئەدەبىيات غەزنىسىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىن پەرقى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقارا ئومۇم نام بىلەن “فولكلور” دەپ ئاتىلىدۇ. ”فولكلور“ دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىنگلىزچە “folk” (خەلق) ۋە “lori” پەم-پاراسەت، دانىشمەنلىك، دېگەن مەنانى بېرىدۇ. دېمەك، مۇشۇ مەنىدە فولكلور ياكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دېگىنىمىز يېزىق ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن باشلىنىپ، يېزىقتا يۆلەنمەي تۇرۇپ خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ھەمدە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدۇر. ئۇ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقى ۋە مەدەنىيەت غەزنىسى، ماكسىم گوركىي ئېيتقاندەك: ”خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى — يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى.“

خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي گۈزەللىكى تەرەپ-

لەردىن ئومۇمەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە قىممەت-لىك يادىكارلىقلىرى ھېساپلىنىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلۈك تارىخى شارائىتلاردا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، مەدەنىي ئۆزگىرىشلىرىنى، بەختىيار ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى، ئۈمىت ۋە ئارزۇلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىيلىغى، خەلقچىللىغى، كونكرېت ۋە جانلىقلىغى، ئىخچام ۋە ئاممىباپلىغى ئارقىلىق چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

فولكلور بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، ئۆزىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، ئېغىز ئەدەبىياتى پەقەت ئېغىزدا ساقلىنىدۇ، كۆڭۈلگە خاتىرلىنىپ ماڭىدۇ، بۇ ھال ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يېزىق بىلەن زىچ ئالاقىدار ئەمەسلىگىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن نوقۇل ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يېزىق پەيدا بولمىغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى دىگەن مەنا چىقمايدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتى يېزىق مەۋجۇت بولغان دەۋردىمۇ، جۈملىدىن ھازىرمۇ پەيدا بولۇۋېرىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىۋېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قايسى تۈرى بولسۇن، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىدۇ، كېيىن خەلق ئىچىگە ئومۇملىشىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق ئۆزگىرىش، ئومۇملىشىش ۋە تەرەققى قىلىش جەريانىدا ئۇ مەلۇم شەخس نامىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كوللېكتىپنىڭ ئىجادىي ئەمگىگى سۈپىتىدە ئاشكارىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورى ئاساسەن كوللېكتىپ — خەلق بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېكىستى يازما

ئەدەبىياتقا ئوخشاش قەغەز يۈزىدە ساقلانمىسىمۇ يەنىلا ئۇنتۇلماي ۋە يوقالماي ئەسىردىن - ئەسىرگە، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلەلىشىنىڭ سەۋۋى شۇ يەردىكى، خەلق ئىچىدە بۇ مەدەنىي مىراسلارنى ساقلاشنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى مەۋجۇت، يەنى خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى، مەسىلەن، خەلق ناخشىچىلىرى، سازەندىلەر، مەشرەپچىلەر، داستانچىلار، ۋائىزلار (مەدداھلار)، لەتىپىچىلەر ۋە باشقا سەنئەت خۇمارلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرىنى بەلگىلىك سەنئەت شەكىللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇشتا ۋە ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

توتىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە فورمىسى بولغاچقا، ھامان ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك سەۋۋىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەزى تۈرلىرى ئوخشاشمىغان ۋارىيانتلارغا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئېغىز ئەدەبىياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتقۇچىلار مەلۇم جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرىنى ئىپادە قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئېغىز ئىجادىنى خەلقلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىز ئەدەبىياتى گەرچە شەكلى جەھەتتىن نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە.

بەشىنچىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۆزىگە خاس بولغان ئەنئەنىلىك قائىدىگە ئىگە بولىدۇ، يەنى تىل، ئۇسلۇپ، بايان قىلىش ئۇسۇلى، ئىستىلىستىك

ۋاستىلىرى ۋە باشقىلار ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللى سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ئومۇمەن بىر خىل بولۇپ، يازما ئەدەبىيات-نەك كوپ خىللىقتا ۋە مۇرەككەپلىككە ئىگە ئەمەس. بۇ خۇسۇ-سىيەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قىزىقارلىقتا ۋە ئاممىباپلىقتا ئىگە قىلىپ، نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۇنتۇلماي خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىشكە ئاساس بولغان.

ئالتىنچىدىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەزى قەدىمقى ئۇلگىلىرى تېخى مىللەت شەكىللەنمىگەن دەۋرلەردىلا مەھسۇلى بول-غاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كوپلىگەن ئەسەرلەر ئومۇمى ئورتاق-لىققا ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا ئورتاقلىققا ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىرمۇنچە ئۇلگىلىرى بار. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدە-بىياتىنى يەككە-يېگانە ھالدا مۇلاھىزە قىلىشقا بولمايدىغانلى-قىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئېيتىش كېرەككى، مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بەزى فولكلور ئۇلگىلىرى كېيىنچە مىللى ۋە يەرلىك تۈس ئالغان بولىدۇ. بۇلارنى رەتلەشكە توغرا كەلگەندە ئەمىلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ئۇنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ئومۇملىشىش ۋە ئۆزلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن شۇنى كورۇپ ئالالايمىزكى، تارىخنىڭ ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ھەر-كەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بارلىق ماددى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى بار-لىق مەنىۋى بايلىقلارنىڭمۇ ياراتقۇچىسى. ماكسىم گوركىنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا: "خەلق پەقەت ماددى بايلىقلارنى پەيدا قىلغۇچى كۈچلا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىردىن-بىر تۈگىمەس-

پۈتمەس مەنۋى بايلىق مەنبەسى، شۇنداقلا خەلق ئۆزىنىڭ قەدىمد-لىگى،گۈزەللىگى ۋە دانىشمەنلىكى بىلەن بارلىق تىراگىدىيىلەرنى، شۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ تىراگىدىيە بولغان پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى ياراتقان پەيلاسوپ ھەم شائىر.“

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىماتىك مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كوپ خىل ژانىرغا ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدە قوشاق - بېيىتلار، داستان ۋە قىسسەلەر، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، ھېكايە ۋە چوچەكلەر، لەتىپە ۋە مەسەللەر، ماقال - تەمسىللەر، تېپىشماقلار، ھېكمەتلىك سوزلەر، ئىرسالنامە ۋە رىسالىلار، ناخشا ۋە مۇزىكىلار، ھەر خىل ئەدىبى ئويۇن ۋە چاخچاقلار... بولۇپ، بۇ ھەر بىر تۈر ۋە ژانىرنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بار.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەيلى قايسى ژانىرى بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇنىڭ تىماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ:

1. ۋەتەنپەرۋەرلىك. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى خىلى كوپلىگەن ئەدەبى پارچىلاردا خەلقىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇز ئېلىنى قوغداش روھى ئەكس ئېتىپ، ۋەتەنپەر-ۋەرلىك كۈچلۈك مەدھىيىلەنگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەلۋەتتە ھەر-قايسى تارىخى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەر-ۋەرلىك تېمىسىغا قارىتا تارىخى نۇقتىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، يۇرتنى سېغىنىش، ئەلگە ئاسايىش-لىق تىلەش قاتارلىق تېمىلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ۋەتەن-پەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى. مەسىلەن: تارىخى ئەھ-مىيەتلىك "كوچ-كوچ ناخشىسى" دا چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلى-رىنىڭ 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىلى ئاھالىسىنى مەجبۇرى ھالدا ئانا ۋەتىنىدىن كوچۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تاجاۋۇز-چىلارغا قارشى قەيسەرانە بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. (تېكىستنىڭ 2-باپتىن كۆرۈڭ)

مەككىگە بارماق يارىم،
بۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنىڭ ھۆسنى يارىم،
مىڭلىغان مەككىچە بار.

قۇمۇل خەلقىنىڭ بۇ قوشىقىدىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا ئالغا سۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېخىمۇ كونكرېت ۋە مەر-كەزلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن: "ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگى-رويىڭ سامان بولماس"، "يۇرت قوغدىساڭ ئوسەر-سەن، قوغدىمىساڭ ئوچەرسەن"، "ئەل ئامان، شەرىڭ ئامان"، "ئەل ئىچى ئالتۇن بوشۇك"، "ئەرنىڭ غېمى ئەلدە"، "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئوز يۇرتۇڭدا ئولتان بول" قاتار-لىق ماقال-تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى كوز

قاراشلىرىنىڭ ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۇنى ھېساپلىنىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى كوپلىگەن ئەپسانە-رىۋايەتلەردە، ھېكايە-چۆچەكلەردە، داستان-قىسسەلەردىمۇ ئوخشاشمىغان ئۇسۇللار بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىختىن بېرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ كەلدى.

2. سىنىپىي كوزقاراش ۋە سىياسىي خاھىش. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەت ئاساسلىق سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى يالغۇز سوز سەنئەتلا بولماستىن، بەلكى ئۇ مەلۇم سىنىپنىڭ سىنىپىي قورالى بولۇپ، ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلار نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تارىخنىڭ سىنىپىي كوزقاراشلىرىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى بايلىقىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق، سىنىپىي مۇناسىۋەت كوپ تەرەپلىمە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا تارىختىن بېرى چىدىغۇسىز قاتمۇ-قات زۇلۇم، دەھشەتلىك ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاپ كەلدى، فېئودال ھوكۇمرانلار تەرىپىدىن ھايۋانلارچە خورلاندى. دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئىسكەنجىسىدە پۇت-قولى كىشەنلەندى، ئىنسانى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىندى. كۇرەشچان ۋە ئىجاتچان خەلقىمىز سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر پەيدا قىلغان بۇ ئىجتىمائى تەڭسىزلىكلەرنى ھامان ئۆزلىرىنىڭ گوزەل ئېغىز ئەدە-

ﺑﻪﻳﺎﺗﺴﺪﺍ ﺗﻮﻟﯘﻕ ﺋﯩﭙﺎﺩﻩ ﺋﻪﺗﺘﯘﺭﯗﭖ، ﺧﻪﻟﻘﯩﻤﯩﺰﻧﻰ ﻗﺎﺭﺍﯕﻐﯘ ﺟﺎﮬﺎ- ﻟﻪﺗﻜﻪ ﻗﺎﺭﺷﻰ ﻛﯚﺭﻩﺵ ﻗﯩﻠﯩﺶ ﺭﻭﮬﯩﺪﺍ ﺗﻪﺭﺑﯩﻴﻪﻟﯩﺪﻯ. ﻣﻪﺳﯩﻠﻪﻥ:

ﺋﺎﮪ ﺋﯘﺭﺍﺭﻣﻪﻥ ﺋﺎﮪ ﺋﯘﺭﺍﺭﻣﻪﻥ،
ﺋﺎﮬﻠﯩﺮﯨﻢ ﺗﯘﺗﻘﺎﻱ ﺳﯩﻨﻰ.
ﻛﻮﺯ ﻳﯩﺸﯩﻢ ﺩﻩﺭﻳﺎ ﺑﻮﻟﯘﭖ،
ﺑﯩﻠﯩﻘﻠﯩﺮﯨﻢ ﻳﯘﺗﻘﺎﻱ ﺳﯩﻨﻰ.

ﻛﻪﻳﺪﯨﻢ ﻛﯩﭙﯩﻨﻪﻙ ﺗﻮﻧﯩﻨﻰ،
ﻛﯚﻟﺨﺎﻧﺪﺍ ﻳﺎﺗﺎﺭﻣﻪﻥ ﺩﻩﭖ.
ﺋﺎﻟﺪﯨﻢ "ﻳﺎ" ﺑﯩﻠﻪﻥ "ﺋﻮﻕ"ﻧﻰ،
ﺩﯛﺷﻤﻪﻧﻨﻰ ﺋﺎﺗﺎﺭﻣﻪﻥ ﺩﻩﭖ.

ﺋﻪﻣﮕﻪﻙ ﻗﻮﺷﺎﻗﻠﯩﺮﯨﺪﺍ ﺑﻮﻟﺴﺎ ﺋﯩﺸﻠﻪﭘﭽﯩﻘﯩﺮﯨﺶ ﻣﯘﻧﺎﺳﯩﯟﻩﺗ- ﻟﯩﺮﯨﺪﯨﻜﻰ ﺗﻪﯕﺴﯩﺰﻟﯩﻜﻠﻪﺭﻧﻰ ﺋﯩﭙﺎﺩﯨﻠﻪﺵ ﺋﺎﺭﻗﯩﻠﯩﻖ، ﺋﻮﺗﺘﯘﺭﯨﺪﯨﻜﻰ ﺋﯧﻐﯩﺮ ﺋﻪﻣﮕﻪﻙ ﺷﺎﺭﺍﺋﯩﺘﻰ ﯞﻩ ﺑﯘ ﺟﻪﺭﻳﺎﻧﺪﺍ ﺧﻪﻟﻘﯩﻤﯩﺰﻧﯩﯔ ﺗﺎﺭﺗﻘﺎﻥ ﺟﻪﯞﺭﻯ- ﺟﺎﭘﺎﺳﻰ، ... ﻗﯩﺴﻘﯩﺴﻰ ﺋﯩﺠﺘﯩﻤﺎﺋﯩﻲ ﺗﯘﺱ ﺋﺎﻟﻐﺎﻥ ﺋﻪﻣﮕﻪﻛﻨﯩﯔ ﺳﯩﻨﯩﭙﻰ ﺯﯗﻟﯘﻡ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﯩﺮﻟﻪﺷﻜﻪﻧﻠﯩﻜﻰ، ﺋﻪﻣﮕﻪﻙ ﻣﯘﻧﺎﺳﯩﯟﯨﺘﯩﺪﯨﻜﻰ ﺯﯨﺪﺩﯨﻴﻪﺕ ﯞﻩ ﺗﻮﻗﯘﻧﯘﺵ ﺋﻮﺑﺮﺍﺯﻟﯩﻖ ﺋﻪﻛﺲ ﺋﻪﺗﺘﯜﺭﯛﻟﮕﻪﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﯘ ﺋﻪﻣﮕﻪﻛﭽﻰ ﺧﻪﻟﻘﻨﯩﯔ ﻗﺎﻥ- ﻳﯩﺸﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻳﯘﻏﯘﺭﯗﻟﻐﺎﻥ. ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺧﻪﻟﻘﻰ ﺋﯩﭽﯩﺪﻩ ﺑﯩﺮﻗﻪﺩﻩﺭ ﺋﻮﻣﯘﻣﻼﺷﻘﺎﻥ "ﺋﯘﺳﺘﻪﻙ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ"، "ﺧﺎﻙ ﻧﺎﺧ- ﺸﯩﺴﻰ"، "ﺳﯩﭙﯩﻞ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ"، "ﮬﺎﺭﯞﯨﻜﻪﺷﻠﻪﺭ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ"، "ﭼﺎﻕ ﺋﯩﮕﯩﺮﯨﺶ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ"، "ﺋﻮﻣﭽﯩﻼﺭ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ"، "ﺳﺎﻟﭽﯩﻼﺭ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ"، "ﭘﺎﺩﯨﭽﯩﻼﺭ ﻧﺎﺧﺸﯩﺴﻰ" "ﺩﻭﺩﯨﺸﺎﻙ ﻗﻮﺷﺎﻗﻠﯩﺮﻯ"، "ﯞﺍﻙ ﺧﻮﻟﯘ ﻗﻮ-

شاقىلىرى" قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى مەزمۇندىكى قوشاقلاردۇر.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ۋە لەتىپىلىرىدە سىياسى ۋە سىنىپىي مەزمۇن روشەن بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ئۇلاردا ئىجتىمائى تەڭسىزلىكلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىنىش بىلەنلا قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ رېيال قەھرىمانلىرى ئارقىلىق ئەزگۈچى ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئوپتىمىستىك روھ خەلقىمىزگە يۈكسەك ئۈمىتۋارلىق بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئاچكۆز بايلارنى كۈچلۈك ھەجۋى قىلىدىغان "ئۈژمە ساپىسى" دېگەن ھېكايىدا بىر تەرەپتىن، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىپ بېرىلسە، يانا بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ تەڭداشسىز كۈچى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈنۈلۈشى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە بۇ تېما تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن. "باي-بايغا باقار، سۇ سايغا ئاقار"، "ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم"، "بايدىن ئاياق سورىساڭ، ئۇ ساڭا تاياق بېرىدۇ"، "ئوڭدا ياتقان گىردە يەر، كەتمەن چاپقان جىگدە يەر"، "ياش توككىچە مۇش تۈگ" قاتارلىق كۆپلىگەن ماقال-تەمسىللەر روشەن سىنىپىي ۋە سىياسى خاھىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

3. مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك. ئۇيغۇر

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ۋە ئىنساپپەرۋەر-لىك تېمىسى چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئەلۋەتتە بەلگىلىك سەۋەبلىرى بار: ئۆتمۈشتە فېئودال-ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ چىرىك تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋە مۇس-تەھكەملەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن خىلمۇ-خىل فېئوداللىق دىنىي ئەھكاملار ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىنس-انى ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىپ كەلدى. شۇڭلا ئىنسانى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئاساسىي كۈرەش شوئارى بولۇپ، ئۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەركىن مۇھەببەت ئىستىگى سۈپىتىدە ئىپادىلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەينى تارىخىي شارائىتتا بىر خىل ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، فېئودال-لىق تۇزۇمگە ۋە ئۇنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئېتىلغان ئوق.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگەل-لەيدىغان مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ توپ ماھىيىتى فېئودالىزم ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مۇھەببەتنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى كۆرسىتىلىدۇ، ئەمگەكچىلەرگە خاس چىن مۇھەببەت كوزقارىشى بىلەن ئەكسى-يەتچى سىنىپلارنىڭ پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان ساختا مۇھەببەت كوز قارىشى سېلىشتۇرۇلىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئەركىنلىگى يولىدا ھېچنىمىدىن قورقمايدىغانلىغىدىن ئىبارەت يۈكسەك روھى ئوبراز-لىق سۈرەتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت تېمىسى ۋاپا-دارلىق ۋە ئىنساپپەرۋەرلىك بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. فېئودالى-زىم جەمئىيىتىدە ۋاپادارلىق ۋە ئىنساپپەرۋەرلىك ئەمگەكچىلەرگە

خاس ياخشى پەزىلەتنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىي-ياتىدا ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيىلىنىدۇ، ۋاپاسىز-لىققا نەپرەت بىلدۈرۈلىدۇ.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى يارقىن ئوبرازلار ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەنگەن ئەركىن مۇھەببەت كوز قارىشى، ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇرىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان "غېرىپ-سەنەم"، "تاھىر-زوھرا" "پەرھات-شىرىن"، "ھورلىقا-ھەمراجان"، "قەمەر شاھ" قاتارلىق خەلق داستانلىرىدا مۇھەببەت تېراگىدىيىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردىكى قارا تەقدىرىنىڭ ئومۇمى كارتىنىسى سىزىپ بېرىلىدۇ. ئەركىنلىك يولىدا كۈرەشكە ئاتلانغان غېرىپ ۋە سەنەمگە ئوخشاش قىز-يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان كۆچلۈك ۋاپادارلىقى ۋە ئۆزئارا چىن ئەقىدىسى مەدھىيىلىنىپ، فېئوداللىزمنىڭ ئەركىنلىكنى بوغىدىغان رەزىل ماھىيىتى چوڭقۇر پاش قىلىنىدۇ. "چىن تومۇر باتۇر"، "يېرىلىك تاشىم" قاتارلىق ھىكايە-چۆچەكلەردىمۇ فېئودال-لىق ئىدكا تۈزۈمىگە قارشى خەلقىمىزنىڭ نارازىلىقى ئەكس ئېتىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مەنىۋى كىشەننى پاچاقلاپ تاش-لاش يولىدىكى قەيسەر روھى ئۈمىدسىزلىك ھالدا كونكرېت ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

4. ئىجتىمائى ئەخلاق ۋە كىشىلىك پەزىلەت. بۇ خىل مەزمۇندىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈلگىلىرىدە بىر تەرەپتىن، ئەمگەك-چىلەرگە خاس بولغان ئالىجاناپ ئەخلاقى پەزىلەت تەرغىپ قىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەزگۈچىلەرنىڭ چىرىك ئەخلاقى پاش قىلىنىدۇ ۋە تەنقىتلىنىدۇ، كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق،

راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىپەرۋالىق، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئىسراپچىلىق، نومۇس بىلەن نومۇسسىزلىق، سەۋرى-تاقەت، چىدام-غەيرەت بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق ۋە چىدامسىزلىق، ئادەمگەرچىلىك بىلەن نائەھلىلىك، ئادىللىق بىلەن مەككارلىق، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش بىلەن ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىك، سېخىلىق بىلەن بېخىللىق، ئىشچانلىق بىلەن ھورۇنلۇق،... قاتارلىقلار ئۆز ئارا بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش كۆزقارىشى ھەققىدىكى بەزى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنى ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇشقا، ھالال ياشاشقا، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىققا، سەممى-راستچىل بولۇشقا، ئىستىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ. يەنە بەزى ئەسەرلەردە خەلق ئىچىدىكى ناچار ئىللەتلەر تەنقىتلىنىپ، كىشىلەر توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال ياشاشقا دەۋەت قىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىق، ئەقىل ۋە ئىدراك ئىلىم-مەرىپەت كۈيلەنگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىمىز. قىسقىسى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى كەڭ ۋە چەكسىز بولغاچقا، رېياللىقنىڭ ئىنكاسى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىمۇ كەڭ ھەم كۆپ تەرەپلىمەلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاس قىلىنمىغان تەرىپى يوق.

ھەرقايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىگە خاس مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكى

ئالدى بىلەن شۇنىڭدا كورۇلىدۇكى، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسۇل ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىدە بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. بۇ ئۇچ خىل سەنئەت ئېغىز ئەدەبىياتىدا كوپ ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، بىرى - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى بېيىتىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ئەدەبىياتنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش بىلەن بولغان بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسۇل، مۇزىكىغا ماھىر بولغان مىللى ئەنئەنىسىدىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا باشقا مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنى يارىتىش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، موللا زەيدىن لەتىپىلىرى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرى قاتارلىق لەتىپە ئەدەبىياتىنى يارىتىپ، دۇنيا ئەدەبىيات غەزىنىسىنى رەڭگا - رەڭ تۇسكە ئىگە قىلدى. بۇ لەتىپىلەردە ئالاھىدە خاراكتېرلىق نەسىردىن ئەپەندى، موللا زەيدىندەك رېئال ئاساسقا، رومانتىزملىق روھقا ئىگە قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلدى. بۇ ئوبرازلار ئىنتايىن جانلىق، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇلار يالغۇز مەملىكىتىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ مەشھۇردۇر.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى گۇزەل ئوبرازلىق سەنئەت. خەلقىمىزنىڭ ماددى تۇرمۇش شارائىتى، ئورپى - ئادىتى ۋە مىللى تىرادىتسىيىلىرى، ئىستېتىك كوز قاراشلىرى...ئوبراز يارىتىشنىڭ خىلمۇ - خىل سىمۋوللۇق، بەلگىلىرىنى شەكىللەندۇردى. بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىغا قارىساق، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئىجتىمائى

تۇرمۇش كارتىنىسى كونكېرىت، جانلىق ۋە ھەسسى بولغان گۈ-
زەل بەدىئى ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىگىنى كۆ-
رىمىز. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قوللىنىلغان مەجازى
ۋاستىلارنىڭ خىلمۇ-خىللىغى، رەڭدارلىغى، قويۇق مىللى پۇ-
راقىقا ئىگە بولغانلىغى قوشاقلارنى كۈچلۈك ئىجتىمايىلىققا ۋە
يۈكسەك بەدىئىلىككە ئىگە قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىدا قوللىنىلغان سىمۋول، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، مېتاپورا،
مېتونىمىيە، ئېپىتېت، سىلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش... قاتارلىق
ھەرخىل ئىستىلىستىك ۋاستىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى تۇرمۇش
ئالاھىدىلىگى بىلەن زىچ باغلانغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ ئوقۇغۇچى-
لاردا روشەن بەدىئى زوق ھاسىل قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل ژانىرلار-
نىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشىمۇ ئۇزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر-
گە ئىگە. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئومۇمەن 1-ۋە
2-مىسرالىرىدا سىمۋوللۇق ئوخشىتىشلار، تەقلىتلار بېرىلىدۇ، 3-
4-مىسرالىرىدا بولسا ئاساسىي پىكىر ۋە مەزمۇن ئوتتۇرىغا قو-
يۇلىدۇ. ھېكايە-چۆچەكلەرنى ئالساق كۆپ ھاللاردا باشلىنىشى
بىلەن ئاياقلىشىشى بىر-بىرىگە ئوخشاش تۈزۈلىدۇ. چۆچەكلەر-
نى "بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن"،
"بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا" ياكى "بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا" دەپ
باشلاش ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى
قائىدىسى.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىمۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن روشەن
مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى خەلق داستانلىرىدا نەسرى
ھەم نەزمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى قول-

لىنىلىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىكنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىخچام هالدا نەسرى يول بىلەن (بايانى جۈملىلەر بىلەن) ھىكايە قىلىنىدۇ، قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ پائالىيىتى ۋە ئىچكى، كېچىر-مىشلىرى نەزمى (شېئىر) ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يۇقۇرىقى-دەك روشەن مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈ-چۈن قىممەتلىك سەنئەت بايلىقى سۈپىتىدە خەلقىمىز ئارىسىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋاملى-شىپ كېلىپ، جانلىق، كونكرېت، ھېسسى ئوبرازلار ئار-قىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرىنى، ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىنى ھەقىقى رەۋىشتە ئىپادىلەپ بەردى.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەدىى ئىن-كاسى بولغاچقا ئۇ يۇكسەك ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭ-لاشقا ئۇلۇغ ئۇستازلىرىمىز، بۈيۈك سەنئەتكارلىرىمىز، پەيلاسوپ ۋە ئالىملىرىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجتىمائى رولىغا ئىز-چىل تۈردە يۇقۇرى باھا بېرىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس: "خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخى ھوججەت بولمىغان بىلەن خەلقلەر تارىخىنى پۈتۈنلەي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەۋرى - جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈ-چۈن بۇ ئەسەرلەرنى ئەۋەتنە (بەدىى ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسى-يىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخى ئېتنوگرافىيىلىك ماتې-

رىيال سۇپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك" دەپ كورسەتتى. ھەقىقە-
تەن ماركس ئۆزىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى پائالىيىتىنى ئېلىپ
بېرىشتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلاندى.
ئۇ ياش چېغىدا كوپ ۋاقتىنى چىقىرىپ يۇنان ۋە گىرېك
ئەپسانىلىرىنى تەتقىق قىلدى. «"سىياسى ئىقتىسات تەنقىدى"گە
رەددىيە» دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سوزىدە يۇنان ئېپىك پوئېزى-
يىلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن سەنئە-
تىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ماتېرىيالىستىك قاراشقا ئاساس يا-
رىتىپ بەردى. ئۇ ئاشۇ ئەسىرىدە: "جەمئىيەتنىڭ سىياسى ئەھۋا-
لىدىن قارىغاندا قوشاقلار مېھنەتكەش خەلقنىڭ كۈرەش جەريا-
نىدىكى جەڭگىۋارلىقىنى كورسىتىدىغان بىر ئىنقىلاۋىي سىگنال"
دېگەن ئىدى.

ئېنگېلس ئەينى ۋاقىتتا فرانسۇزلارنىڭ «مارسېلزا» دېگەن
خەلق ناخشىسىغا يۈكسەك باھا بېرىپ، بۇ ناخشىنىڭ فرانسىيەدى-
كى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدە پەيدا بولۇپ، كېيىن خەلقارا
پرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ سويۈملۈك ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى-
نى كورسەتتى. ئۇ ماركس توپلىغان «جاناب گىتمان» دېگەن
خەلق قوشىقىنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ: "خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
ھاكىملارنىڭ پەسكەشلىكى ۋە ئۇياتسىزلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى.
قوشاقلار پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئېڭىنى ۋە سەز-
گۈرلۈكىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ چىرىك تۈزۈملەرگە قارىتا جىد-
دى زەربە بېرىدىغان ۋە كۈرەش روھىنى ئۇستۇرىدىغان ئاسا-
سى قورالدۇر" دەپ كورسەتتى. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «پارتىيە
تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىدە: "دەۋرىمىز-
نىڭ كىشىلەر دىلىدىكى نازۇك تۇيغۇلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان

ئەڭ مۇھىم ماتېرىيال — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى" دېگەن ئىدى. يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرىپى ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىلغار، ئىنقىلاۋىي بولغانلىقى، روشەن خەلقچىللىقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇ تارىختىن بېرى ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى كۈچلۈك جامائەت پىكرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلدى. تارىختا ئوز قوشاقلىرى، داستانلىرى، ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۇمۇر بويى زالىملار بىلەن كۈرەش قىلغان خەلق سەنئەتكارلىرى كوپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نوزۇگۇم ئوز قوشاقلىرى ئارقىلىق مەنچىڭ ھوكۇمراتلىرى ۋە يەرلىك فېوداللار بىلەن كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنگە تىز پۈكمەي شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولغان. قەشقەرلىك بائىز ساتارچى مۇقام ئارقىلىق فېودال ھوكۇمرانلار بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) تەرىپىدىن ساتارغا باغلاپ قاراڭغۇ زىنداندا چىرىدتىپ ئولتۈرۈلگەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مېھنەتكەش خەلقلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەھۋاللىرىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭدا يەنە تارىخي ماتېرىياللارمۇ خېلى كوپ ئۇچرايدۇ. بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى بەزى ئەسەرلەر ئارقىلىق شۇ تارىخي دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلەرنى تارىخي يوسۇندا چۈشىنىپ ئالالايمىز. مۇشۇ نۇقتىدا ماكسىم گوركىي: "خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىش مۇمكىن

ئەمەس...“، ”فولكور ئەڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ۋە ئالاھىدە رەۋىشتە تارىخقا ھەمرا بولۇپ كەل-مەكتە“ دېگەن ئىدى. بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى خېلى كوپ ئەسەرلەرگە قارىساق، ئۇنىڭ تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن زىچ ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا تارىخىي ھوج-جەتلەردە خاتىرلەنمىگەن تارىخىي پائالىيەتلەرمۇ ئېغىز ئەدەبىيا-تى شەكلى بىلەن روشەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كورىمىز.

مەسىلەن: «ئوغۇزنامە» داستانى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرى-مان ئوغۇزخاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەر تارىختىكى پۈتۈن قەبىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سىم-ۋوللۇق ئوبرازى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ داستان خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تارىخىنى چۈشىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى پاي-دىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مىللىي قەھرى-مانى ۋە خەلق قوشاقچىسى «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»، «نو-زۇگۇم قوشاقلىرى»، ۋەتەنپەرۋەرلىك جاراڭلاپ تۇرىدىغان «كوچ-كوچ ناخشىسى»، «سېيىت نوچى داستانى»، تومۇر خەلپە (قۇ-مۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى رەھبىرى) توغرىسىدىكى قوشاقلار، ماتىنەي (1912—1919-يىللار قەشقەردە ھو-كۇم سۇرگەن فاشىست ھەربى ئەمەلدار) توغرىسىدىكى قوشاقلار، ياقۇپبەگ (بەدولەت) توغرىسىدىكى قوشاقلار، «چىڭ مودەن ناخشىسى»، «گۇلەمخان ناخشىسى»... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قوشاق ۋە ناخشىلار مەلۇم تارىخىي پاكىتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار شۇ دەۋر تارىخىنىڭ بەدىي ئىنكاسى ھېساپلىنىدۇ. ئېنىگلىس

يۇنان خەلق داستانلىرىدىن «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا»نى مىسال كەلتۈرۈپ: "...بۇ داستانلار يۇنان خەلقىنىڭ قەبىلىۋى جەمئىيەت-تىكى ئومۇمى تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بەردى" دېگەن ئىدى. "ئوغۇزنامە"نىڭ ئاساسىي قىسمىنىمۇ خۇددى دۇنيادىكى ئاشۇنداق قەدىمقى داستانلارغا ئوخشاشلا خەلقىمىزنىڭ ئىپتىد-دائى جەمئىيەتتىكى ئومۇمى تۇرمۇش ھالەتلىرىنى تارىخىي ھالدا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە.

دېمەك، خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە چۈشەن-نىشتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىزنى پايدىلىق تارىخىي ماتېرى-ياللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم غەزنە ھېساپلانغاچقا، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشى، قانۇن-تۈزۈملىرى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەخلاقى-پەزىلەتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدىغان جا-ھاننامە دېيىشكە بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇ-رۇش ۋە ئوستۇرۇشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر يازما ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، ئوسۇش ۋە تەرەق-قى قىلىش تارىخىي شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبى-ياتى ھامان "يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى" بولۇپ، ئۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىش، ئىلھاملىنىش ۋە ئۆگىنىش ئا-ساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ژانىرلارنىڭ ئوزگىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خەلقنىڭ ئىپتىدائى قوشاقلىرى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس يارىتىپ بەر-گىنىگە ئوخشاش، قەدىمقى رىۋايەت-چوچەكلەردىن ھازىرقى زا-مان پروزىسى؛ داستان، قىسسەلەردىن ھېكايە، رومانلار؛ خەلق ئېيتىشلىرىدىن سەھنە ئەسەرلىرى... بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مىللى ئەدەبىيات شەكىللىرى ئاساسەن
شۇ خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرىدىن پەيدا بولدى.
ئومۇمەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بايلىقلاردىن مەشھۇر يازغۇ-
چى، شائىرلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى ھەۋەسكارلارغىچە ئۆز
ئىجادىيەتلىرىدە خام ئەشيا سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلدى. ئەدەبى-
يات تارىخىغا قارىساق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلاتلى-
رىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپ ئۇچ-
رىتىمىز. يازما ئەدەبىيات مەھسۇلاتلىرىدىن مۇنداق ئىختىيارىچە
خام ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ستا-
لىن: "پەقەت خەلققىلا مەڭگۈ ئۆچمەس، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ
ھەممىسى ۋاقىتلىق، خەلققىلا مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مەۋ-
جۇت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى تولۇق مۇكەممەللەشكەن ۋە
بەدىئىيلەشكەن بولۇپ، دائىما ئىلھاملاندۇرىدىغان تۈگىمەس-پۈت-
مەس مەنبەدۇر" دېگەن ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ يولداش
چېن يىغا «شېئىرىيەت توغرىسىدا يازغان خېتى»دە: "خەلق قوشاق-
لىرىنىڭ ھەرھالدا بىرمۇنچە ياخشىلىقى بار. كەلگۈسىدە بارا-
بارا خەلق قوشاقلىرىدىن ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىپ كەڭ كىتاپ-
خانلارنى جەلپ قىلىدىغان بىر يۈرۈش يېڭىچە شېئىرلارنىڭ
مەيدانغا كېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن" دەپ كۆرسەتتى.

ھەقىقەتەن، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئىچىدە بىزنىڭ ئۆ-
گىنىشىمىزگە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، بولۇپ-
مۇ بەدىئى ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئوبراز يارىتىش ۋە بەدىئى
تىل ئالاھىدىلىكلىرى، شەكلى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىچىلىك
قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەر بىزنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى قوز-
غايدۇ. گوركى شۇنىڭ ئۈچۈن: "ياش يازغۇچىلار ھەمىشەم

خەلق ئەدەبىياتىغا مۇراجەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى ئۇلارنى تىل مەسىلىسىدە ئاددىلىقتا ۋە يىغىنچاقلىقتا ئۆگىتىدۇ. سۆزنىڭ ئاددىلىقىدا ئەڭ ئۇلۇغ دانىشمەنلىك بار؛ ماقاللار بىلەن ناخشىلار ھەرقاچان قىسقا بولىدۇ، ئەمدى ئۇلاردىكى ئەقىل ۋە سېزىم بولسا پۈتۈن بىر كىتابقا تېگىشلىك" («ھەۋەسكارغا خەت») دەپ كۆرسىتىپ، ياش يازغۇچىلارنى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئىدى. گوركىي ئۆزىمۇ ئىجادىيەتكە قەدەم بېسىشتىن بۇرۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىغان بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدە مومىسى ئاكولىنا ئىۋانوۋنادىن نۇرغۇنلىغان خەلق چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ چۆچەكچى مومىسى توغرىلىق يازغان خاتىرىسىدە: "ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشتىن ئىلگىرى مەن خۇددى بىر قاراڭغۇ جايدا ئۇخلاپ ياتقان ئىدىم، ئۇ كېلىپ مېنى ئويغاتتى ۋە يورۇقلۇققا چىقاردى" دېگەن ئىدى. گوركىي يەنە ئالېكسى پوشكىننىڭ ئۇلۇغ رۇس مىللىي شائىرى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەنلىكىدىن ئىبارەت، دەپ مۇقىملاشتۇرغان ئىدى. بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلىسەك بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

"شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك" ئەدەبىيات-ئەت يارىتىش پىرىنسىپى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مەركەزلىك ھالدا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتى. بۇ دېگەنلىك دەۋرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مەزمۇنلىرىنى شۇ مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەش كېرەك دېگەنلىك. خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكلى ئەنئەنىلىك مىللى شەكىل بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى.

ھالبۇكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ زور كۆپچىلىگى قەدىمقى تارىخى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن ئەلۋەتتە تارىخى چەكلىمىگە ئىگە. ئۆتمۈش كونا جەمىيەتتە فېودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى ھامان ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئىدىيە بولغاچقا، ئېغىز ئەدەبىياتى ئارىسىغا بەزى ساغلام بولمىغان ئىدىيىۋى خاھىشلارمۇ ئارىلىشىپ قالغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى مۇنداق پاسسىپ ئامىللارغا قارىتا، تارىخى ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەر بويىچە، ئەينى تارىخى شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم ۋە شۇ ئاساستا "قەدىمقى فېودال - ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى قەدىمقى دېموكراتىيىلىگى ۋە ئىنقىلاۋىلىغى بولغان گۈزەل خەلق مەدەنىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز" لازىم. (ماۋزېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش توغرىسىدا

ماكسىم گوركى: "ئۆزەڭلارنىڭ فولكلورۇڭلارنى توپلاڭلار ۋە ئۆگىنىڭلار" دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقى ھالدا خەلقىمىزنىڭ روھى مۈلكىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئەمگەكچى خەلق

ئاممىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش، ئاممىنىڭ ھېسسىياتى، پىكىر ۋە ئىرادىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئامما ئىچىدىكى خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئويغىتىش ھەم ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى ھېساپلانغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە كۆڭۈل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئوزۇقلىنىش لازىم.

ئۇيغۇر خەلقى ئېغىز ئىجادىيىتىگە ئىنتايىن باي بولغان خەلقلەرنىڭ بىرى. خۇددى "گۇاڭمىڭ رىباۋ"نىڭ 1954 - يىل 1 - ئايدىكى بىر سانىدا كۆرسىتىلگىنىدەك: "شىنجاڭ ھەقىقى مەنىسى بىلەن ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ غەزىنىسىدىن ئىبارەت"، شۇڭا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەدىمدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئاتاغلىق ئەدىپلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاپلا قالماستىن، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ ("خەن سۇلالىسى تارىخى—غەربىي رايون تەزكىرىسى") تاڭ، سۇي ۋە چىڭ سۇلالىلىرىغىچە كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلدى. "كۆللى تاڭ نەزمىلىرى"، "قەدىمقى ۋە ھازىرقى ئىشلار تەپسىرى"، "جىن كىتاۋى مۇزىكا تەزكىرىسى"، خۇيلىننىڭ "مۇزىكا تەزكىرىسى"، جىن شاۋسۇن: "غەربىي زېمىن ھەققىدىكى شېئىرى تەسىراتلار"، "شىيۇي تۇجى"... قاتارلىق كىتاپلاردا بۇ ھەقتە ئىنىق بايانلار بار.

چەتئەللەردە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە

تەتقىق قىلىش 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ زور دولقۇنغا ئايلاندى. چەتئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېلىپ بارغان ھەر خىل ئارخېلوگىك تەكشۈرۈشلىرىنىڭ ئاساسى نۇقتىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت تارىخى يادىكارلىقلار بولدى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللىگەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەزى قەدىمقى ئۈلگىلىرىنى ھەر خىل تىللاردا دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇردى. مەسىلەن: مارتىن ھورتماننىڭ 1915 - يىلى ئېلان قىلغان «"تۈركى تىللار دىۋانى" دىكى ئەدەبى پارچىلار» دىگەن كىتاۋى كورولىزادە فوئاتنىڭ «"تۈركى تىللار دىۋانى" ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ 20 - ئەسىرلىك تارىخى» (1915 - يىل)، كارىل بروككىلمانىڭ «قەدىمقى تۈركىستان خەلق ئەدەبىياتى»، (1923 - 1924 - يىللار)، نەجىپ ئاسىمنىڭ «قەدىمقى ماقال ۋە قوشاقلار» (1920 - يىل)، جوزەيىنىنىڭ «قەدىمقى شېئىردىيەت"» (1927 - يىل)، ئەخمەت كامالنىڭ «قەدىمقى تۈرك فولكلورى» (1929 - يىل)، فىترەتنىڭ «قەدىمقى تۈرك خەلق ئەدەبىياتى»، (1927-يىل)، مالوپىنىڭ «قەشقەر خەلق قوشاقلىرى» (1948 - يىل)، «ئۇيغۇر يېزىغى»، (1950 - يىل)، ئەلى ئۇلىۋىنىڭ «"دىۋان لۇغەت تۈرك" دىكى خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللەر» (1935 — 1937 - يىللار) ... قاتارلىق كىتاپلىرىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئۈلگىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ توركىلوگلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تېخىمۇ يېقىندىن قىزىقماقتا.

لېكىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پۈتمەس - تۈ-

گىمەس غەزنىسىنى تولۇق قېزىپ، ئۇنىڭدىن مۇكەممەل ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش پەقەت بىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىلا تولۇق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولالايدۇ. بىزدە ئەترابلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئازاتلىقتىن كېيىنلا باشلاندى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئەكسىيەتچى ھوكۇمران گۇرۇھلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلەشكە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ يوقىتىۋېتىشكە ئازلا قالغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە زور ئەھمىيەت بېرىلگەچكە بۇ ساھەدە كوزگە كورۇنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. داۋاملىق ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ئۇلگىلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئاممىغا تونۇشتۇرۇلغانىنىڭ سىرتىدا مەخسۇس توپلاملار ئىشلەندى ۋە بەزىلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇلدى. خەلق سەنئەتكارلىرىغا ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىندى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق "12 مۇقامى" ئاتاغلىق خەلق سازەندىسى مەرھۇم تۇرداخۇن ئاكا ۋە روزى تەمبۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقىپ، تولۇق نوتىلاشتۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدىنىيەت غەزىنىسىگە بىر زور توھپە بولۇپ قوشۇلدى.

لېكىن، لىن بياۋ ۋە لەنىتى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ مەدىنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ۋە فاشىستىك دىكتاتۇرىسى ئاستىدا

باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىمۇ ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىر يولىلا ئىنكار قىلىپ، تارىختا كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايى شۇملۇقلارنى ئىشلىدى. لىن بياۋ ۋە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ ئاغدۇرۇلۇپ تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى قايتىدىن قولغا ئېلىندى.

شۇنىسى ئېنىقكى، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ھېلىمۇ مول ۋە رەڭگا-رەڭ ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا. نۆۋەتتە خەلقىمىز بۇ ئالتۇن كانىنى تولۇق قېزىپ چىقىرىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشى ۋاقىت خاراكتېرىغا ئىگە بىر خىزمەت بولغاچقا، كېچىكتۈرگەنسېرى يوقىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدۇ. چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بايلىق ھېساۋىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ياشىنىپ قالغان كىشىلەر، بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاشۇ كىشىلەرگە يۆلىنىشكە، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشى سەمىمىيەتلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ئىلمى خىزمەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنى توپلىغۇچىلار ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلىگە سادىق بولۇشلىرى كېرەك، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى بويىچە ئەسلى نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى خالىغانچە پىششىقلاپ ئىشلەشكە

بولمايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ
يۈرگەچكە ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولۇشى تەبىئى. بۇن-
داق ئەھۋالغا دۇچكەلگەندە، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن
رەتلەش جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەشكە يول
قويۇلىدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىجادى ئەمگىكىگە ھور-
مەت قىلىش پىرىنسىپى ئاستىدا مۇمكىن قەدەر ئەسلى بەدىئى
شەكلىگە سادىق بولۇش كېرەك ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپ-
لاش ۋە رەتلەش تېخنىكىسىغا ئائىت بولغان ساۋاتلارنى پۇختا
ئىگەللەپ، باشتىن ئاخىر تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق كۆز-
قاراشنى يېتەكچى قىلىش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، يې-
پەك يولىنىڭ ئىجاتچىسى، مەشھۇر تارىخىي شەخس جياڭ چيەن
شىنجاڭغا قىلغان ساياھىتى ئارقىلىق "موقىدول موقامى"
نى چاڭئەنگە ئېلىپ كەتكەندىن تارتىپ، تاكى "خەلق گۇگشى-
سى ياخشى" دىگەن ئۇشاق مۇقامى ئاساسىدا ئىشلەنگەن سەھنە
مەشرىپىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا زور ئالقىشقا ئىگە بولۇشىغىچە
ئۆتكەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز-
نىڭ ياراتقان قىممەتلىك ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرىنى تولۇق
قازغىلى ۋە ئۇنىڭدىن مۇكەممەل ئىلمىي يەكۈن چىقارغىلى
بولىدۇ.

## 1 - باپ

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگىراپىك شەكىللىرى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى باي، شەكلى خىلمۇ-خىل، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، ۋارىسلىق خاراكتېرى كۈچلۈك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى چوڭ. مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشتىكى مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئەت ۋە جەمىيەت توغرىسىدىكى تونۇشى، تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلىرى، سەنئەتكە بولغان خىلمۇ-خىل ھەۋەسلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تۈرلۈك ئېتنوگىراپىك شەكىللىرىنى ياراتتى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل ئېتنوگىراپىك شەكىللىرى—ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يارىتىلىشى، تەرەققىي قىلىشى، دەۋردىن-دەۋرگە كۆچۈشى ۋە تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلىشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئېتنوگىراپىك شەكىللەرنىڭ بەلگىلىك قائىدە-يوسۇنى بار. بۇنى خەلق

ئىختىيارى ئۆيۈشتۇرۇپ، تەدرىجى ھالدا مىللى سەنئەت ئادىتىگە ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگراپىك شەكىللىرىنى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئامىمۋى، مىللى تەشكىلى شەكلى، كورەك سەھنىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل ئېتنوگراپىك شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس، مىللى ئالاھىدىلىگىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ خىل مىللى ئېتنوگراپىك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئامىمۋى ئىجادىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئېتنوگراپىك شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - قارلىق — قارلىق ھەر يىلى دەسلەپكى ياققان قارنىڭ شەرىپىگە ئۆيۈشتۇرۇلغان ئەدەبى مۇراسىم بولۇپ، ئۇ ئادەتتە:

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بىز بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خوشلۇغىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

دىگەندەك قوشاقلار يېزىلغان قارلىق خېتى تاشلاش بىلەن باشلىنىدۇ. قارلىق ئويۇنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمى ئېتنوگراپىك شەكىللىرىنىڭ بىرى، بۇ ئويۇننىڭ

دەسلەپكى ياقىقان قارنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغانلىغى بىزگە شۇنى ئۇختۇرىدۇكى، كىشىلەر بىر يىللىق تىرىقچىلىقنى يىغىش-تۇرۇپ بولۇپ، ھاردۇق ئېلىش، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش كۆلپەتلىرىنىڭ ئازاۋىنى روھىي جەھەتتىن يېڭىش، قىش-تىن ئامان-ئېسەن چىقىپ، كېلەر يىللىق تىرىقچىلىقنىڭمۇ ئاسايىش-لىق بولۇشىنى، ئاق قاردەك يورۇق، ۋە كوڭۈللۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشتىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر خەلقىدە ئۇزاق تارىختىن بۇيان (ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنلا) ئاق نەرسىلەرگە (قار، ئاپتاپ، ئاق چېچەك ۋە باشقىلارغا) بىر خىل سىغىنىش ئادىتى بولۇپ، ئۇلار بۇنى بەختنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، ئوڭۇشلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسەۋ-ۋۇر قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى»دا مۇنداق بىر كۇبلىت قوشاق بار:

تۇرلۇك چىچەك يارىلدى،
بەرچىم يازىم كىرىلدى،
ئوجاق يىرى كورۇلدى،
توملۇغ يەنە كەلگۇسىز.

(خىلمۇ-خىل گۈل-چېچەكلەر ئېچىلدى، يىپەك گىلەم يېيىلدى، جەننەتتەك يەر كورۇندى، سوغاق ئەمدى كەلمەيدۇ.)
روشەنكى، خەلق ئاق چېچەك بىلەن ئاق قارنى بەختنىڭ، ئاسايىشلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. قارلىق ئويۇنىمۇ خەلقنىڭ ئا-زاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ، توقچىلىقنى، ئوڭۇشلۇقنى تىلەش ئارزۇسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئىپادىلىنىشى.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغە ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن قارلىق ئويۇنىغا ئىسلام ئەقىدىلىرى سىڭدى. قارغا بولغان سىغىنىش، قارنى توقچىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراش ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، رەھمىتى دەپ قارىدى. مەسىلەن:

هەقتى ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتىدىن بەندىلەرگە پەيزىلىتىن قىلدى ئاشكار.
قىش بولسا ئالەم خەلقىغە رەسمى بولۇپتۇ قائىدە،
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق قەدىمىدىن بارۇ-بار.

گەرچە قارلىق ئويۇنىغا خىلمۇ-خىل دىنى ئەقىدىلەر تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكلى سۈپىتىدە، دەۋردىن-دەۋرگە كۆچۈپ، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ ساقلىنىپ كەلدى.

قارلىق ئويۇنى (بەزمىسى) مۇنداق ئوتىدۇ: دەسلەپكى قار ياققان كۈنى كىشىلەر (بىر قانچىسى ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ) كوڭلى خالىغان بىر يېقىن ئادىمىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن ھالدا قارلىق خېتى تاشلايدۇ، بۇ خەت ئاساسەن شېئىر بىلەن يېزىلىدۇ. قارلىق تاشلىغۇچىلار بۇ قارلىق خېتىدە، ئالدى بىلەن قارلىق تاشلىنىدىغان كىشىنى ياكى شۇ ئائىلىنى يېڭى قار بىلەن قۇتلۇقلايدۇ. ئاندىن قارلىق بەزمىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى بايان قىلىپ، قارلىق شەرتى بويىچە بەزمە كېچىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قارلىق تاشلانغان كىشى ياكى ئائىلە قار-

لىق خېتىدىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولالمىسا، قارلىق تاشلىغۇ-چىنىڭ نامىغا بەزمە كېچىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. مۇبادا ۋاق-تىدا تۇيۇپ قالسا، خەت تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالىدۇ. ھەتتا يۈزىگە قارا سۈركەپ ياكى پاتقاق سۈرتۈپ ئات ئۇلاققا تەتۈر مىنگۈزۈپ، ئۇ-زىنىڭ ئۆيىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. نەتىجىدە تۇتۇلۇپ قالغۇچى تۇتۇپ ئالغۇچىنىڭ نامىغا قارلىق بەزمىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ بەزمىدە ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلگەن ئويۇننى كۆرسىتىدۇ. شېئىر-ۋە بېيىتلار ئوقۇلىدۇ، ساز-نەغمىلەر چېلىنىدۇ، لەتىپىلەر سۆزلىنىدۇ.

قارلىق بەزمىسىدە ھەركىم ئۆزىگە لايىق داستىخان سالىدۇ. مۇھىمى ئەدىبى ئويۇن ئاساس قىلىنىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش يىرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ. قارلىق بەزمىسىنىڭ داستىخىنى كەم-بەغەللەر ئارىسىدا ئاددى بولىدۇ. قارلىق بەزمىنىڭ شەرتلىرىدە كىشىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيناپ قويماسلىق شەرت قىلىنىدۇ، بۇ، قارلىق خېتىدىمۇ ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرۈر،
تاپمىغىنى چوجە-غوراز.
تاپقىنى گۆل كەلتۈرۈر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.

بايلار ئارىسىدا بولسا قارلىق ئويۇنى ئەيشى-ئىشرەت بەزمىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قارلىق خەتلىرىگە بەزمىنىڭ شەرتلىرى تەرىقىسىدە پۈتۈلىدۇ.

مەسىلەن: غەم قىلمىغىن ئامەتتىن، جابدۇق ھەممە تەييار دۇر،
مىلىڭ شۈكرى ئالەم توقچىلىق، ئاش - نان دى -
گەن كەڭرى بار.
قوتاندا قوي، تاغاردا ئۇن، ساندۇقتا پۇل، خىز -
مەتتە قۇل،
لازىملىغىدۇر يەل - يېمىش، قەندۇ - شېكەر با -
زاردا بار.

..............................................

قارلىق بەزىسى ھازىرمۇ بەزى جايلاردا ئانچە - مۇنچە ئۆتكۈ -
زۈلۈپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلانى -
ماقتا.

2 - نورۇز — نورۇز يېڭى يىلنى ۋە باھارنى قارشى ئېلىش
بايرىمىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى كونا يىل بىلەن خوشلىشىش، يېڭى
يىلنى قۇتلۇقلاش، باھارنىڭ ئاسايىشلىق ۋە توقچىلىق ئېلىپ
كېلىشىنى ئۈمىت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەزمۇن نورۇز قوشاق -
لىرىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

نورۇز كەلدى جاھانغا، جاھان بولۇر ئەرزانلىق،
باغدىلەر ئابى نىسان① بۇغدايلار بولۇر دانلىق،
ئاچ ئورۇق ھەم كەمبەغەل بارچىسى بولۇر جانلىق،
نانغا تويۇپ ھەر گاھار ئويىدە قىلۇر خانلىق،

---

① ئابى نىسان—باھار يامغۇرى. نورۇز بايرىمىغا ئاتاپ تەييارلىنى -
دىغان ئاشنىمۇ "ئابى نىسان" دەپ ئاتايدۇ.

توخۇلار تۈخۇم بېسىپ چوجىلەر كۈندۈر بۈگۈن.
كەلدى نورۇز يىل بېشى كەتتى كوڭۈلنىڭ چىركىنى،
نورۇز دىبان كېلورلار خوتۇنلارنىڭ توركىنى،
گۈللەر قىسىپ قىز - ئوغۇل ئەگرى قويار بوكىنى.
مەجلىس قىلىپ ئوينىشار ئاچۇر كوڭۈل مۇلكىنى،
قايغۇ - مىھنەتلەر كېتىپ يايرىشار كۈندۈر بۈگۈن.

نورۇز بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ھەر خىل ئويۇنلارمۇ قىشنى قوغلاش (زۇلمەتنى قوغلاش) باھارنى (ئاسايىشنى) كۈتۈۋېلىش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، نورۇز بايراملىرىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ ئاخىرىدا ھەربىر يۇرت ۋە مەھەللىلەردىن كەلگەنلەر بىر ئادەمنى قىش بوۋاي قىلىپ ياسايدۇ. بىر مەھەل ئويۇن بولغاندىن كېيىن، قىشلىق كىيىملىرىنى يېشىندۇرۇپ، يېڭىلىك كىيىملەر بىلەن باھارنى كۈتۈۋالىدۇ. سوغاقنى مانا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ھەيدەيدۇ. بەزى رايونلاردىكى نورۇز بايراملىرىدا (خوتەن قاتارلىق جايلاردا) مەخسۇس يولۋاس ئويۇنى ئوينىلىدۇ. بىر كىشى يولۋاس شەكلىدە ياسىنىپ، 2 دانە خوتەن تەلپىكىنى قولاق قىلىدۇ. 4 پۇتلۇق بولۇپ يولۋاس ھەركىتىنى قىلىدۇ. بىر كىشى قولىدا قىزىلگۈل تۇتۇپ يولۋاسنى ھەر خىل ئۇسۇلغا سالىدۇ. ساز ئورنىدا يەرلىك قويچى راۋابى بىلەن داپ چېلىنىدۇ. ئاخىرىدا يولۋاس ئويۇنى ئوينىغان كىشى كىيىملىرىنى يېشىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىزىلگۈل تەقدىم قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوغاقنى ھەيدەپ باھارنى قارشى ئالىدۇ، بەزى رايونلاردا نورۇز بايراملىرىدا ئارغىماق ئويۇنى ئوينىلىدۇ. بۇنىڭدا بىر كىشى ياغاچ ئارغىماق بىلەن

بايرام كىيمىلىرىنى كىيىپ ئۇسۇل ئويناپ مەيدانغا كىرىدۇ. بۇنىڭغا نەي تەڭكەش قىلىنىدۇ، بۇمۇ بىر خىل باھارنى كۈتۈۋېلىش ئويۇنىدۇر.

نورۇز بايرىمى خىلى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپ ئىرادىن بۇرۇنلا شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم. نورۇز بايرىمى قەدىمقى زاماندا ئۇيغۇر خەلقى جۈملىدىن ئوزبېك، قازاق، قىرغىز قاتار-لىق تۈركى خەلقلىرى ئىچىگە كەڭ تارقىلىپلا قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى باشقا مىللەت تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەت-كەن. ئۇرغۇن خەنزۇ تارىخچىلىرى ۋە يازغۇچى-شائىرلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغان. مەسىلەن: تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخ-چىسى خۇيلىن «مۇزىكا تەزكىرىسى» دىگەن كىتاۋىدا نورۇز باي-رىمىدا ئوينىلىدىغان ئۇسۇللار ھەققىدە توختىلىپ: ”تۇلپار ئۈستىدە ئوينايدىغان خونىتو ئۇسۇلى، سالىما تاشلاش، باتوداھەن (ھايۋانلار قىياپىتىدىكى ئويۇن)لار، گۈيزى (كۇچار) ئۇسۇلى ئوي-نىلاتتى، بۇنى يەرلىك تىلدا ’سوموز‘ ئويۇنى دەپ ئاتايتتى“ دەپ يازغان. ئۇ يەنە ”مۇشۇ خىل كىرىمچىلىك ئويۇنلىرى ئارقىلىق، جىن-ئالۋاستىلار ھەيدىلىپ، خەلق بېشىغا كەلگەن ئاپەت قوغلىناتتى“ دىگەن. ئۇ يەنە بۇ ئويۇنلار يېڭى يىلدا 2-ئاينىڭ 8-كۈنى ئوينىلىدىغانلىقى، شۇ كۈنى ئەر-ئايال كۈن-تۈن ناخشا-ئۇسۇل بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ خاتىرىلەر بىزنىڭ نورۇز بايرىمىنىڭ خىلى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى ۋە تەسەۋۋۇرىمىزنى كۈچەيتىدۇ.

نورۇز مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قائىدە-يوسۇنلىرى مۇنداق: يىلنىڭ ئاخىرى كىشىلەر يېڭى يىل ۋە باھار شەرىپىگە تۈرلۈك قوشاق ۋە بېيىت ( ”نورۇزنامە)

لارنى تەييارلايدۇ. نورۇز كىرگەن كۈنى كىشىلەر يۇرت بويىچە (بىر كەنت ياكى بىرەر يېزا بويىچە، قەدىمقى زاماندا بولسا، ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە) بىرەر جايغا، كوپۈنچە ئىبادەت ئورۇنلىرىغا، بازار بولىدىغان جايلارغا يىغىلىشىدۇ. تۈرلۈك ئويۇنلار بولىدۇ. شائىر ۋە قوشاقچىلار شېئىر ۋە قوشاقلارنى توقۇشىدۇ. ناخشىچى ۋە سازەندىلەر نەغمە-ناۋا قىلىشىدۇ. ئۇسۇلچىلار ئۇسۇل ئوينايدۇ. مەدداھلار خەلق داستانلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ. قىز-يىگىتلەر نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن شېئىر ۋە قوشاقلار ئارقىلىق بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدۇ. مەكتەپ بالىلىرىمۇ ئوزئارا سەپ تۈزۈپ نورۇز ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار گۈللۈك ياغاچلارغا يېزىلغان نورۇزنامەلارنى كوتىرىشىپ، بىر-بىرى بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. مۇنداق نورۇزنامىلار ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم-مەرىپەتكە ئۈندەيدۇ. مەسىلەن:

كېلىپ تۇر خوش مۇبارەك، ئۇشبۇ كۈن يارانلار-يارانلار،
ئەجەپ مۇزلۇق دەرەخلەرنى يارار كۈن-كۈندە بورانلار.
تەرەددۇت بىرلە مەكتەپتە ئوقۇڭ ئوقۇغانلار، ئوغلانلار،
بولۇرسىز بىر كۈنى ئالەمدە زور ئىنسانلار، ئوغلانلار.

يەنە مەسىلەن:

كەلدى نورۇز بارچىگە، ئالەم مۇنەۋۋەردۇر يەنە،
بارچە گۈللەر، ئاچىلورلەر، ھەمدۇ بوستاندۇر يەنە.
ئى ئاتا خىزمەت قىلىڭ ئۇستازىمىزگە ئىلمى ئۈچۈن،
ئىلمى ئوقۇتقان بەندىلەر جەننەتتە جەۋلان ئەيلىگەي.

نورۇز بايراملىرىدا جامائەتنىن يىغىش قىلىپ چوڭ داش قازان ئېسىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئۆز جامىسىنىڭ يېتىشچە نورۇز ئېشى تەييارلاپ (نورۇز ئېشى كوپۇنچە بۇغداي كوجەسى ياكى ئۇماش بولىدۇ) جامائەت مۇراسىمىغا ئۆزى ئېلىپ بارىدۇ. نورۇز ئېشىنى "ئابى نىسان" (Abinesan) دەپ ئاتايدۇ.

نورۇز — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتىنىك شەكلى بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان. هازىرمۇ خوتەن قاتارلىق ئايرىم جايلاردا بۇ ئويۇن داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

3. سەيلە — بۇ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا خاس بولىغان ئاممىۋى خاراكتىرلىق كوڭۇل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. ئۇنىڭ پەسلى خاراكتىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، قەدىمدىن تارتىپ چوڭ ـ كىچىك بولۇپ هەر يىلى 3 قېتىم—باهار، ياز، كۇزدە سەيلە ئوتكۇزۇلۇپ كەلگەن.

بىرىنچىسى، قىزىلگۇل سەيلىسى. بۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن، تېرىلغۇ ئەمگىكىنىڭ هاردۇغى سۇپىتىدە 5 ـ ئايدا ئوتكۇزۇلىدۇ.

ئىككىنچىسى، باغ سەيلىسى. بۇ يازلىق مىۋە پىشقان، بۇغداي سېرىق تال بولىغان مەزگىللەرگە (6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا) توغرا كېلىدۇ.

ئۇچىنچىسى، قوغۇن سەيلىسى. بۇ يازلىق زىرائەتلەر ئېلىنىپ بولىغان، كۇزلۇك تېرىلغۇنىڭ ئالدىدا (قوغۇن پىشقاندا

9 ـ ئايدا) ئوتكۈزۈلىدۇ.

ھەر بىر سەيلىنىڭ ۋاقتى بىر ھەپتىدىن ئۈچ ھەپتىگىچە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىلگۈل سەيلىسى بىلەن قوغۇن سەيلىسى چوڭ داغ ـ دۇغا بىلەن ئوتكۈزۈلىدۇ. كولىمى كەڭ، بىر شەھەر ياكى بىر ۋىلايەت بويىچە بولىدۇ.

سەيلىنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. بەزى تارىخى ھوججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار قەبىلە بولۇپ ياشاۋاتقان دەۋرلەردىمۇ قەبىلىلەر بويىچە يىلدا 3 قېتىم (باھار، ياز، كۈز) سەيلە ئويۇشتۇرۇلغان. بۇسەيلىلەردە ھەر خىل ئەدەبى پائالىيەتلەردىن باشقا ئوغلاق تارتىش قاتارلىق ئويۇنلارمۇ بولغان. قەبىلە باشلىقلىرى بۇ سەيلە بايراملىرىنى ئۇرۇشقا سەپەۋەر قىلىدىغان، قەبىلىگە ئائىت چوڭ ئىشلارنى ئوختۇرىدىغان سورونلارغا ئايلاندۇرغان.

سەيلىنىڭ ئىجتىمائى خاراكتىرى كۈچلۈك، دائىرىسى كەڭ، سەيلە مەزگىلىدە كىشىلەر بىرەر چوڭ شەھەرنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىغا، ياكى مۇھىم خاتىرە ئورنىدىكى جايلارغا ئالدىن تەييارلىنىپ، ياخشى كورگەن كىيىم ـ كىچەكلىرىنى كىيىشىپ، ئوزۇق تۈلۈكلىرىنى جوندەپ كېلىشىدۇ. سەيلە مەيدانلىرىدا راۋاپچىلار قوشاق ۋە داستانلارنى ئوقۇيدۇ. مەدداھلار ھىكايە سوزلەيدۇ، داۋازلىق، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ، نەغمە ـ ناۋا قاينايدۇ.

سەيلىلەر ئىچىدە قىزىلگۈل سەيلىسىنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىگى بار، خىلىمۇ كوپ. ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىگى شوكى: سەيلە باشلىنىش بىلەنلا قىز ـ يىگىتلەر يېڭى ئېچىلغان گۈللەردىن گۈلدەستە تەييالاپ بىر ـ بىرىگە سۇنىشىدۇ. قىزىل

گۈل مەدھىيىسى ئارقىلىق ئۇزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدۇ.

مەسىلەن: ئاق تىكەندىن شىكەر ئالدىم،
كوك تىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۈل.

دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى بەرگى بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن تېخى ۋەدەم بىلەن.

يەنە مەسىلەن: ئىشىك ئالدىڭ گۈلزارلىق،
قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم،
قىزىلگۈل ئاچىلىپ قاپتۇ،
قايان كەتتىڭ تولۇن ئايىم.

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز،
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ.
كىشى كورۇپ قالمىسۇن دەپ،
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ.

ئاھ ئۇرۇپ مەن گۈلنى سۇندۇم،
خوش كورۇپ ئالۇرمۇ دەپ،

مېھىر باغلاپ كوڭۇل بەردىم،
مېھرىۋان بولۇرمۇ دەپ.

يىراق جايلارغا بولسا گۈل دەستىلەر ئەۋەتىشىدۇ. قىزلار خالىسا گۈلنى چېكىسىگە قىستۇرۇپ ئالىدۇ. خالىمىسا قايتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ گۈلدەستىلەر بىلەن پىراقنامىلەر ئەۋەتىدۇ، بەزىدە گۈلدەستىلەر بىلەن قوشۇپ سامان دانلىرىنىمۇ ئەۋەتىدۇ.

گۈل بولسا ئەۋەتكۈچىنىڭ سۆيگۈ ئۈمىدى بولۇپ، سامان بولسا "سېنىڭ دەردىڭدە ياكى سېنى سېغىنىپ چىرايىم ساماندەك ساغىرىپ كەتتى" دىگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇھەببەت نامە قىلدى بۇ گادايىڭ،
دىگەچ قۇللۇق سالام بىرلە دۇئايىڭ.
مېنىڭدە قالمىدى سەبرو - قارارىم،
سېنىڭ ھالىڭ نىچۇك ئەي مېھرىۋانىم.
بايان قىلسام ساڭا بۇ ئارزۇ - ھالىم،
قېشىڭغا بارغىلى پىكرى - خىيالىم.
ئۆزەم مۇنداق خىيالىم سەندە يايىرىم،
ساڭا مەلۇم ئەمەس بۇ مېنىڭ ھالىم.
ئەگەر بىلسەڭ بۇ ھالىمنى نىگارىم،
ساماندەك ساپ - سېرىق بولدى چىرايىم،
سېزىپ كەتتى بۇ تەندىن ئۇستىخانىم،
ساڭا يەتسەم بولۇر ھاسىل مىرادىم.

قىزىلگۇل سەيلىسى نۇرغۇن كىلاسسىك شائىرلارنى قىزىقـ-
تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىغا ئىلھام بولغان.

شائىر خىرقىتى (1634 - يىلى قەشقەر تازغۇنىدا تۇغۇلۇپ 1724 - يىلى ۋاپات بولغان) قىزىلگۇل سەيلىسىدىكى مۇھەببەت-نامىلار توغرىسىدا مۇنداق يازغان ئىدى:

قىلىپ گۇلنى يىگىتلەر دەستە - دەستە،
بېرورلەر مەشۇقىغە بەستە - بەستە.

......................................

سەيلىلەر جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ ھازىرمۇ مۇۋاپىق ھالدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاردۇق ئېلىش ۋە كوڭۇل ئېچىش مۇراسىملىرى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. بىراق سەيلىلەرنىڭ ئەدەبىي مەزمۇنى دەۋر روھىغا ماس ھالدا يېڭىلانغان.

4. مەشرەپ — مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئىشتىن تاشقىرى كوڭۇل ئېچىش بولۇپ، كەچتە ئۆتكۈزۈلىدۇ، كوپۇنچە قىش كۈنلىرى بولىدۇ.

مەشرەپ تەڭ - تۇش ئاغىنىلەر ئارا ھەم مەھەللە بويىچە ياش - قېرى، ئەر - ئاياللار ئارىلاشقان دائىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاشۇ دائىرىلەر بويىچە كىشىلەر نوۋەت بىلەن بەلگىلىك قەرەلدە ئاخشىمى بىرسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىدۇ. مەشرەپ بەرگۈچى ساھىپخان ئۆزىنىڭ چامىنىڭ يېتىشىچە داستىخان تەييارلايدۇ. تەڭتۇش ئاغىنىلەر ئارىسىدا بولىدىغان مەشرەپنىڭ تەرتىپ - ئىنـ-

تىزام قائىدىسى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى (30 ئوغۇل) تەرىپىدىن سايلانغان يىگىت بېشى مەشرەپنىڭ تەرتىۋىنى باشقۇرىدۇ. تەرتىپنى بۇزغۇچىلارغا (كېچىكىپ قالغان ياكى كىشىلەرنىڭ تەلۋىنى ئورۇندىمىغانلارغا، مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا) مەشرەپ ئەھلىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن چارە كورۇلىدۇ. بۇ جازا ئاساسەن ھەر خىل ئويۇن كورسىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يۈكلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەشرەپ جەريانىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ تۈرى كوپ، جۈملىدىن مەشرەپنىڭ ئويۇشتۇرۇلۇشىمۇ خىلمۇ-خىل شەكىلدە بولىدۇ. ئۇنىڭ كوپرەك تارالغان، بىرقەدەر مۇقىملاشقان شەكلى توۋەندىكىچە:

چىنە گۈل: مەشرەپتە چوردەپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسى قولىغا گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ 3 قېتىم ”چىنە گۈل“ دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچى بىرسى يەنە بىر گۈلنىڭ نامىنى ئاتايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى، توتىنچىسى... شەرتى شۇكى: بىر قېتىم ئاتالغان گۈلنىڭ نامىنى ئىككىنچى بىرسى ئاتىماسلىق كېرەك. مۇبادا كىمدە-كىم ئاتالغان گۈلنىڭ نامىنى تەكرارلىسا، ئۇ يېڭىلگەن بولىدۇ. بۇ چاغدا يېڭىلگۈچى، ناخشا-قوشاق، بېيىت ئېيتىپ بېرىشكە ياكى بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

چاي تۇتۇش: بىرسى ئوزىگە قويۇلغان چاينى (شارابنى) كوڭلى خالىغان بىرسىگە بېيىت بىلەن سۇنىدۇ. ئالغۇچى بۇ چاينى ئىچىپ ياكى بىر ئوتلاپ چاي تۇتقۇچىغا يەنە بېيىت ئوقۇپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ئەگەر چىنىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، بىر مەزگىل ئوتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن چاي تۇتقۇچى يىگىت

بېشغا (مەشرەپ بېشغا) شىكايەت قىلىدۇ. بۇ شىكايەتلەرمۇ بېيىت خاراكتېرىدىكى سۆز ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت. يىگىت بېشى گۇۋاچىلار ئارقىلىق مەسىلىنى ئىنتىقلاپ پىيالىنى يېتۈرمىغان كىشىنى چوڭچىلىق ياكى بىبەرۋالىقتا ئەيىپلاپ جازالايدۇ. جازا مەجبۇرىيىتى بويىچە بىرەر ئويۇن (قانداق شەكىلدە بولسا بولۇۋېرىدۇ) كورسىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر كورسىتىپ بېرەلمىسە، ھوكۇمگە قارشىلىق قىلغان ھېساپلىنىپ، ئۇنىڭغا بىرەر ھايۋاننى دورۇتۇش، ھەتتا تالادا سوغاقتا تۇرغۇزۇپ قويۇش قاتارلىق جازالار قوللىنىلىدۇ.

مەشرەپنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكىلدە بېيىت ئېيتىش ئاساسلىق سەنئەت ئادىتى، ئاساسەن لەپەر شەكىلدە ئوزئارا بېيىت ئېيتىش بولىدۇ. بولۇپمۇ قىز - ئوغۇل بېيىت ئېيتقاندا بېيىت مەزمۇنى بىر - بىرىگە ماس كېلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي بەلكى رىتىم، قاپىيىنىڭ بىردەكلىگى، رويىس شەكىلدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: يىگىت: خېنىم، خېنىم - جانان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋا خېنىم،
ئاشىق مەن خۇما خېنىم.
..............................
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم
قوزاڭ بولۇپ ئويناي خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن خېنىم،
خوش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.

قىز: يىگىت ـ يىگىت جانان يىگىت.
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ يىگىت.
خەلقى ئالەم گۇۋا يىگىت،
مەنمۇ كويەك خۇما يىگىت.
..............................
قىسىۋالسام بىر گۇل يىگىت،
سوزى شىكەر قابۇل يىگىت.
مەلۇم بواسۇن ھالىم يىگىت،
ماناچىنە تازىم يىگىت.

يەنە مەسىلەن:

يىگىت: ھەي خېنىم، جېنىم خېنىم.
يولەنمىگىن تېرەككە.
كويدۇرسەڭمۇ ئولمەيمەن،
كىم ئولۇپتۇ كويەككە.

قىز: ئادەم دىگەن ھول نىمە؟
ئوت كەتمەيدۇ يۇرەككە.
كويدۇرسەڭمۇ كويدۇرگىن،
قارىمايمەن بولەككە.

پەقەت مۇشۇ بېيىتنىلا ئېيتىش شەرت ئەمەس، ھەر ئىكـ-كى تەرەپ ئوزى بىلگەن ھەر خىل مەزمۇن ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى بېيىتلارنى ئېيتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

پوتا ئويۇنى: مەشرەپتە ئۇسۇللۇق نەغمە باشلانغان چاغدا بىرسى چىرايلىق پوتىنى گۇل چىقىرىپ چېگىپ (گۇلا-

دەستىگە ئوخشىتىپ) كوڭلى خالىغان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كې-لىپ، ئىگىلىپ تازىم قىلىپ پۇتىنى تەگلەيدۇ. قارشىدىكى كىشى ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئۇ: ئۇسۇللۇق ھەركەت بىلەن بىر مەرتىۋە پىر-قىراپ ئاندىن پۇتىنى بېرىدۇ. پۇتىنى ئالغۇچىمۇ پۇتىنى ئالغاندىن كې-يىن شۇنداق بىر پىقىراپ، پۇتا بەرگۈچىگە تازىم قىلىپ، ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇمۇ يەنە بىرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پو-تىنى بېرىدۇ. شۇ يوسۇندا ئۇسۇل داۋاملىشىدۇ. بەزىدە بۇ ئويۇننى چاي تۇتۇش بىلەنمۇ ئېلىپ بارىدۇ. ئۇسۇلغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا تۇرلۇك ناخشىلار، بولۇپمۇ مۇھەببەت ناخشىلىرى ئوقۇلىدۇ. پۇتا ئويۇننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭدا ئۇسۇل ۋە پىر-قىرما ھەركەت ئاساسى ئورۇندا بولۇپ، پىقىرما ھەركەت ئىنتا-يىن قىزىق ۋە خىلمۇ-خىل بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ دى-راماتىك خاراكتېرى بار.

مەشرەپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئېت-نوگرافىك شەكىللا بولۇپ قالماي، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىمۇ مۇھىم ھەركەت شەكلى بولدى. نۇرغۇن خەنزۇ تارىخچىلىرى ۋە شائىرلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەشرەپنى زور قىزىقىش بىلەن تىلغا ئالغان. تاڭ دەۋرىنىڭ تا-رىخچىسى دون جيە يازغان «مۇزىكا مۇئەسسىنىڭ خاتىرىلىرى» دىگەن كىتاپتا مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ "ئۇچقان قارلىغاچ، ئاققۇغا ئوخشاش نەپىسلىكى"، ئۇسۇللار قا-تارىدا "گۇل ئۇسۇلى"، "ئەۋرىشىم ئۇسۇلى"، "ئات ئۇسۇلى"، "قىلىچ ئۇسۇلى" "پىقىرما ئۇسۇلى" (ساما)، "باھار بۇلبۇلى ناۋاسى ئۇسۇلى"، "چەش ئۇسۇلى" قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ بارلىقىنى ياز-غان.

تاڭ دەۋرىنىڭ شائىرى ليۇ يەنشىنىڭ مەشرەپ توغرىسىدا ئىككى شېئىرى بار. بۇ شېئىرلاردا ئۈسۈلچى تار يەڭلىك كوينەك كىيگەن زەر كەمەر تاقىغان، پۇتىغا رەڭدار يۇمشاق ئۆتۈك كىي-گەن، قولىدا ئۈزۈم سوۋىتى تۇتقان، بېشىغا زەر باسقان دوپپا كىيگەن، چىرايى جىمىك قاش تېشىدەك ئاق، قاڭشالىق، بۇرۇت قويغان" دەپ تەسۋىرلەپ "خۇتىلدا" ئۇيغۇر تىلىدا باشلىنىش سوزى سوزلەيدىغانلىغى يېزىلغان. ليۇ يەنشى شېئىردا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

قولىدىكى ئۈزۈم تۇتقان سوۋىتىنى قويۇپ يەرگە،
كۆن پېتىشقا بىردىن قاراپ ياد ئالدى ئوز يۇرتىنى.
رەڭدار يۇمشاق زەر باپ چەككەن ئۆتۈگىنى تېپىپ سەكرەپ،
يالتىراتتى زەر كەمەرنىڭ ئۈستىدىكى ياقۇتىنى.
جىمجىت ھەريان ھەممە كىشى سوز قىلماستىن نەزەر سالغان،
پىپا بىلەن نازۇك نەيمۇ كورسەتكەچكە قۇدرىتىنى.
ئاق ھەم قىزىل گۈللۈك زىلچى توپىسىدە ئەۋجەپ ئۇسۇل،
ئەسكە سالدى كەچتە چىمەن ئىچرە يانغان شام ئوتىنى.
مەيلەر توگەپ، سوز توختىدى، ئاياقلاشتى ئۇسۇلمۇ ھەم.
توزغاق كولى غەربىدە ئاي كوتەرگەندە ئوغىقىنى.

تاڭ دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى بەي جۈيىي «چەش ئۇسۇلىغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا:

تاۋا - دۇردۇن دوپپىسىدا ئۈنچە مارجان يالتىرار،
خوش پۇراقلىق يېڭى كوينەك پىچىلىشتىن يېڭى تار.

دەپ يازغان بولسا، يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

قىزىل شاملار ئەسلىتىدۇ قىزىل توغاچ ياپرىغىنى،
سوسىن كوينەك ئەسلىتىدۇ شۇ توغاچنىڭ شاخلىرىنى.
ئالتۇن تەڭگە تاققان شاھى چىمەن ياغلىق بەللىرىدە،
جاراڭلىغان قوڭغۇرىغى ماختار ھوسۇن ئاقلىغىنى.

بۇ يازما خاتىرىلەر مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىرىنى ھەمدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دادۇر مەشرىپى: تۇرپان، قۇمۇل ئەتراپلىرىدا "دادۇر مەشرىپى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مەشرەپ ئويۇشتۇرۇلىدۇ. ياش قۇرامى ئوخشاپراق بولغان بىرقانچە ياشانغان كىشىلەر ئادەتتە 4 ـ 5 كىشى بۇ ئويگە جەم بولۇشىدۇ. ئوي ئىگىسى مەشرەپ ھورمىتى ئۈچۈن بىر قاچا دادۇر پىشۇرۇپ داستىخانغا قويىدۇ. مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى بىر تەرەپتىن دادۇر يېگەچ ئوزئارا ھېكايە، داستان، رىۋايەتلەر ئېيتىشىدۇ، ئوزئارا سوز ئويۇنى قىلىشىدۇ. تارىخىي قەھرىمان شەخسلەر ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى توزىشىدۇ. "دادۇر مەشرىپى" كوپىنچە قىش كۇنلىرى ئويۇشتۇرۇلىدۇ. دادۇر مەشرىپىدە باشقا مەشرەپلەردەك ناخشا ـ ئۇسۇل ۋە مۇزىكا بولمىسىمۇ، قىزىقارلىق داۋاملىشالايدۇ.

يۇقۇرقىلار بىرقەدەر روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەشرەپ تۇرلىرىدۇر. ئۇلاردىن باشقا يەنە، ھەرقايسى جايلارنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ئالاھىدىلىگىگە ماس ھالدا ئوتكۇزۇلىدىغان، يەرلىك تۇس ئالغان خىلمۇ ـ خىل مەشرەپ تۇرلىرى بار.

مەشرەپ ئۇزاق يىللاردىن بىرى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكـ لى سۈپىتىدە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى مەشرەپنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قەدىمـ دىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىق مىللى سەنئىتى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ھەرقايسى جايلاردا ئوتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى بو- لىدۇ. مەسىلەن، دولان مەشرەپلىرىدە كوپىرەك پوتا ئويۇنى، نەپىس دولان ئاھاڭلىرى ۋە دولان ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىدۇ. قۇمۇل مەشرىپىدە ”چىمەن گۇل“ شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ ھەم قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ئىچىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قانات يايدۇرۇش، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىلـ لەش ۋە تەربىيىلەشتە مەشرەپ ئالاھىدە رول ئوينىدى، ھازىرمۇ خەلقنىڭ كۆرەش غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىسى سۈپىتىدە يېڭى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

5 . توي مەرىكىسى — بۇ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، تارىخى ئۇزۇن مىللى ئەدە- بى ئۆرپ ـ ئادەت شەكلى. توي مەرىكىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن جەر- يانىنى تەشكىل قىلغان مەشغۇلات ۋە ئادەتلەردە سەنئەت ئالا- ھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. توي مەرىكىلىرىدە بولىدىغان بۇ ئەدەبىي مەشغۇلاتلار توي مەرىكىلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل خۇسۇسىيەت- لىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

توي مەرىكىسى — يالغۇزلا قىز ـ يىگىتنىڭ توي مەرىكىسىلا

ئەمەس، توي مەرىكىسىنىڭ تۈرىمۇ كوپ، ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىرقانچە توي مەرىكىلىرى بار:

1. قىز تويى: بۇ 4 خىل شەكىلدە ئۆتىدۇ.

① نىكا تويى: بۇ قىزنى يۇتكەش تويى بولۇپ، بۇنىڭدا ئوغۇل تەرەپتىن قىزنىڭ ئۆيىگە كىشى بېرىپ قىزنى كوچۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يىگىتنى تەڭتۇشلىرى نىكاغا ئېلىپ بارىدۇ. قىزنىمۇ ئۇرۇق - تۇققان ۋە تەڭتۇشلىرى بەلگىلىك قائىدە - يوسۇن بىلەن كوچۈرىدۇ. نىكا تويىدا كوپرەك "يولەن" ناخشىسى ئېيتىلىدۇ. "يولەن" ناخشىسىنى يىگىتلەر نىكاغا بېرىش ۋە نىكادىن يېنىش ئارىلىقىدا كوچىلاردا ئېيتىدۇ. شۇڭا "يولەن" ناخشىسىنى "كوچا ناخشىسى" دەپمۇ ئاتايدۇ. "يولەن" ناخشىسىغا ئاساسەن داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. ناخشىغا كوللىكتىپ قوشۇلىدۇ. "يولەن" ناخشىسى شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. بۇ ئاساسەن تويىنىڭ خۇشاللىقى، يارغا بولغان ۋاپادارلىق، ئويلەنمەسلىكنىڭ ئەلىمى، ياش يىگىتلەرنى ئويلىنىشكە دەۋەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ئاپپاق - ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر تويدا تولا.
قارا - قارا قاغىلار خاماندىدۇر،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر ئارماندىدۇر.

"يولەن" ناخشىلىرى ئىچىدە كونا جەمىيەتتىكى ئادالەتسىز نىكا تۈزۈمىدىن زارلىنىش، ئۇنىڭغا بولغان ئوچمەنلىك ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن:

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن گۈل قايدا بار، يارى ـ يار،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار يارى ـ يار.
شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا سىرغام چۈشتى[1] يارى ـ يار،
سىنالمىغان يىگىتكە سىڭلىم چۈشتى يارى ـ يار.

نىكا كۈنى يىگىتلەرنىڭ قىز تەرەپكە بارغاندا ئېيتىدىغان يەنە بىر ناخشىسى "چۈن ـ چۈن سالۋات" دۇر. بۇ ناخشىنى يىگىتلەر قىز تەرەپكە بارغاندا بوسۇغىدا تۇرۇپ ئېيتىدۇ. بۇ يىگىت ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئېيتىلىدىغان "چۈن ـ چۈن سالۋات" ناخشىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تويىنى تەبرىكلەش، كۈيوغۇلنىڭ ئوتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسى، ئەدەپ ـ قائىدە، قېيناتا ـ قېينانا ۋە باشقا تۇغقانلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى بايان قىلىشتىن باشقا، توي مەرىكىسىگە تېخىمۇ قىزغىن تۈس بېرىش ئۈچۈن چاخچاق خاراكتېرلىق قوشاقلار ئوقۇلىدۇ. "چۈن ـ چۈن سالۋات" ئېيتىش ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى توي مەرىكىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوزەم باتۇر ئىدىم،
تاغدا كىيىك ئاتۇر ئىدىم،
قالپىغىمنى قىرلاۋېلىپ،
قىرىق قىزنى قوغلاۋېدىم.
باتۇرلۇغۇمنى شۇندىن بىلىڭ،
يېڭى يوق قوڭغۇزنى
قىرغا تارتماي مىنىۋېدىم.
يېرىم شىڭ كېپەكنى

ئەلگە يولەتمەي ئاتىۋېدىم.
ئۇنىمگەن چىغ تۇۋىدىن
تورەلمىگەن توشقان چىقتى.
پۇتىمغان چوماق بىلەن ئۇرسام،
كولىمغان ئورىغا چۈشتى.
ئىككى كىشىگە باستۇردۇم،
توت كىشىگە سويدۇردۇم.
ئالتى پاتمان يېغى چىقتى.
يەتتە پاتمان چاۋىسى
قىشتىن بىرى يەۋاتىمىز
ھىلىمۇ بار تەڭ ياتىسى......

مۇشۇنداق قىزىقچىلىقلاردىن كېيىن توي مەرىكىسىگە ئائىت مۇھەببەت ناخشىلىرى ئېيتىلىپ، نەغمە - ناۋا ئۇسۇل بولىدۇ.

ئەمدى قىز تەرەپكە كەلسەك "يار - يار" ناخشىسى ئېيتىلىدۇ. بۇنى ئاساسەن قىز ئولتۇرۇشىدا قىزنى ئۇزىتىدىغان چاغدا، قىز قۇرداشلىرى ئېيتىدۇ. "يار - يار" ناخشىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىزنىڭ كوڭلىنى يوپۇتۇش، قىزغا خوشاللىق ۋە بەخت تىلەش، بولۇپمۇ ئادالەتسىز نىكا تۈزۈمىدىن زارلىنىش ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقۇشتىن ئىبارەت.

مەسىلەن:

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ خوش بولۇرسىز،
قارچۇغىدەك يىگىتكە قوشۇلۇرسىز.

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كوشۇگە تەختىڭ بولۇر.
.....................................

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ باغرىم يارا،
كوينىگىنىگە تەگمىگەنىنىڭ بەختى قارا.
ئانام مېنى پۇلغا سېتىپ شەھەر ئالمدۇ،
تونۇمىغان سىرداشمىغان ئەرگە بېرەمدۇ.

”يار - يار“ ناخشىسىغا ئۇلاپ، ئۇسۇلغا ماسلاشقان ھالدا ھەر خىل ئاھاڭلار بىلەن يۇقۇرقى مەزمۇنلاردىكى قوشاقلار ئېيتىلىدۇ. توي مۇراسىمى كۈنى قىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا ئېيتىلىدىغان يەنە بىر ناخشا قىز ئانىسىنىڭ مۇڭ-زار ناخشىسىدۇر. بۇ ناخشىدىمۇ ئوتمۇشتىكى فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىدىن زارلىنىدۇ. فېئوداللىق نىكا تۈزۈمى شارائىتىدا ئانا قىزىدىن ئايرىلغانلىقىغا ئەمەس، ئادالەتسىز نىكا تۈزۈمىدىن يىغلايدۇ ۋە ئۇنى قاغايدۇ.
مەسىلەن:

مەن بالامنى بەرمەيتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئاخچىسىنى ئالمايتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
تاۋار - دوردون نىمىسى، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
بالامنىڭ يوق بارغۇسى، ۋاي، بالام، ۋاي بالام.

(2) ھوجۇر كېچە: قىز - يىگىتنىڭ ھوجرىسىدا ئوتكۈزۈلىدۇ. ھوجۇر كېچىسىگە مېھمانلار چاقىرىلىدۇ، سوغا - سالاملار بېرىلىدۇ.

نەغمە ـ ناۋا قايناپدۇ، ھەر خىل قىزىقچىلىقلار بولىدۇ، ئوقۇلىدىغان ناخشىلار كۆپىنچە توي مەرىكىسىگە بېغىشلانغان بولىدۇ. مەسىلەن:

قوي كېلىدۇ قوزى بىلەن يار، يار ئايلىنىمەن،
بىر ـ بىرىسىنىڭ ئىزى بىلەن يار، يار ئايلىنىمەن.
.....................................
.....................................

چىم ـ چىم ئەتتىم چىم بىلەن
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن.
ئەس ۋە يادىم سەن بىلەن.
سەن يۈرسەن كىم بىلەن.

(3) يۈز ئاچقۇ تويى: بۇ نىكاھ تويىدىن كېيىنكى مەرىكە بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇن ئاياللار ۋە قىزلار ئەچىدە بولىدۇ. كېيىن يىگىت ۋە قۇرداشلار كېلىپ بوسۇغىدا تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىغا سالام بېرىدۇ. ئاندىن ئەككى ئايال قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ، بىر مەھەل ناخشا ـ ساز، ئۇسۇل بولىدۇ. بۇنىداق سورۇنلاردا ئاساسەن قىز ـ يىگىتنىڭ مۇھەببىتى، بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇش، ۋاپادارلىق بىلەن ئۇمۇر ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى قوشاق ۋە بېيىتلار ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

يارىم مەن سېنى باشتا،
گۈللۈك باغچىدا كورگەن.

سەندىن ئايرىلالمايمەن،
ئوزەم ئازىلاپ سويگەن.

4. چىللاش تويى: بۇمۇ قىز تويىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ، بىرقانچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن قىزلار تەڭتۇشلىرىنى، ئوغۇللارمۇ تەڭتۇشلىرىنى باشلاپ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار بىلەن بىرگە قىز تەرەپكە ھەم ئوغۇل تەرەپكە چىللاقتا بارىدۇ. چىللاق جەريانىدا قىز دوستلىرى بىلەن ھەر خىل ئويۇنلارنى قىلىشتىن باشقا مەخسۇس چىمچاچاق (ئىلاڭگۇچ) سېلىپ، ئىلانغۇچتا ئۇچۇپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ. بۇنى "چىمچاچاق ناخشىسى" دەپ ئاتايدۇ. ئوتمۇشتىكى توي-توكۈنلەر فېئوداللىق نىكا-تۇزۇمى ئاساسىدا بولغانلىقى ئۇچۈن "چىمچاچاق" ناخشىلىرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى فېئوداللىق تۇزۇمگە بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
شاتاۋادا ئۇچلىغان.
ئەرگە تەگمەيمەن دىسەم،
ئانام بېشىمغا مۇشلىغان.

قارىغاينى ئەككۇنچە،
مەيلىم يوققا تەككۇنچە،
ئولۇپ كەتسەم بولمامدۇ.
شۇنداق دەرتنى تارتقۇنچە،

تۇرنا بولۇپ ئۇچتۇممەن،

شال بويىغا چۈشتۈممەن،
تەلپىمنىڭ يوقىدىن،
بىر نادانغا چۈشتۈممەن.

چاۋا تەردىم چاۋاچاق،
ساڭا كويدۇم چىمچاچاق.
بۇ زالىمدىن قۇتۇلسام،
نەدىن كەلدىڭ توكاچاق.
..........................

بۇ خىل ئادەتلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا ھازىرمۇ ساقلاند-ماقتا. ئۇندىن باشقا چاچ توي (جۇگان توي)، بالا توي، (بوشۇك توي) قاتارلىق توي مەرىكىلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ خىلمۇ-خىل ئەدىبىي پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان توي-مەرىكىلىرى ھەممىلا جايدا بىر خىل يوسۇندا ئۆتكۈزۈلمىسىمۇ، ئومۇمەن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بەزىلىرى ھازىرمۇ ساقلىنىپ، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىدى. مىللى، ئاممۇى خاراكتىردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت شەكلىگە ئايلاندى.

6. ئۆلۈم-ماتەم مۇراسىمى — ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۇشتىن تارتىپ مەرھۇمنى سېغىنىپ، ھەر خىل قائىدە-يوسۇنلار بىلەن ماتەم مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلدى. مۇراسىملاردا قوشاق ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىرى كۈيلەندى، جۇدالىق ھەسرەتلىرى بايان قىلىندى. ئۆلۈم-ماتەم مۇراسىمغا بېغىشلانغان قوشاقلار "مەرسىيە قوشاقلىرى" دېيىلىدۇ. "مەرسىيە قوشاقلىرى" ئوخشىمىغان

ئورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان قائىدە - يوسۇنلار بىلەن ئېيتىلىدۇ. بۇ قوشاقلار بەزىدە مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلىدۇ، بەزىدە پۈتۈن مەھەللە جامائىتى تەرىپىدىن خور قىلىپ ئېيتىلىدۇ. ئومۇمەن مەرھۇم ۋاپاتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ قىرقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈزۈلمەي ئېيتىلىدۇ. "مەرسىيە قوشاقلىرى" ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا بۇنىڭدىن مىڭلاپ يىللار ئىلگىرى خەلق ئىچىگە تارالغان مەرسىيە قوشاقلىرىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن:

ياغى ئوشىن ئوچۇرگەن،
تويدىن ئانى كەچۇرگەن.
ئىشلار ئۈزۈپ كەچۇرگەن،
تەگ ئوقى ئولتۇرۇر.

(دۈشمەن ئوتىنى ئوچۇرگەنتى، ئۇلارنى لەشكەر گاھىدىن قوغلاپ چىقارغانتى، ئېغىر ئىشلارنى بېشىدىن كەچۇرگەنتى— بىراق (ئۇنىڭغا) ئەجەل ئوقى تېگىپ ئولتۇردى)

ئالىپ ئەر توڭا ئولدىمۇ،
ئىسسىز ئاژون قالدىمۇ.
ئوزلەك ئوچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(ئالىپ ئەرتوڭا ئولدىمۇ؟ ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟

پەلەك ئوچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى يۈرەك - باغرىلەر تىلىنماقتا.)

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بۇ خىل قوشاقلاردا ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ شېھىت بولغانلارنىڭ باتۇرلۇق خىسلىتى بايان قىلىنىپ كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرغان.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ مەرھۇمنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دەپنە قىلغان. دىنى ئېتىقاتىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن كۆيدۈرۈش، يوغان توغراقلارنى ئويۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇش ئادەتلىرى بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەرلىك كولاپ قويۇش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. مېيىتنى قاندا-داق قائىدە - يوسۇندا ئۇزاتمىسۇن ھەممىدە "مەرسىيە قوشاقلى-رى" ئوقۇلغان.

مەرسىيە قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى؛ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلارنى سېغىنىش، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىشتىن ئىبارەت. ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنى مەرسىيە قوشاقلىرىدا مۇنداق بايان قىلىندۇ.

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە،
خورەك تارتتى دەپتىمەن.
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن.
ئىڭىگى تېڭىلغاندا
رومال تارتتى دەپتىمەن،
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا

ئارام ئالدى دەپتمەن.
غۇسلە سۇيى قۇيۇلغاندا،
تەرەت ئالدى دەپتمەن.
كېپەن تونى كيىلگەندە،
كوينەك كيدى دەپتمەن.
جىنازىغا سالغاندا،
مەيگە چۈشتى دەپتمەن.
خەلقى ئالەم يىغىلغاندا،
توي بولدىغۇ دەپتمەن،
......................
يىتىپ باردۇق مازارغا
كىرىپ كەتتى سارايغا،
قاراپ قالدۇق كاماغا،
يىتىم قالدۇق تالادا......

ئوتمۇش كونا جەمىيەتتە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئۆلۈمىگە فېودالىلىق تۈزۈم سەۋەپچى بولغان. شۇڭا مەرسىيە قوشاقلىرىدا فېودالىق تۈزۈمگە بولغان خەلقنىڭ نارازىلىغى، فېودالىق ئادالەتسىز نىكا ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوتمۇشتە خوتەن چىرىيىلىك سەلىمەم دىگەن كەمبەغەل قىزنى باي-لارنىڭ باللىرى ئوز نەپسانىيىتى ئۈچۈن تالىشىپ، بىر-بىرىنى ئولتۈرگەندە ئادالەتسىز فېودالىق سوت بىگۇنا قىزنى دارغا ئېسىپ ئولتۈردىدۇ. بۇ چاغدا سەلىمەمنىڭ ئانىسى قىزنىڭ جىنازىسى ئالدىدا تۇرۇپ مۇنداق قوشاق توقۇيدۇ.

قارا كىگىز جىنازا،
ئۆزى ئىگىز جىنازا.
كورۇۋالاي قىزىمنى،
توختاپ تۇرغىن بىر هازا.
ئۇزۇن - ئۇزۇن قارا چاچ،
جانغا پاتسا مەيلىمۇ؟
ئىسىت قىزىم سەلىمەم،
گوردا ياتسا مەيلىمۇ،
چىدىمايمەن بۇنىڭغا،
ئېسىلىمەن بوينۇڭغا،

ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت!
بىزگە كەلدى بۇ قىسمەت! } نەقىرات

سېنى ئاسقان ئىگىز دار
ئورۇلمىدى، قېپ قالدى.
تەڭشەلمىگەن بۇ زامان،
چورۇلمىدى، قېپ قالدى.
ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت!
باشقا چۈشتى مىڭ قىسمەت.
قارا كىگىز جىنازا،
ئۆزى ئىگىز جىنازا،
مېنى بىدلە سېلىپ كەت،
قىزىم بىلەن ئېلىپ كەت.
قانداق قىلاي ئىلاهىم.
رەھمىڭ يوقمۇ خۇدايىم.

يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شەخسـ ـلەر، نامدار قەھرىمانلار ۋاپات بولغان چاغدا ئېيتىلىدىغان مەرسىيەنامىلاردا مەرھۇمنىڭ پۈتۈن ھايات پائالىيىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇنداق قوشاقلار كۆپىنچە داستان خاراكتېرىنى ئالىدۇ، شەخسىنىڭ تىراگېدىيىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. مەسىلەن: يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «سېيىت نوچى»، «ئابدۇراخمان خان غوجا» توغرىسىدىكى قوـ شاقلار مانا مۇشۇنداق داستانلاردۇر.

مەرسىيە قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ مۇڭزارىغا ماس ھالدا ئاھاڭغا سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئاھاڭلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىـ لىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتۇش خەلقى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان «قەمبەرنسا»، «ئامىنەم»، «داموللام» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى بەلگىلىك تارىخى شەخسلەر نامىغا توقۇلغان مۇقىم ئاھاڭلىق مەرسىيە قوشاقلىرىدۇر.

7. پىر ۋە رامىزان — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە دىنى ئېتىقات بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەدەبى تۈسكە ئىگە بەزى ھەرىكەت شەكىللىرى بار. ئۇنىڭ مەزمۇنىدا گەرچە فېئوداللىق دىنى ئېتىقات ۋە خۇراپاتلىققا ئوخشاش پاسـ سىپ ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە بەلگىلىك ئىجتىمائى، سىنىپى مۇناسىۋەتلەرنى ئىنكاس قىلىدۇ، ئەنئەنىۋى مىللى ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا خەلقىمىزـ نىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى ئىدىيىۋى ئېشەنچلىرىنى مۇتالىيە قىلىشتا بىزنى بەزى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پىر ئۆيىنتىشنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئوتقا بولغان ئەقىدە ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە پىر ئويىنتىش دەۋر تەرەققىياتى بىلەن ئاللا بۇرۇن خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەسمى-قائىدىلىرى، ئىبتىقات شەكىللىرى بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى شامانىزىم ئىتىقادىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

پىرىخۇنلۇق ئاساسى جەھەتتىن ئىدىيالىزىملىق نۇقتىنەزەرگە ئاساسلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پىر قوشاقلىرىدا خۇداغا، پەيغەمبەرلەرگە، ھەر كەسپنىڭ ئاتالمىش پىرلىرىگە سېغىنىش، چىھلتەنلەرگە سىغىنىش ۋە ئۇلاردىن بىمارلارغا شىپالىق تىلەش ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مۇنداق پاسسىپ مەزمۇندىكى پىر قوشاقلىرىدىن سەلبى ماتىريال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئىيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى پىر قوشاقلىرى ئىجتىمائى تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا كونا جەمىيەتتىن زارلىنىش مەزمۇنلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن،
مەن-مەن دىگەن يارەننى
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.
يادوس ياللا.

رامىزان — دىنى تۈس ئالغان بىر خىل ئەدەبىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ رامىزان ئېيىدا (رامىزان كىرىپ بىر ھەپتە

ئوتكەندىن كېيىن) ئوتكۈزۈلىدۇ. يەنى ئاشۇ مەزگىلدە كىشىلەر (ئاساسەن بالىلار) ئىپتار ۋاقتىدا مەھەللە ئارىلاپ، ھەر بىر ئوينىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ، رامىزان قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. رامىزان قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى كوپىنچە كىشىلەرنى روزى تۇتۇشقا ۋە سەدىقە بېرىشكە دالالەت قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرىدۇ. مەسىلەن:

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق مۇغاللىدىن ①
نانلىنى خىالاپ چىقىنىڭ يۇغانلىمدىن
رامزان ئاللامۇ شەيرى رامىزان
نەقىرات:
خوش مۇبارەك كەلدىغو بۇ رامىزان
روزىنىڭ ئونيەتتىسى قادىر كۈنى
روزىنىڭ زاكاتىنى ئايرىڭ قېنى.
نىقرات
باي ئاكامنىڭ يېپىشى بوز ئالا قوي
كاللا ـ پاچاق، تېرىنى موللامغا قوي
نىقرات
ئويوڭنىڭ ئارقىسىدا تاينىڭ ئىزى
بىر توغرام نان بەرمىگەن باينىڭ قىزى
نىقرات
ئاق توخا، ئاپپاق توخا نان تاتىلا

① مۇغال — يۇرت ئىسمى.

ئاغمچام نان بېرىپتۇ خام قاتىلا
نەقرات
بۇ سارای ئۇزۇن سارای بولگەنىمكىن
بای غوجام قوپمايدىغۇ ئۇلگەنىمكىن.
نەقرات

دىنى ئېتىقات بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات شەكىللىرى ئىچىدە يەنە بارات كېچىلىرى ئايەمنى قۇتلۇقلاپ ئوتكۇزۇلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنىمۇ كورسىتىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ تىلەك خاراكتېرلىق ئايەم قوشاقلىرى ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل دىنى تۈس ئالغان ئېتىنىك شەكىللىرىگە مۇئامىلە قىلغاندا، پەقەت ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تارىخى قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇشقا بولىدۇكى، ھەرگىز مەزمۇن جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلغىلى بولمايدۇ.

8. ئەدەبى ئويۇنلار — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئىنكاس قىلغان، بۇ ئەھۋال ھەر خىل ئەدەبى ئويۇنلاردا جانلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئەدەبى ئويۇنلار كورۇنۇشتە بىر خىل چاخچاقتەك كورۇنسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە پىسخولوگىيەسىنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ خىل ئەدەبى ئويۇنلار ھەم نەسرى ھەم شېئىر شەكلىگە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن قىزىقارلىق. بۇ ئەدەبى چاخچاقلار ساماۋەرلەردە ئاشخانىلاردا، ھەر خىل ئولتۇرۇشلاردا خەلق ئىچىدىكى ئۇستا چاخچاقچىلار تەرىپىدىن جانلىق ھەركەت

ۋە باي ھىسسىياتلار بىلەن ئېيتىلىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، "داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ"، "پولاخان تورەم"، "ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى" قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئەدىبى چاخچاقلارنىڭ بىر خىل تۈرى دېيىشكە بولىدۇ.

"داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ" مۇنداق باشلىنىدۇ: ئۆتكەن زامانىنىڭ يەر تەۋرىگەن يىلى، جۇمبۇلى ئاۋالىنىڭ بىرىكەم ئوتتۇزى ئىدى. ئۇچاق مەملىكىتىنىڭ قازان شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق مانتوگۇڭ بىگىنىڭ چوڭ قىزى جۇۋاۋىخان بۇۋىم پۈتۈن غىزا ئەرباپلىرىنى يىغىپ سوھبەت ۋە توختام قىلىساق، دىگەن نىيەت بىلەن داستىخان مەيدانىنى تۈزۈپ، پۈتۈن غىزا مېھمانلىرىنىڭ بىر-بىرلەپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

داستىخان مەيدانىغا ئەڭ ئاۋال قەشقەر شەھەر توققۇزاق دەرۋازىسىدىكى مىسكەر شەيخ ھاجىمنىڭ بېقىۋالغان، رەڭگى روھى سارغايغان ياپياڭغىنام شالدام ئوغلى ئاپتۇۋا مەخسۇم نازۇك بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ، تەۋەززۇ بىلەن كېلىپ، مېھمانلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول كورۇشۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇندىن كېيىن قازان شەھرىنىڭ بۇرۇنقى مەرھۇم پادىشاسىنىڭ چوڭ خوتۇنى لوڭگىخان ھاجىم ھەرەمدىن كەلگۈنچە پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تېز مېڭىشتىن قالغانلىقتىن، قانچە غەيرەت قىلىپ سورۇلۇپ كېلىپ، مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇينىڭ تاشقىرىدا ئالتۇن ئىشان بوزرۇكنىڭ مۇرىد-مۇخلىسلىرىدىن بولغان ھەزرىتى ساماۋەر پىرىم چەينەك ھاپىزلىرىنى يىغىپ ھالقا بولۇپ ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىپ، ۋاراقلاپ زىكرى سوھبەت باشلىماقتا ئىدى.

بۇ ئەسنادا جاراڭ - جۇرۇڭ غەۋغا كوتىرىپ، ھەشەم بىلەن يۇرتنىڭ ياش - ئۇسمۇر يىگىتلىرىدىن بولغان پىيالە يىگىتلەر سەپ - سەپ بولۇپ يېتىپ كېلىشتى، ئارقىدىنلا تاشقىرىدىن ھەيۋەت بىلەن "پوش"، "پوش" دىگەن سۈرلۈك ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ تاشقىرىدىكى ساماۋەر پىرىمىنىڭ ئاۋازى ۋە چەينەك مۇرىد- لىرىنىڭ قىيا - چىيالىرى، پىيالە يىگىتلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ سادالىرى ئىدى.

پەلەك لاۋۇلداپ، ئاسماننى كوتىرىپ، ئەرش تۈۋرۈكلىد- رىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇزۇن كوچىدىن "خوش"، "خوش" دىگەن خوشامەتلەر بىلەن پەتنۇس تەختىگە ئولتۇرۇپ، تونۇر ئىقلىمىنىڭ ئەۋلىيالىرىدىن بولغان قازى كالان مەزە تورەم توقاچ ۋەزىرلىرىنى ئالدىن ماڭغۇزغان، چەينەك سەردار- لىرى ئىككى ياندا مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا داستىخان مەيدا- نىغا ناھايىتى زور تەنتەنە بىلەن يېتىپ كەلدى.

پۈتۈن مەيداندىكىلەر مەزە تورەمنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشىغا، ھازارە مەجلىسكە سۇلھى ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلار- دىن سىنچايخان ھاجىم شاما ھاسىلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ، تىنغان ۋە رەڭگىنى قىزارتقان ھالدا، چىنە ھارۋىسىدا خوشا- مەتچى پەتنوسخانىغا مىنىپ يېتىپ كەلدى. مۇلايىم سۇپەتتە بويۇنلىرىنى جىم ئېگىپ ئولتۇروشقان، قاتلىما قازى ئاخۇنۇم چۇۋۇلغان سەللىلىرىنى تۈزەپ، پەرىشان كوكۇللىرىنى خاتىرجەم قىلىپ، ھەزرىتى مەزە تورەمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئورۇن ئالدى. بۇنى كورۇپ مەزە تورەم چىدىيالماستىن دەرغەزەپ بولۇپ، قاتلىما قازىنىڭ سەللىلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاپ ئوزىنى تىرە - پىرەن قىلغاندىن كېيىن، مەزە تورەمنىڭ قىپچاق دوپ - دۇ-

گىلەك پۇسەۇس پالۋانلىرىدىن بولغان سامسۇ باتۇرلار قاتاسما قازىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تەختلىرىنى ئولجا قىلىپ، ئۆزلىرى چازانى كەك قۇرۇپ، بىخىرامان ئولتۇرۇشتى.

مېھمانلار ھۇزۇرىغا يىلدا بىر قېتىم قەشقەر شەھىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان، يۇپۇرغا، پەيزىۋات، سەمەن، دولەتباغ ۋە شېكەر باغ مەھەللىرىدىن بولغان بىشەكشۇن ھاجىم، پاك مۇرىلىرىگە پىلەك سىكىلەكلىرىنى تاشلاپ، ئالا بەقسەم تونلىرىنى كىيىپ، ئۆز ئەۋلاتلىرىدىن بولغان كوكچى نوچى، چاچورۇك ئىشان، شېكەر شۇن خېنىم، ئاقچى بايۋەچچە، بەگزادە تورەم، سەۋزە نازۇك كېلىنچەك ۋە كۇيوغلى تاۋۇزجان قارىلار بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدى. مەيداندا ئولتۇرغان مېھمانلار بىلەن بۇرۇندىن ئەپ بولماي كەلگەن بەزى ئەھلى قىزىق تاماقلار كىرىشى بىلەن ئۆز خوجايىنلىرىدىن بولغان قىزىل كىكدەك پالۋانلىرىنىڭ قوللىرىغا خەنجەر بېسلىق پىچاقلىرىنى ئالدۇرۇپ، شېكەرشۇن خېنىم، سەۋزە نازۇك كېلىنچەك ھەم ئاقچى بايۋەچچىلەرنىڭ نالە-پەريادلىرىغا قۇلاق سالماي، ئارقا-ئارقىدىن ھەممىنى شېھىت قىلدۇرۇۋەتتى. بىشەكشۇن ھاجىم بىلەن تاۋۇزجان قارىملارنىڭ قانلىرى دەريا-دەريا سۇ بولۇپ تۇمەن دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

تاۋۇزجان قارىمنىڭ مۇبارەك تەسۋىلىرى دانە-دانە بولۇپ، داستىخان مەيدانىغا تىرىلىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئەھلى مەيدان ئاغزۇلىرى بۇ شېھىتلەر ھەققىدە سۆرە-تالاۋەت قىلىشتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش قان توكۈلۈشكە تاقەت قىلالمىغان مەزە

تۇرەم تۇنۇرى ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىپ: ”قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولغان قاتىللار داستىخان سەھنىسىگە ھازىر قىلىنـ-
سۇن“ دەپ ئەمىر قىلغاندىن كېيىن، چۇمۇچ مىرشاپلىرى ئىسـ-
تىقامەت قىلىپ يۈرگەن شورپا غوجىكامنى دەرھال چىنە مەيدى-
گە سېلىپ، قارامۇچ تەسۋىلىرىنى يەنجىپ، يۈزلىرىدىگە سېپىپ ئېلىپ كەلدى. شورپا غوجىكام ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكى-
ئۈچۈن كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ تۇرۇشىغا، بۇ ئەيىپنىڭ چوچۇرە بۆۋىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، دەرھال چوچۇرە بۆۋىگە ئەلچى ماڭغۇزۇلدى.

چوچۇرە بۆۋىم - ئۈگرە تارتىملىرىنى باشتىن - ئاياغقىچە ساڭگىلىتىپ، يۇمغاقسۇتتىن ئۇسما قويۇپ، پەرەنجىلى-
رىنى يېپىنغان، چامغۇر بوقچىلىرىنى قولتۇقلىغان ھالدا ئەلچى-
گە تۇتۇق بەرمىدى، بۇ بۇلۇڭدىن ئۇ بۇلۇڭغا چىنە ئىچىدە قېچىپ يۈرگەنلىرىدە مەزە تورەمنىڭ ئاچچىقى تېشىپ كېتىپ قالدى، دەرھال قوشۇق دوغىنى چاقىرىپ، تېزدىن بېرىپ چوچۇرە بۆ-
ۋىنى تۇتۇپ كېلىپ، سوراققا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. چو-
چۇرە بۆۋىنىڭ چۈشۈپ كەلگەن چىنە مەيسىنى قازان شەھ-
رىدىكى داس بېگىمگە ئامانەت قويدى.

ماجرادىن كېيىن ”يۇتازا مەخسۇم“ قاسقان ھۇجرىسىدىن ئالدىراشلىق بىلەن ئىغىناپ تەرلەپ چىققان پېتى چىلگىدەك سەللە ئوراپ، بەللىرىنى يۇمشاق يوگەپ لىگەن تەختىگە ئولتۇرۇپ، ماڭاي دېيىشىگە مانتا باداڭ قورۇلۇپ كەتكەن قاپاقلىرىنى يۇ-
مۇپ، قوساقلىرىنى بومبايتىپ، ئاتىكاچىلىق بىلەن دەررۇ يۇتازا مەخسۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئورۇن ئالدى. بۇلار لىگەن تەخ-
تىدە بىر-بىرىگە ماي تارتقان ھالدا ناز قىلىپ، مەيدان تە-

رەپكە مىڭىشىغا بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان خوشاڭ يامۇلىنىڭ
ئامبىلى لازا دارىن، شو سەي كوجاڭ، چەيزە سىجاڭ، ئاچ-
چىقسۇ لوزۇڭ ۋە تۇرۇپ شويىلار بىلەن چىن تەخسە جۇغا
چۇشۇپ كويزا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، شىشە جاڭلىرىنى ئۇرۇپ
جاراڭلاپ مەيدانغا كەلدى. ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولارنى
تورگە باشلاپ قارشى ئالدى. بىر ئازدىن كېيىن شوسەي دارىن-
نىڭ كوزى غەزەپ ئارىلاش مانتۇ بەككە چۇشۇپ قالدى. بۇ-
لار بۇندىن بۇرۇن مەنسەپ تالىشىپ بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ
قالغانلىغى ئۇچۇن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شوسەي دارىن
پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، لازا سىجاڭغا مانتۇ بەگنى كورسىتىپ
"كويزا مىلتىق بىلەن ئېتىپ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭغا دەرھال داڭ-
زىغا ئالدۇرۇپ، قوساقلىرىنى يېرىپ ئۇچەي-باغرىنى چۇۋۇپ
تاشلاپ، قاتتىق جازا بېرىشكە پەي ئېسىلسۇن" دىگىنى ئۇچۇن،
دەرھال خوش-خوش بىلەن بۇ ھوكۇم ئورۇنلاندى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، بۇ پىتنىنىڭ سەۋەپچىسى بولغان
"يۇتازا" مەخسۇمنى چەمبەرچەس باغلاپ تەختتىن ئاغدۇرۇپ،
شاھى سەللىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ ئوزىنى پارە-پارە قىلىشقا
ھوكۇم چىقىرىلدى.

بۇ ئەسنادا سىنچاي سۇاھىچىلىرى بۇ ماجرادىن ئەندىشە
قىلىپ، تەرەپ-تەرەپكە يۇگۇرۇپ يۇرمەكتە ئىدى. بىردەمدىن
كېيىن كوپ ئىلتىماسلار ئارقىلىق ھەزرىتى شاھى سۇلتان پو-
او كاپكىر دۇمباقلىرىنى چالدۇرۇپ، چىنە پاسىۋانلىرىنى تەييار
قىلىپ، پۇتۇن ئوردا ئاكابىر-ئەشرەپلىرىنى يىغدۇرۇپ، 1000
دىن ئارتۇق مىس ھەم چىنە، تەلەڭگە چاقىلىق ھارۋىلىرىنى
توپلاپ قوۋۇرغا دەرىسىنى ئېلىپ، بىيە تامغىسىنى بېسىپ ۋە

سەۋزە ئوق ـ يالىرىنى بەتلەپ ھەيۋەت بىلەن داستىخان مەيدا ـ نىغا يېتىپ كەلدى.

داستىخان مەيدانىغا يىغىلغان پۈتۈن تائام ماشايىقلىرى ئاسىلا ـ باقسىلا دېگەن تۈزۈۈتتە قولىنى ـ قول تارقاپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن شوسەي ئوتتۇلگەن تامام ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولوغا ئېيتىپ ئوتكەندىن كېيىن ھەممە ۋەقەلەردىن خەۋدرى بار تەجرىبىلىك شاھى سۇلتان پو ـ لو ئەڭ ئاۋال ماجرا تۇغدۇرماقچى بولغان مانتۇ بەگنىڭ چوڭ قىزى جۇۋاۋا خېنىمنى يەل باتۇرنىڭ باشچىلىغىدا ئۇنى ئاچ ـ چىق ئۇچەي ۋەتاتلىق ئۇچەي كوچىلىرى ھەم تاۋزەك مەھە ـ لىلىرى ئارقىلىق قەشقەر شەھەر تۇرۇمتاي كولىبېشى بىلەن تۇشۇك دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كوزىچى يار بېشى بىلەن ۋە قېرىن داتاڭغا ھەيدەپ كىرگۈزۈپ زىندانى خالاغا پالانسۇن دېدى.

چوچۇرە بۇۋى بۇ پىتنىنى قوزغىغاچ، چوچۇرە بۇۋىنىڭ دەسلەپتىلا داستىخان مەيدانىغا چىقىشى قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەسلى مۇقەددەم بولغان ساپ نىيەتلىك مەنچىزە خېنىم تۇرغۇزۇلسۇن، دېدى.

مەزە تورەمنىڭ مەنسەپلىرى بىلەن تامغۇلىرى ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توقاچ پالۋان ھاكىملىققا بەلگىلەنسۇن، دېدى.

سابىق مەزە تورەمنىڭ يۇمۇلاق لەشكەرلىرىدىن بولغان سامسۇ باتۇرلىرى تۇتۇلۇپ قىزدىل كىكىردەك كانىيىغا قامالسۇن، دېدى.

مەرھۇم تاۋۇزجان قارى ئۇچۇن شىكەشۇن خېنىمغا ھو ـ زۇر قويۇلسۇن، دېدى.

كوكچى نوچى، بىشەكشۈن ھاجىلارغا سەمەن، پەيزىۋاتتىن ئورۇن بېرىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تائامىلار ئىتتىپاقلىشىپ، مۇندىن كېيىن قوساق ئىچىلىمىدا گۇلدۇر-گۇلدۇر، قاراس-قۇرۇس مۇشتىلىشىپ ئىسيان كوتىرىپ، ھاۋا تاراقلىغاندەك كىشىنى بىسەرەم-جان قىلىدىغان نالايىق ئەخلاقلارنىڭ ئوتۇلمەسلىگىگە سىنچاي ھاجىلار مەسئۇل بولسۇن، ئەگەر مۇندىن كېيىن يوقۇرىدا ئېيتىلغان ماجى-رالار چىقىپ قالسا، شۇنداق ئىسيانچى تائاملارغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ، دەپ:

داستىخان رەئىسى: ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولو.

شاھىدلىرى: ئاچچىق سۇ لوزۇك، تۇرۇپ شويلار (تامغۇ)

ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھەر خىل سوز ئويۇنلىرىمۇ ئەدىبىي ئويۇنلار تەركىۋىگە كىردۇ. مەسىلەن:

"ا"دا مەن ئاھ ئۇرۇپ،
"ب" دە مەن بارالمىدىم.
"ت" دە تاقەت قىلالمىدىم.
"س" دە سالا مەتمۇ خىنىم،
"ج" دە جاۋاپ بەرسىلە،
"ھ" دە ھالىمنى سوراپ،
"خ" دە خەۋەر ئالسىلا،
"د" دە دىلدارىم جىنىم.

بۇ خىل ئەدىبىي ئويۇنلار كورۇنۇشتە چاخچاقتەك كورۇنسىمۇ، يەنىلا ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى چۈشىنىشكىلا پايدىلىق بولۇپ

قالماستىن، بەلكى ئەخلاقىي پەزىلەت توغرىسىدىمۇ تەلىم بېرىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، زالىملارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى تاخماق شەكلىدىكى سۆز ئويۇنىدا ئاچكوز سوپى، موللىلار ھەجۋى قىلىنىدۇ.

سوپىلار بىرلىشىپ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە زىكرى باشلايدۇ:

— ئەي سوپىلار، ئۆي ئىگىسى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۆچكە ئۆلتۈرۈپ ئۇماچ چېلىۋاتىدۇ.

— ئۆچكىنىڭ گۆشى غىچقىنە يەل

يەل تۇرۇپ قالسا ئاغرىمامدۇ بەل...

(ھەممىسىگە يالغاندىن يەل تۇرۇپ قېلىپ زىكرى ئورنىغا ئاھ - ئىھ دەپ ئىنجىقلىشىدۇ.)

— ئەي سوپىلار ئۆي ئىگىسى ئەمدىلىكتە نېمە قىلىدۇ؟

— قارا ئىرىك ئۆلتۈرۈپ پولو قىلىۋاتىدۇ.

— سېمىزمىكىن، ئورۇقمىكىن؟

— بوداق ئىكەن ئۆلتۈرگەن قويى.

غىچقىنە ماي باش - ئاياق بويى.

زىكرى سېلىش تازا ئەۋجىگە چىقىدۇ ھەممىسى سەكرىشىپ:

غىچقىنە ياغ، ھۇپ بەللى.

ھۇ، ھۇئاللا، مەمتاسىللا، مىجگەن تىللا، غىچقىنە ماي...

قارا ئىرىك، مەمتاسىل، مىجگەن تىل، ھوپ بەللى، ھوپ بەللى، ھۇ، ھۇ... ھۇ.

ئاچكوز قارىلارنى سوكۇش

(پولودىن كېيىن قارىنىڭ دۇئاسى باشلىنىدۇ)

سەبىتە ساماۋاتنى سەبەقا،
قازانۇ، چۇمۇچۇ تۇۋاقا،
ئۇزۇمۇ، ئەنجۇرۇ، ياڭاقا.
قوناق نانۇ، قايناق سۈيۈ بوياۋ
ۋە قاتلىما نانۇ، ناۋات چايۇ، قايماقا.
مەن ئىنىڭغا ئامراقا.
قازىنىڭدىكى پوشكىلىك بىلەن پولويىڭنى تېزراق ئەپبىاقا.
مېنىڭدىن سورىساڭ مەن ئۇنىڭغا ئامراقا،
تەقەززا مەن، تېزىراق ئەتكىل:
— بۇتا ئامنى يەبىاقا،
سۇبىھانە رەببىكە خۇش مۇبارەك تاماقا.

مۇنداق مىسساللار سوز ئويۇنىدا كوپ ئۇچرايدۇ بۇ سوز ئويۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائى رولىنى كورسىتىدۇ.

٩. ئىرسالنامە — ئىرسالنامە "يوللانما"، "پۇتۇكنامە" دىمەكتۇر. ئىرسال شەكلىدە خەت ئەۋەتىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوزئارا كونا شەكلىدە خەت ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت مىللى ئادىتى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر جەلقى ئىچىدە بىرقەدەر ئوموملاشقان. ئىرسالنامە ھەم بېيىت شەكلىدە ھەم نەسرى شېئىر شەكلىدە يېزىلىدۇ. ئىرسالنامە مەزمۇن جەھەتتە كوپىنچە مۇھەببەتنى، مۇھەببەت جۇدالىغىنى، ئوز مەھبۇبىغا ۋە دوستلىرىغا بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئوتمۇش فېئوداللىق جەمىيەتتە، فېئوداللىق روھى كىشەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم باغلىغاچقا، ئۇلاردا بىۋاستە ئوزىنىڭ سەممى مۇھەببىتىنى ياكى ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئېيتىش ئەركىنلىگى يوق ئىدى. ھەتتا ئەر - ئاياللار، يىگىت - قىزلارنىڭ

نورمالنى كورۇشىمۇ قاتتىق چەكلەنگەن ۋە تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىرسال قىلىپ بىر-بىرىگە يوشۇرۇن ئىزھار قىلىشاتتى. ھەتتا بەزى ئىرسالنامىلاردا خەلق ئۆزىنىڭ فېئودالىزىمنىڭ قاراڭغۇ ھالىتىگە بولغان كۈچلۈك نارازىلىغىنىمۇ بايان قىلىشاتتى. خەلقىنىڭ ئەركىنلىگىنى بوغقان فېئوداللىق قارا كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلىشاتتى ۋە بۇ غايىنى ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈكنامىلىرىدا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرەتتى.

ئىرسالنامىلارنىڭ مەزمۇنى گەرچە تەركى-دۇنياچىلىق، خۇراپاتچىلىق، پىسسىمىستىك كوزقاراشلاردىن خالى بولالمىسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆتمۈش قاراڭغۇ جەمىيەتنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىگى ۋە ئۇنىڭ خەلقلەر قەلبىدىكى داغ-ئىزلىرى سۈرەتلەنگەن.

ئىرسالنامىنىڭ ئەڭ زور قىممىتى ئۇنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىگىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ئىرسالنامە — ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىرخىل ئېتنىك شەكلى بولۇشقا مۇناسىپ، ئىرسالنامە كۆپىنچە قول ياغلىقلىرىغا، تاماكا خالتىسىغا پۈتۈلىدۇ. (قەغەزلەرگە يېزىلغانلىرىمۇ بار)

ئىرسالنامىدىكى تەسۋىرلەر ناھايىتى گۈزەل، تەسىرلىك، جانلىق ۋە كونكرېت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرسالنامە كۆپىنچە ئېفېمىزىم ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، گۈزەل تىل، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، مېتافورا ۋە مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق بەدىئى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا روشەن تەسىرات قوزغايدۇ. ئىرسالنامە ئەۋەتكۈچى يېپەك كەشتە ئارقىلىق ئىرسالنامىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى ئوبرازلىق رەسىملەرنى ئويىدۇ.

مەسىلەن: بەزىلىرىگە پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈل ياكى گۈل ئىشقىدا نالە قىلىۋاتقان بۇلبۇل ياكى قوش كارۋات، غەمكىن مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى چىرايلىق ھوسنى خەت بىلەن نەزمە يازىدۇ. ئۆز زامانىسىدا مەخسۇس ئىرسالنامە يازىدىغان ئۇستا خەتتات ۋە رەسساملار بولغان. ھازىر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىرسالنامىلار سالام خەتكە ئۆزگىرىپ، مەزمۇنىدىن تارتىپ تاكى شەكلىگىچە زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى. لېكىن يېزا - قىشلاقلاردا ھازىرمۇ ئىرسالنامە شەكلىنىڭ بەزى تەسىر - لىرى ساقلانغان.

مەسىلەن: قىز - ئوغۇللار، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپا - دىلەشتە ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسىنى چىرايلىق كەشتىلەپ، ئۇزىنىڭ سويگۈنىگە تەقدىم قىلىش، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى ئىپادە قىلىش ھازىرمۇ مەۋجۇت. بۇ شۇ خەلقلەرنىڭ مىللى سەن - ئىتىنىڭ ئالاھىدىلىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۆۋەندە بىرەر ئەسىر بۇرۇن يېزىلغان ئىرسالنامىلاردىن بىرقانچىسنى كورۇپ باقايلى:

بېيىتنامە

پۇتۇكنامە ئەۋەردىم قاشلىرىغا
تىلەپ دولەتنى ئالتۇن باشلىرىغا،
قانات بەرسە ئۇچۇپ بارسام قاشلىرىغا،
قارا قوچقاچ بولۇپ قونسام باشلىرىغا.

قارا قۇچقاچ بولۇپ چىقسام ھاۋاغا،
خۇداسالدى مېنى بۇنداق بالاغا،
سىغمىندۇق بىناھايەت ئۆزلىرىنى
تولا شىرىن مۇبارەك سۆزلىرىنى
نى سائەتتە كورەرمىز قىزىلگۇلدەك يۈزلىرىنى

× × ×

سۈزۈك چەشمە كوزلىرى، مېھرىبانىم ئۆزلىرى،
قايىلغانغا قايىلمايمىز، تاشلىۋەتكەن ئۆزلىرى.
مۇددىئا ئۆلدۈرگىم، بۇ باغدا بولساق ئىككىمىز،
قول تۇتۇشۇپ گۇللەرنى تاللاپ ئۈزسەك ئىككىمىز.
چۈن پىراغەت ئەشرىبان نەزمە قىلساق ئىككىمىز،

× ×

ئاقىنا ئايدەك يۈزۈڭگە قاپ ـ قارا خالىڭ بولاي
جان تەسەددۇق قوبول ئەيلە مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي،
دەپ سوزۇم تامام ۋەسسالام.

× × ×

ئايغا ئوخشار يۈزلىرى، چولپانغا ئوخشار كوزلىرى،
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ خەلقى ئالەم قىزلىرى،
ئەتىياز پەسلىدە كەلگەن قارلىغاچتۇر ئۆزلىرى،
تال چىۋىقتەك تولغىنارمەن يادىمغا كەلتۈرگەنسىرى.
قارا قاشىڭ قارا ساچىڭ ئەجەپ سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ،
سېنى يادى ئەتكەندە يۈرەك جان بىرلە قاخشايدۇ.

كېچە ـ كۈندۈز سېنى ئىزلەپ بۇ تەندە قالمىدى تاقەت
كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كوڭۈل ئازغانغا ئوخشايدۇ.

سامان ياڭلىغ سېرىق بولدى چىرايىم
سېزىپ كەتتى بۇ تەندىن ئۇستىخانىم،
كويۇپ گۈلدەك چىرايىم ھەم كۆل بولۇپتۇر
ساڭا مەن كويگەنى ئون يىل بولۇپتۇر.
قىزىل گۈلدەك يۈزۈڭنى پۇرىسام مەن
قونۇپ بۇلبۇل سۇپەتلىك سايرىسام مەن،
كورۇپ ئەردىم كوزۇم چۈشتى يۈزۈڭگە،
كويۇپ قالدىم سېنىڭ شىرىن سوزۈڭگە.
ئىلاجىم يوق مېنىڭ كويمەكتىن ئوزگە،
داۋا يوقتۇر مىنىڭ ئولمەكتىن ئوزگە.
ئوزۇم ئاجىز غېرىپ، يوقتۇر كىمىرسەم،
كىشى بولسا ئىدى بىر خەت ئىۋەرسەم.

× × ×

خەت

مۇھەللىپىراق① ۋاھـازەل ئىشتىياق② مۇبارەك جـامالىڭىز كوڭلۇمـگە يېقىن كوزۇمـدىن يىراق، چىقمىدى جان، يەتمىدى ئاھۇ ـ پىغان، ئول نازاكەت③ بوستانىنىڭ نەۋ باھـارى④ ھوسـنى ئىخلىمىنىڭ شاھۋارى⑤ مالامەت گۈلشىنىنىڭ گۈل ئۇزارى⑥ جـاندىن ئېزىز، قەندىن لەزىز، قەلەم قاشلىق، ئالـتۇن باشلىق، سۇەبۇل چاشلىق، كىيىك ژۇرۇشلۇك، غولىمان⑦ تۇرۇشلۇق، ئاي سائادەتلىك، ئاھ قىيامەتلىك، ئىپار بويلۇق، رىزۋان خـۇيـلۇق،

قەمەر[8] يۈزلۈك، شېكەر سۆزلۈك، ئاھۇ كوزلۈك، ئىززەتكە لايىق ھۆرمەتكە مۇۋاپىق، بەلەن مەرتىۋىلىك، كورۈشكە ئارزۇلۇق، مۇڭداشقىنى مۇڭلۇق بولغان مەھبۇبى مەشۇقى شاھىنىغا:

كەمىنە ئىشىق ئوتىدا كويگەن، بالا ۋە مېھنەت دىشتىدا ئورتەنگەن، كېچىلىرى بىئارام بولغان، كۈندۈزلىرى بىقارار بولغان، دىلى پۇرغەم، كوزى پۇرنەم، ئاشىقى سەرۋا نازىم،[9] مەشۇقى دىلناۋازىم،[10] ئوزلىرىدىن يىراقتا چۈشكىنىم مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىكى، پەرھات ـ شىرىندىن، لەيلى ـ مەجنۇندىن، تاھىر ـ زوھرادىن، ۋامۇق ـ ئوزرادىن، يۈسۈپ ـ زىلەيخادىن، غېرىپ ـ سەنەمدىن، بېلىق دەرياسىدىن، سەدەپ ـ گوھەردىن، گۈل ـ غونچىدىن، بۇلبۇل ـ باغچىدىن، كېيىك ـ تاغىدىن، چىراق ـ ياغىدىن، قوي ـ قوزىسىدىن، توگە ـ بوتىسىدىن، قارىغۇ ـ ھاسىسىدىن، دىخان ـ ئارىسىدىن، دۇتتار تارىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتتۇق......ئوزلىرىدىن ئايرىلغاننىڭ بۇ تەرىپىدە باغرىم كاۋاپ، ئەھۋالىم خاراپ، ئىككى كوزۇم پىراپ، كەيگىنىم كىپەن، يىگىنىم تىكەن، ئىچمىگىم غەم بولۇپ كېچە بولسا يۇلتۇز ساناپ، كۈندۈزلىرى يولغا قاراپ، مىرادىمغا يېتەلمەي يا بىر تەرەپكە كېتەلمەي، مۇھەببەت شىۋىسىدە سېزىپ سەرۋىنىڭ بوتىسىدا[11] ئېزىپ پىراق ئوتىنى باشلاپ ئىككى كوزۇمنى ياشلاپ، گەدىنىمنى قاشلاپ، ھېچ چارە تاپالماي، كورۈشكەندە ئەھۋالىمنى ئېيتالماي، نائىلاج كوز ياشىمنى بايان قىلىپ، كىرپىگىمنى قەلەم قىلىپ، ئوزەمگە ـ ئوزەم ئەلەم قىلىپ نالايىق رۇقىيە[12] ئىرسال قىلىندى.

دېمەك؛ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگىراپىك شەكىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدە-

بىياتىنى يارىتىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋە خەلق ئىچىدە باھالايدىغان مۇھىم كورەك سەھنىسى بولۇپ كەلدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا، ئەۋلاد-تىن - ئەۋلادقا دەۋردىن - دەۋرگە داۋاملىشىپ راۋاجلىنىشىدا مۇ-ھىم ئەنئەنىۋى ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرى كەڭ جارى قىلىنىپلا قالماي، ناخشا، ئۇسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىنى راۋاج-لاندۇرۇشقىمۇ كەڭ زىمىن ھازىرلاندى. بۇ ئارقىلىق ناخشا-ئۇسۇل ۋە مۇزىكا بىر گەۋدە بولۇشتەك ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەن-دۈردى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئېتنوگرافىك شەكىللەرنى ئۈگىنىش، تەتقىق قىلىش—ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارى-خى تەرەققىياتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە پىسخولوگىيەسىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم دەستۇرى بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، تۈرى ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشنىڭمۇ مۇھىم دەستۇرىدۇر. شۇڭا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىز-لىنىش، ئۈگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم.

---

"خەت" ئىچىدىكى ئىزاھاتلار:

① ھەۋەلپىراق—ئول پىراق ② بۇ ئىشتىياق. ③ نازۇكلۇق. ④يېڭى باھار، باش باھار، ⑤ چىرايلىقلار ئېلىنىڭ تاتلىق شاھى ⑥ گۈل يۈزلۈك، ⑦ ياش ئۆمۈر ⑧ ئاي ⑨ سەرۋە دەرىخىدەك نا-زۈك. ⑩ كوڭۈلگە ياقىدىغان، ⑪ ھاۋانچە تېشى، ⑫ باغاق، خەت مەنىسىدە.

## ئىككىنچى باپ

### ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

"قوشاق" دېگەن بۇ ئاتالغۇ "قوشۇش"، "قوشۇق"، "قوشاش" دېگەن سوزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سوزلەرنىڭ تەرتىپلىك يوسۇندا بەلگىلىك قاپىيە بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلۇشى دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ نام، ئۇنىڭ نەزمىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

قوشاق ئۇزىنىڭ تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى، ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنىڭ چىنلىغى، چوڭقۇرلۇغى، ئىجتىمائى تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىغى، شەكلىنىڭ خىلمۇ-خىللىغى، بەدىئى تۇزۇلۇشىنىڭ گۇزەللىگى ۋە ئاممىباپلىغى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى.

ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ باشلىنىشى بولغىنىدەك، قوشاق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

قوشاق — قوشاق، ناخشا (غەزەل)، بېيىت ۋە باللار قوشىغىنىڭ ئومۇمى نامى، خەلق ئىچىدىكى ئومۇمەن رەتلىك، ئولچەملىك، ئىخچام، قاپىيىلىك شېئىرى ئەسەرلەر "قوشاق" دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشاق ھەجىم جەھەتتىن قىسقا ھەم ئىخچام بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر پىكىر ياكى ھالەتنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا لىرىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ھېس-تۇيغۇ ئەدەبىياتى دەپمۇ ئاتاش مۇمكىن.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان كۆزقارى-شىنى ئىپادىلەيدۇ. دەسلەپكى كاممۇنا دەۋرىدە بولسا كىشىلەر-نىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشىنى، تەبىئەتنى بوي سۇندۇ-رۇش ئارزۇسىنى، ئەمگەكتىكى ئېغىرچىلىقنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش تەلىۋىنى ئىپادىلەيدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە بولسا، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپ-لارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، ئىسيانكارلىق روھىنى، ئۇلار-نىڭ غايە ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆت-كۈر قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا كۈچلۈك ئىدىيە-ۋىلىككە، جەڭگىۋارلىققا ۋە رېئاللىققا ئىگە.

نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يارىتىلىپ، تەرەققىي قىلىپ دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كونكرېت دەۋرلەرگە بولغان كونكرېت مۇناسىۋىتىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ كونكرېت مەنبەسىنى ئېنىقلاش ۋە چۈشەندۈرۈش قىيىن. لېكىن تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرى-لەنگەن قىسمەن قوشاقلار، بولۇپمۇ بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ 11-ئەسىردە يازغان «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ

خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم دەستۇردۇر.

«تۈركى تىللار دىۋانى»غا 300 گە يېقىن خەلق قوشىغى كىرگۈزۈلگەن. بۇ قوشاقلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئىپتىدائى جەمئىيەت تۇرمۇشىدىن تارتىپ كېيىنكى فېودالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەر بولغان قىسمەن تۇرمۇش كارتىنىسىنى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى خۇسۇسىيىتىنى كورۈۋېلىش مۇمكىن.

مەسىلەن: يىگىتلىرىگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يىمىش ئىرغاتۇ.
قۇلان كىيىك ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئاۋنالىم.
تەرجىمىسى:
يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
ياغاچ مىۋە ئۈزدۈرۈپ،
قۇلان، كىيىك ئوۋلىتىپ.
بايرام قىلىپ كوڭۇل ئاچايلۇق.

بۇ قوشاقتا قەدىمقى ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنكاس قىلىنىدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى جەڭ قوشىقى بىلەن مەرسىيە قوشىقىنى تېخىمۇ تەپسىلى تەھلىل قىلغاندا، بۇ قوشاقلارنىڭ ئىنكاس قىلغان تارىخى دەۋرىنى تېخىمۇ روشەن چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، تۈرى ئىنتايىن كوپ بولۇپ، بۇ قوشاقلارنى قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن (بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن مەنچىڭ دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ) ئەمگەك قوشاقلىرى، سىياسىي قوشاقلار (ئىجتىمائىي قوشاقلار)، تۇرمۇش قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئورپ-ئادەت قوشاقلىرى دەپ بىرقانچە تۈرگە بولۇش مۇمكىن، يەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە شەكىل پەرقىگە قاراپ، لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى، ئىلى خەلق قوشا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق قوشاقلىرى دەپ يەنە بىر نەچچە تۈرگە بولۇش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىش جەھەتتە لىرىكىلىق قوشاقلار، سيوژىتلىق قوشاقلار دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى، تۈرى، شەكلى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئايرىم-ئايرىم توختىلىمىز:

## ئەمگەك قوشاقلىرى

ئەمگەك قوشاقلىرى ئەمگەك تېمىسىغا بېغىشلانغان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى، ئەمگەك كوزقارىشى توغرىسىدىكى قوشاقلاردۇر. ئەمگەك قوشىقى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان قوشاقلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ بارلىق قوشاقلارنىڭ باشلىنىشى. ئەمگەك جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرى پەيدا بولغاندىن كېيىنلا ئەمگەك ناخشىلىرى ئەمگەك ھالىتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش شەكلى بولغان. ئەمگەك رىتىمى بىلەن

ئىنتايىن زىچ باغلانغان "خامان ناخشىسى"، "چاق ئىگەرىش ناخشىسى" "بوشۇك ناخشىسى" "سالچىلار ناخشىسى" "كالا سېغىش ناخشىسى"، قاتارلىق ناخشىلار ئەمگەك ئېھتىياجىغا بىۋاستە ماسلاشقان بولۇپ، ھارغىنلىقنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، روھى ھالەتنى كوتىرىش جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

مەسىلەن، "خامان ناخشىسى" نى ئالايلى:

دەسسەڭلار يەنچىڭلار، جانۋارلىرىم،
مەيدان بولسۇن،
داننى ئايرىپ چەشلەڭلار،
خامان بولسۇن،
لاي - لاي، لاي - لاي.

بۇ خىل قوشاقلاردا ئەمگەك ھالىتى ۋە ئەمگەك رىتىمىگە ماس كېلىدىغان ھەر خىل تاۋۇشلار بىرلىشىپ، رىتىملىق ۋە مۇزىكىلىق ناخشىلارنى پەيدا قىلغان. "بوشۇك ناخشىسى" نى ئالايلى:

تۇڭلۇك بېشىغا ئاي كەلدى، ئەللەي، بالام ئەللەي،
دادىڭىز مۇسا كەلدى، ئەللەي، بالام ئەللەي،
بىدە سىلىپ يوبدان ئىتەي ئەللەي، بالام ئەللەي.
ئەمدى ئويگە نان كەلدى ئەللەي، بالام ئەللەي.

بۇ قوشاقنىڭ ۋەزنى، رىتىمى ئانىنىڭ بوشۇك تەۋرىتىش ھەركىتىگە ماسلاشقان بولۇپ، "ئەللەي" سوزى رىتىم بولگۇچ

سۇپىتىدە ھەرىكەت ۋە ئاھاڭغا ماسلاشقان، بۇ ئەمگەك رېتىمىنى تەڭشەش، ئەمگەكتىن روھى ئوزۇق ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

پەقەت ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىلا ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغۋارلىغى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك سويەر روھى شېئىرى ئوبراز ئارقىلىق چوڭ - قۇر ئىپادىلەنگەن، نۇرغۇن ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئەمگەك ھەققى ئىنسانلىق، ۋە ۋىجدانلىقنىڭ شەرتى بولۇپ جاراڭلايدۇ.

مەسىلەن:

قىزىلگۇلۇم قات - قات ئېچىل،
ياڭزاڭنى كورسەت.
يىگىت بولساڭ كەتمەن تۇتۇپ،
بەڭسىڭنى كورسەت،

× ×

كەلمەستە سايىنىڭ تاشقىنى،
چىڭداپ ئېتەيلى توسمىنى،
تاشقىن ئەكەتسە توسمىنى،
نەگە قويارسىز ئوسمىنى.

ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئوزىنىڭ ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئەمگەك تۇرمۇشىنى، ئەمگەك مەنزىرىسىنى ئاجايىپ ئىشتىياق ۋە چىن ھىسسىياتى بىلەن سۇرەتلەيدۇ. ئەمگەك ئوبرازىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىسى ئەمگەك قوشاقلىرىغا مەنسۇپ. نۇرغۇن ئەمگەك قوشاقلىرىدا يالغۇزلا ئەمگەك مەنزىرىسىلا ئەمەس، بەلكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەككە بولغان ساپ ئىشقى، ئوپتىمىزىملىق

روھى جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى "ئوما قوشىغى" مانا مۇشۇ خىل قوشاقلارنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

ئوما قوشاقلىرىدا يالغۇزلا ئوما مەنزىرىسىلا ئەمەس، مۇ-ھىمى ئەمگەكچى خەلقنىڭ روھىي دۇنياسى، ئەمگەكچى قىز-يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سۆيگۈ — ئەقىدىسى كۈچلۈك جاراڭلايدۇ. سۆيگەن يىگىتلىرى ئومىغا كەتكەن قىزلار:

ئوما ئورىسەن كۆندە،
تالمادۇ بىلەكلىرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ.
........................

دەپ يىگىتلىرىنى يات قىلسا، ئوما ئەمگىكى جەريانىدا ئۆز سۆيگۈنىنىڭ دىدارىغا قانمىغان يىگىتلەر سۆيگىنىنى ئۆزلىرى تەر ئاققۇزغان ئوملىقتا چىللايدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ مۇھەببىتىنى ئاشۇ ئەمگەك قوينىدا تاۋلاش ئۈمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوما ئوردۇق ئېتىزدا،
ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا،
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
بۇغدايلىقتا، ئېگىزدا.

"ھارۋىكەشلەر ناخشىسى"، "كانچىلار ناخشىسى" "خاڭچىلار ناخشىسى" "سالچىلار ناخشىسى" "چاق ئەگىرىش ناخشىسى" ۋە

ھەر خىل ھۈنەر كەسپلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار ئاشۇ خىل ئەمگەك تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەم كۈرەشلىرىنىڭ سەنئەتتىكى ئىپادىسىدۇر.

بۇ خىل ئەمگەك قوشاقلىرى ئىچىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ "ھارۋىكەش ناخشىسى" ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئۇنىڭدا كوپىنچە غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىغىدا بولغان ھارۋىكەشلەرنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. ئوتمۇشتە بۇ ئارىلىقتىكى ھارۋا يوللىرى ناھايىتى ناچار ئىدى. خىيىم - خەتەرلەر كوپ ئىدى. يىمەك، ئىچمەك، يەم - بوغۇز قىس ۋە قىممەت ئىدى. ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتتىمۇ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ساق سالامەت يېتىپ كىلىش ئۇچۇن 40 — 50 كۈن يول يۇرۇشكە توغرا كىلەتتى. لېكىن سالامەت كەلگۈچى ھارۋىكەشلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاشۇ "يول ئازاۋى — گور ئازاۋى" دىگەندەك قىيىن ئەمگەك شارائىتى ۋە دەرت - ئەلەملەر توغرىسىدا ھارۋىكەشلەر مۇنداق قوشاق توقۇغان:

تەلكىنىڭ يولى يامان،
جۇدۇن - چاپقۇنى ئاندىن.
يوللاردا جاپا - تارتىپ،
تويۇپ كەتتۇق بۇ جاندىن.

سايرام بويىنى بويلاپ،
سەنتەيگىدىمۇ قايرىلدۇق.
ئۈرۈمچىگە كەلگۈنچە،
ئات - ئۇلاقتىن ئايرىلدۇق.

جەنۇبىي شىنجاڭدىن مۇزداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا ماڭ-
غان توگىچىلەرمۇ مۇنداق قوشاق توقىغان:

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ؟
ئىلىغۇغا بارغۇنچە،
جېنىمىز ئامان بارمۇ؟

"خاڭ قوشاقلىرى"دا ئىنتايىن قالاق ئىشلەپچىقىرىش
قوراللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان خەتەرلىك ھەم دەھ-
شەتلىك ئەمگەك شارائىتى ئىزھار قىلىنىغان بولۇپ، بۇ خىل
قوشاقلارغا ئەمگەكچى ئىشچىلارنىڭ دەرت - ئەلەملىك، غەمكىن
ھېسسىياتى سىڭگەن:

خاڭنىڭ ئىچى قاراڭغۇ،
قولىمىزدا دىڭخۇلۇ.
دىڭخۇلۇنى ئۆچۈرۈپ،
قوغلاپ چىقتى مىڭخۇلۇ①

زوخاڭدىن چۇشۇپ بېرىپ،
سۇنى چاپقان ئوخشايمەن.
بېرىشى سۇنۇق ياماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن.

---

① خاڭ تېگىدىن چىقىدىغان زەھەرلىك گاز.

كاڭشۇ پاڭزىدا ياتسام،
گۇڭتۇ كېلىپ قوغلايدۇ.
ئاچ قالغان يېتىمچىلەر،
جىڭمۇمىغا تويامدۇ؟

"كانچىلار ناخشىسى" دىمۇ ئەمگەكنىڭ جاپا - مۇشەققىتى، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بايان قىلىنىدۇ:

ئالتۇن تاپماق جان بىلەن،
رەندە سالماق نان بىلەن،
سەھەر چاغدا خوشلاشتىم،
مېھرىبان ئانام بىلەن.

بوغاز لەڭگەر①دىن چىقىپ كەلدۇق.
چېقىل② ئارقىسى دىگەن جايغا.
كېچە - كۈندۈز تاش كولاپ،
جاپا سالدۇق ئېزىز جانغا.

چېقىل ئارقىسىدا ئىشلەپ،
مۇرادىغا كىم يەتتى،
ئۆلۈپ قالغان كانچىلار،
ئىگىسى - ئاياغى بىلەن ياتتى.

① بوغاز لەڭگەر كىرىيىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.
② چېقىل كىرىيىدىكى ئالتۇن كان بار جاينىڭ ئېتى.

بىردىپ يارىمغا ئېيتىڭلار،
كىشىلەر چىقمىسۇن كانغا.
كىشىلەر چىقسا بۇ كانغا،
يۈرەك باغرى تولار قانغا.

"پادىچىلار ناخشىسى" دىمۇ پادىچىلارنىڭ مۇڭزارى بايان قىلىنىدۇ:

ھەجەپ ئىلدامشىپ كەتتى،
بۇ قويلارنىڭ ئاياغى،
قارىسام كوزۇم يەتمەس،
بۇ جاڭگالنىڭ يىراغى.

بېشىمىزنى تىشۋەتتى.
ئەيسا بەگنىڭ تاياقى.
ھەجەپمۇ قىيىنىلىنىپ كەتتى،
پادىچىنىڭ جانلىرى.

قويلارنى خىللاپ يەيدۇ
ئاچكوز بورە باللىرى.
كىپەك بىلەن لويلىكەن
پادىچىنىڭ نانلىرى.

پادا بېقىپ جاڭگالدا،
ئۈستى بېشىم قالمىدى.

زالىملارنىڭ دەردىدە
ئەقلى ھوشۇم قالمىدى.

ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلار ھوكۇمرانلىق قىلغان ئوتمۇش جەمىيەتتىكى ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەككە بولغان مۇناسىۋىتى دەرت-ئەلەم بىلەن بىر پۈتۈن بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. ئوتمۇشتىكى ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالغان ئەمگەكنىڭ سىنىپىي زۇلۇم بىلەن بىرلەشكەنلىكى، ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ھوكۇمرانلىق قىلىش بىلەن ھوكۇمرانلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەمگەك قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - يېشى بىلەن يۇغۇرۇلغان.

ئۇيغۇر خەلقنىڭ زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى قىسمى ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېودالىزىم جەمىيىتى شارائىتىدىكى ئەمگەك پائالىيىتىگە مەنسۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېخانچىلىق ئەمگىگى توغرىسىدىكى قوشاقلار ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بىز بۇ قوشاقلار ئارقىلىق دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولغان فېودالىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدىكى ئەمگەكنىڭ زۇلۇملۇق ۋە ئالۋاڭلىق خاراكتېرىنى، بۇ ھەددى ھېساپسىز ئېغىر كۈلپەتلەر ئىچىدە ئۆزلىرى ياراتقان ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ بارغانسېرى قاششاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى، نەتىجىدە بۇ كۈلپەتلەر دەستىدىن ئۆزلىرىنى بۇ ھالەتكە گىرىپتار قىلىۋاتقان فېودالىق تۈزۈمىنىڭ ياۋۇزلۇغىنى چۈشىنىشكە باشلاپ، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەشكە

ئاتلانغانلىغىنى، ئەمگەك ئازاتلىغىغا بولغان قەتئى ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئولتۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يەر شارائىتىدىن قارىغاندا، دېخانچىلىق ئەمگىگىدىكى مۇھىم مەسىلە سۇ بولۇپ كەلگەن. سىنىپى زۇلۇمۇ دەل سۇ مەسىلىسىدە جىددى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا سۇ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم تېمىسى ۋە ئاساسى ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگۈچى مۇھىم ئامىلدۇر. شىنجاڭدا ئۇزۇن تارىختىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن سۇ قىيىنچىلىغى دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا زور توسقۇنلۇقلارنى تۇغدۇرۇپ كەلگەن. قالاق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بۇ جەھەتتە تەبىئەتكە قارشى كۈرەشنىڭ ئۈنۈملۈك غەلىبىسىنى تەمىنلەشكە ئاجىز ئىدى. ئەمگەكچىلەر قانچە ئىشلىگەن بىلەن ئۆزلىرىگە نەپ بەرمەيدىغان بۇ سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى "ئالۋاڭ، ھاشا" دەپ بىلەتتى. بۇنداق سۇ قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن چاپقان ھەر بىر كەتمىنىگە ئىچى ئاغرىيتتى. تۆۋەندىكى قوشاقلار مۇنداق خورلۇقنى، ئادالەتسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ:

مىراپلار مىنەر تايغا،
سۇنى ياقىلار بايغا.
كەمبەغەللەر سۇ دېسە،
بېشىنى تىقار لايغا.

دەريادىكى سۇلارغا،
مىراپ دېگەن باش ئىكەن،

ئادالەتنى بىلمەيدۇ،
كوڭلى قارا تاش ئىكەن.

بۇ سايلار ئۇزۇن سايلار
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
شۇنچە ئىشلەپ هاشاغا،
تۇگمتەلمەي باش قاتتى.

بىراق ئەمگەكچى دىخانلار بۇ ئادالەتسىزلىكتىن، ئاۋاڭ هاشادىن زارلىنىش بىلەنلا توختاپ قالغىنى يوق، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى يالقۇنلۇق غەزەپ-نەپرەت ۋە كۇرەش ئىرادىسى بىلەن جاۋاپ بەردى:

ئۇستەڭ ياقىلاپ يۇرۇپ،
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرمىغىن بەگلىرىم،
بىز بېرەرمىز جازاڭنى.

سىنىپىي زۇلۇم، سىنىپىي كۇرەش "دودشاڭ① قوشاقلىرى" ۋە "خاڭ قوشاقلىرى"دا تېخىمۇ كەسكىن ئىپادىلىنىدۇ. گوڭ-تۇ-بوتۇڭ ئارقىلىق پومىششىككە ئوز ئەمگىكىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان جاپاكەش مەدىكارلارنىڭ دودشاڭدا قانداق كۇلپەت تارتقانلىقى دودشاڭ قوشاقلىرىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

---

① دودشاڭ خاڭ ئىسمى

سېسىق سۇدا ئىشلەيمىز،
قولىمىزدا چەنچەيزە.
تىقمىغۇنچە پاتقاقا،
بېشىمىزدا كۈن نەيزە.
دودشاك دىگەن كەيزە،
ئوتايمىز قومۇش بەيزە.
رەڭگىمىزنى كورگەندە،
زەپىرەڭمىكىن دەيسە.

بۇ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بولارنىڭ يۈرىگىدە ئەزگۇ-چىلەرگە قارشى ئۆچمەنلىكنى ئويغىتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىلىرىگە يوللىغان سالامنامىلىرىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
دودشاڭدا دەڭلا.
رەڭگى روھى زەپىرەڭدەك،
سارغايدى دەڭلا.
قارا قاشلىق يار سورىسا،
ئوتۇڭدا دەڭلا.
قىيامەتلىك ئوچى باركەن
بوتۇڭدا دەڭلا.

ئۆزىنىڭ لىرىك خۇسۇسىيىتىگە بايلىغى، ئوما رىتمىگە ماس-لاشقان مۇزىكىچانلىغى بىلەن ئەمگەك تۇرمۇشىغا كەڭ سىڭگەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك ئىشقىنى تولىمۇ جانلىق ئىپادىلە-

گەن ئوما قوشاقلىرىدىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە ئاسارىتىدىكى ئېچى-نىشلىق مەنزىرە ئەلەم بىلەن كۆيلىنىدۇ.

ئومىنى تولا ئورۇپ،
بەللەر مۈكچىيىپ قالدى.
خامانىنى ئۇسار چاغدا،
باللار ئومچىيىپ قالدى.

بۇ مىسرالاردا ئەمگەكچى دېخاننىڭ ئۇچيۇز ئاتمىش كۈن دەرت توكۈپ، جاپا تارتىپ ئۇندۇرگەن مەھسۇلاتىنىڭ ئىجارە (يەر سېلىغى) ئوسۇم ۋە تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقلار دەستىدىن ھەر تەرەپكە سورۇلغانلىغى، بۇ ھوسۇلدىن مەھرۇم بولغان دېخان ئائىلىسىنىڭ قايغۇ-ئەلىمى ئەكس ئېتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى قوشاقلار تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

باياۋانغا ئاش تەردىم،
چورىسىگە ماش تەردىم.
خامانىنى بېرىپ قەرزگە،
ئېڭىزلىقتا باش تەردىم.

دېمەك ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئەمگەك قوشاقلىرى، ئىپتىدائى جەمىيەتتە كىشىلەرنىڭ تەبىەت بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرى بولسا، سىنىپى جەمىيەتتە سىنىپى زۇلۇم بىلەن باغلانغان ئېچىنىشلىق ئەمگەك تۇرمۇشىنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرىدۇر.

ئەمگەك قوشاقلىرى يەنە كىشىلەر ئارىسىدىكى ھورۇنلۇق ـ نى ھەجۋى قىلىپ، كىشىلەرنى ئەمگەك سۆيۈشكە، ھالال تەر ئاققۇزۇپ ھايات كەچۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.

مەسىلەن:

بارمۇ يوقمو ئاراڭلاردا،
شۇنداق بىر كىشى.
كىچىك ئەمەس، گودەك ئەمەس،
يارامسىز ئىشى،
ئەتىگەندىن خۇپتەنگىچە،
ئۇيىنىشى قارتا،
ئىشقا چىققسا شۇ ھامانلا،
ئاغرىيدۇ بېشى.
قىلىقلىرى بەكمۇ لاۋزا،
گېپى تېتىقسىز،
ئۇنى ئاز دەپ ھەر قەدەمدە،
سورىلەر پېشى.
ئۇنداق ـ مۇنداق سوزلەر ئاڭا،
يېقىن كەلمەيدۇ.
قىز جۇگاننى كورۇپ قالسا،
سەكرەيدۇ قېشى.
ئاز بولسىمۇ ئىچىۋالماي،
كۈنى ئۆتمەيدۇ،
يىقىلىپ قوپۇپ قۇسۇپ يۈرمەك،
ئەڭ ئوبدان ئىشى.

كېلىك دوسلار مۇنداقلارنىڭ،
سىرىنى ئاچساق،
ئادەم بولۇر، كورگەن يەردە،
ھىجايماس چىشى.

ئەمگەك قوشاقلىرى ھەققىدە سوزلىگەندە شۇنى تەكىتلەپ ئوتۇش كېرەككى، ئېكىسپىلاتاتۇرلار تەرىپىدىن توقۇلغان ئەمگەك-نى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى پەس كورۇش ئىدىيىسى تەر-غىپ قىلىنغان قوشاقلارمۇ بار، مەسىلەن:

مەن ئوزەم بەگ بالىسى،
ئىشقا ئانچە بابىم يوق...
بەرسەڭىز پولو بىرىڭ،
سۇيۇق ئاشقا تاۋىم يوق.

بۇ سىنىپى كۇرەشنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئىنىكاسى، بۇنداق قوشاقلار ئەمگەك قوشاقلىرى ئىچىدىكى شاكالالاردىن ئىبارەت.

## سىياسى قوشاقلار

سىياسى قوشاقلار ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىما-ئى ھاياتىدا بولغان سىياسى ھىس تويغۇسىنى ۋە كوز قارىشىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن ئىجات قىلىنغان. سىياسى قوشاقلار ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ جەمىيەتتىكى بەزى سىياسى ئوز-

گىردىش، سىياسى تەدبىر، سىياسى ئەرباپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىياسى ۋەزىيەتكە بولغان ئاساسى تونۇشىنى، پوزىتسىيىسىنى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسى غايىسىنى، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشچان روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

سىياسى قوشاقلار سىياسى ۋە ئىجتىمائى مەزمۇنغا بايلىقى ئېنىق خاھىشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى غەزىنىسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. سىياسى قوشاقلاردا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ۋەھشىلىگى، ئەكسىيەتچىلىگى، ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، فېئودال ھوكۇمرانلارنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسى كۆچلۈك پاش قىلىنغان، دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرىمانلىرى مەدھىيىلەنگەن.

سىياسى قوشاقلار سىنىپى زىددىيەت ۋە سىنىپى كۈرەشنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

كونا خەلق قوشاقلىرىدىكى سىياسى لىرىكىلارنىڭ كوپۇنچىسى شىكايەت نامە بولۇپ، ئالدى بىلەن سىنىپى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇستىدىن شىكايەت ئوقۇپ، فېئوداللىق جەمىيەتتە فېئودال پومىشىكلارنىڭ دېخانلارنى يەردىن ئىبارەت بۇ "ئالتۇن قوزۇق"قا باغلاپ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغانلىقى پاش قىلىنىدۇ:

يەرنىڭ ئوبدىنى بايدا،
كەمبەغەلگە يەر قايدا.

باي غوجام ياتار ناغدا،
كەمبەغەل ياتار سايدا.

كەڭ دىخانلار ئاممىسى مۇبادا ئازغىنە يېرىدە بىرەر ھوسۇل ئۇندۇرسە، ئۇنىڭ تەگدىن تولىسى يەر بېجى، جازانىخورلارنىڭ ئوسۇمى، ھوشۇر زاكات ۋە تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ سېلىقلار دەستىدىن سورۇلۇپ كېتەتتى. دىخانلار بولسا كوپ چاغلاردا خاماندا پەقەتلا قۇرۇق ئارىنى قۇچاغلاپ قالاتتى. كەمبەغەل دىخانلارنىڭ بۇ دەرت ـ ئەلىمى توۋەندىكى قوشاقلاردا ئوزىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋە غەزەپلىك ئىپادىسىنى تاپتى:

ئالۋاڭ كەلدى ئالامەت،
چېكىۋەدۇق نادامەت.
كىچىككىنە يەر ئۇچۇن،
بىزگە بولدى قىيامەت.

ئومىنى تولا ئورۇپ،
بەللەر مۇكچىيىپ كەتتى.
ئالۋاڭنى تولەلمەستىن،
جېنىمىز ئېقىپ كەتتى.

سىياسى قوشاقلاردا ئوتمۇشتىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى، ئۇنىڭ ھەر خىل تۈزۈملىرىنى، فېودال ئەمەلدارلارنى بىۋاستە سوكىدۇ. خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان نەپرىتىنى ۋە ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ:

بەگلەر كەلدى قېشىمغا،
ھاشا سالدى بېشىمغا.
بايلار كەلدى قېشىمغا،
ئوغا سالدى ئېشىمغا.

بىرمو يەرگە ئون ھاشا،
ئون مو يەرگە بىر ھاشا.
يۈز مو يەرگە يوق ھاشا،
مىڭ مو يەرگە تاماشا.

× × ×

بەگلىرىم بەگلىك قىلادۇ،
دوغىسى ئالۋاڭ بىلەن.
ئاخۇنۇم پەتىۋا قىلادۇ،
راستى يوق يالغان بىلەن.

سىياسى قوشاقلاردا ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئاچكوزلۇگى، تەييارتاپلىغى مەسخىرە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شەرمەندە ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارا ئېچىپ تاشلىنىدۇ:

باي غوجامنىڭ ئويىدە،
يارمىغان كوتەك.
ئىشلەپ بەرسەك بەرگىنى،
سېسىغان كىپەك.

باينىڭ خوتۇنى ئايشەك،
بايغا سالدۇ چۇشەك.
بىز بىلەن نىمە كارى،
سوغاقتا مۇزلىساق، ئۇلسەك.

باينىڭ قىزى ئايسارە،
ئىتى بىلەن ئاۋارە،
كەمبەغەللىنىڭ باللىرى،
ئاچلىقتىن قىلار نالە.

يەنە بەزى سىياسى قوشاقلاردا فېئودالىزمنىڭ مۇقەددەس تايانچىسى بولغان دىنى ئېكسپىلاتاتسىيەنى، ئاچكوز روھانىلارنى پاش قىلدۇ. بۇنداق قوشاقلار كوپىنچە ھەجۋى خاراكتېرنى ئالغان:

ھوشۇر باقى، مەخپىرقازى، نورى ساغلىق،
پۇقرالارنىڭ يۇرەك باغرىنى قىلدى داغلىق.
قارى بولغان بەچچىغەرلەر شۇنداق بولسا،
ئاخىرەتتە راھەت كورەر يېرى چاغلىق.

تۇۋەندىكى قوشاقتا ئاچكوز موللىلارنىڭ زىياپەت ۋە نەزىرلەردىكى دۇئاسىنىڭ ماھىيىتى، دىن بىلەن نىقاپلانغان ئېكسپىلاتاتۇرلۇق ئەپتى-بەشىرىسىنى تېخىمۇ جانلىق پاش قىلغان، ئاچكوز روھانىلار كېلىشتۇرۇپ ھەجۋى قىلىنغان:

ئاللا ھۇممە گاچ ـ گاچ،
قارنىم تويدى، كوزۇم ئاچ.
يىراق قىلما نەزەردىن،
قۇرۇق قويما نەزىردىن.
قوسۇغۇمنى كەڭ قىلساڭ،
كويىقاپقا تەڭ قىلساڭ،
ئالتۇەرسەم بەرمىسەم،
قىيامەتكە بارمىسام.
بارىغا پەتە،
يوقىغا ئەتە.
ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

نۇرغۇن سىياسى قوشاقلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاپ ـ ئوقۇبەتـلەرنىڭ فېودالـلىق ئىجتىمائـى تۈزۈمىدىن كەلگەنلىكى توغرىدىن ـ توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

ھەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.
يۇرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئورىلەي دەيدۇ.

سىياسى قوشاقلاردا خەلق ئوزلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقـ دىرىدىن زارلىنىپلا قالماي، بەلكى ئوزلىرىنى مۇشۇ خىل تەقـ دىرگە گىرىپتار قىلغان زالىم ھوكۇمرانلارغا بولـغان قەھـرى ـ غەزىۋىنىمۇ ئىزھار قىلىدۇ:

شاڭيۇ، لوزۇك ھەم خاڭتۇ،
يىيىشى پولۇ، مانتۇ.
ھەي ئەمەلدار بۇ يۇرتنا،
بىز تۇرايلى، يا سەنتۇ.

قولۇڭدىن كېلەر بولسا،
مەيدانىڭدا ئاتقۇزۇۋەت.
چېقىشتۇرۇپ ئامبالغا،
زىندانىڭدا ياتقۇزۇۋەت.

سىياسى قوشاقلار ئىچىدە زىندان كۈلپەتلىرىگە، ھاشا-سې-لىقلارغا بېغىشلانغان قوشاقلار ئىنتايىن جەڭگىۋار. بۇنداق قو-شاقلاردا زۇلۇم ئۈستىدىن زارلىنىشلا ئەمەس، بەلكى ئىسيانكار-لىق روھ، كۈرەش مارشى جاراڭلايدۇ، ئۇلار "بۇ دۇنيانىڭ دوزىغى" بولغان زىندان زۇلۇملىرى ئالدىدا تىز پۈكمەي ئۇزلۇ-رىنىڭ كۈرەش ناخشىلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
زىنداقدا دەڭلا.
ئالالمىغان ئەنتىم ئۈچۈن،
ئارماندا دەڭلا.

× ×

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەرتلەرگە نىمە دەيلىك.

## ئەركىنلىكتە بەل بەغلاپ،
## ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

مانا بۇ ئۇتمۇش جەمىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقى يۈرەك ساداسى، شۇنداقلا كۈرەش سىگنالىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە سىياسى قوشاقلار بىلەن بىللە تارىخىي قوشاقلارمۇ بار. تارىخىي قوشاقلار تارىخىي ئەھمىيەتلىك كونكرېت ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرگە بېغىشلانغان قوشاقلاردۇر.

يولداش ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دىگەن ئەسىرىدە "پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ دېخانلار ئۈستىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئىقتىسادى ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىياسى زۇلمى دېخانلارنى پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كوتىرىشكە مەجبۇر قىلدى... جۇڭگونىڭ فېودالىق جەمىيىتىدە دېخانلارنىڭ سىنىپى كۈرەشلىرى، ئەنە شۇنداق قوزغىلاڭ ۋە ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلىرىلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقى ھەركەتلەندۇرگۇچ كۈچى بولغان ئىدى" دىگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى تارىخىي قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخنىڭ گۇۋاچىسى. تارىخىي قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆگىنىشتىلا ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردە (19 - ئەسىردىن بۇيان) شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرگە باغلىنىشلىق بولغان تارىخىي قوشاقلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

"سىپىل ناخشىسى" — 1755 - يىلى مەنچىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلارنى تىنجىتىپ، شىنجاڭدىكى ھوكومرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇندىن ئېتىۋارەن جۇڭغارلارنىڭ گېجۈيلۈك ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، شىنجاڭ رايونى قايتىدىن بىرلىككە كەلدى.

مەنچىڭ ھوكۇمرانلىرى نۇرغۇن ئەسكىرى كۈچىنى ئىلىنىڭ كۈرە شەھىرىگە توپلىدى. چېگرىنى قوغداش ۋە خەلقنى باستۇرۇش ئۈچۈن شەھەرنى قورشاپ چوڭ سېپىل سوقتۇرماقچى بولدى. بۇ ھاشا ئەمگىكىنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە ئارتىپ قويدى. مەنچىڭ ھوكۇمىتى ئىلگىرىدىن تارتىپ ئىلىدىكى غوجا، چوڭ زېمىندار، چوڭ چارۋىدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە مەجبۇرى ھاشا سېلىپ سېپىل سوقتۇردى.

"سېپىل ناخشىسى" ئاشۇ سېپىل سوقۇش ئەمگىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن:

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
سېپىلنى سوققانلار نەلىك.
بىز بەككە نىمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.
سېپىلنى سوقۇۋېتىپ،
كەتمەن ئىگىلىپ كەتتى.

بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن،
بەللەر مۈكچىيىپ كەتتى.

"ئوستەڭ ناخشىسى"—مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى 1760 - يىللىرى (چەنلۇڭنىڭ 25 - يىللىرى) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئۇچتۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلىرى ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنى ئىلىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈپ باردى. ھەممە ئۇلارنى 9 قىشلاققا ئايرىپ، بوز يەر ئاچقۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باقماقچى بولدى. مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1800 - يىلى (جاچىڭنىڭ 5 - يىلى) ئىلى دەرياسىنىڭ يوقۇرى ئېقىمىدىكى ئېغىز بېشىدىن دەريانىڭ توۋەن ئېقىمىدىكى كۇرە شەھىرىگىچە ئېتىزلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن 90 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئوستەڭ چاپقۇزدى. بۇ ئېغىر ئوستەڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، نەچچە مىڭلىغان ھاشاچى ئوستەڭگە 3 يىل ئىشلەپ، 1803 - يىلى پۈتتۈردى. "ئوستەڭ ناخشىسى"دا شۇ چاغدىكى ئوستەڭ قېزىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ئوستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۆگچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.
ئوستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسە لىغىلدايدۇ.

زالىم تۇڭچىسى كەلسە
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

"ئالۋاڭ ناخشىسى"—1765 - يىلى كوتىرىلگەن ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ فېئوداللىق جاھالەتكە قارشى قوزغىلىڭى مەنچىڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن دەھشەتلىك بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سەككىز مىڭ ئۆيلۈك ئادەم ئىلىغا مەجبۇرى كوچۈرۈلدى. ئۇلار ئىلىغا چىققاندىن كېيىن، ئوستەڭ چېپىش، سېپىل (قورغان)، تۇرار جاي بەرپا قىلىش ۋە ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلارغا، چېرىكلەرگە ئالۋاڭ ھېساۋىدا ئاشلىق تولەش قاتارلىق ئېغىر سېلىقلار ئۇلارغا يۈكلەندى. ھەربى، مەمۇرى ئىمتىيازلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئالۋاڭ ئاشلىغى، ھەر خىل باج - سېلىق يىلدىن - يىلغا ئېغىرلاشتى. زورلۇق - زومبۇلۇق، زۇلۇم - كۈلپەتتىن بىزار بولغان خەلق ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەرت - ئەلەملىك كۈنلەرنى ناخشا - قوشاقلارغا سىڭدۈرۈپ، زۇلۇمەتلىك ئوتمۇشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى ۋە مۇشۇ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە "ئالۋاڭ ناخشىسى" مەيدانغا كەلدى.

ئالۋاڭ ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دىسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قۇيمىسام
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

ھاشا، ئىلىق - سېلىق دەپ
كۈندە ئالۋاڭ غوغىسى.

ئىشكىلەردىن كەتمەيدۇ،
لالما ئىتتەك دوغىسى.

ئىلگىرى ھەر بىر ئۆيدىن
ئالدى ئۇن ئالتە خو ئاشلىق.
بۇ يىل ئالدى قوشۇلۇپ،
ئوتتۇز ئىككى خو ئاشلىق.

"ئالۋاڭ ناخشىسى"دا ئىپادىلەنگەن بۇ رېئاللىق ئاشۇ زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ جانلىق ئوبرازى ئىدى.

مەنچىڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن سېلىنغان ئالۋاڭ-سېلىق دەستىدىن خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن زۇلۇمنىڭ ھەددى-ھېساپسىز ئېغىرلىقىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئاخشىمى ياتار چاغدا
سالغىلى كىگىز قېنى.
بۇ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى،
زالىملارنىڭ قىلغىنى.

بېرەلمەي ئالۋاڭ ھوسۇل،
دېخان بالىسىنى ساتتى.
مەگەر يۈز خو بەرسىمۇ،
يەنە تويماي ئېغىز ئاچتى.

ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان "ئالۋاڭ ناخشىسى"نىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئەنە شۇنداق ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ۋە كۈنسېرى يۇقۇرى ئۆرلەپ ماڭغان ھوسۇل ـ ئالۋېڭنىڭ دەسـ تىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، خەلقىمىز بۇ ناخشىنى "سادىر" ئاھاڭى بىلەن تا ھازىرغىچە ئېيتىپ كەلمەكتە.

"ۋاڭ خولو① قوشاقلىرى": مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانلىق ئىشتابى جايلاشقان كۈرە شەھرى ھەر يىلى ئەتىياز كىرىشى بىلەن تەڭ داۋاملىق ئىلى دەرياسىنىڭ خەۋـ پىگە ئۇچراپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا زالىم ئەـ مەلدارلار شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ئۈستىگە كوپلەپ ھاشا ـ سېلىق سالدى. بۇ ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئالۋاڭ — "ۋاڭ خولۇ ئالۋېڭى" دەپ ئاتالدى.

ۋاڭ خولو ئالۋېڭى ئەتىيازدا تېرىلغۇ ئىشلىرى تازا ئالـ دىراش مەزگىلىدە باشلىناتتى. يۇرت ـ يۇرتنىڭ قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرى ۋاڭ خولو ئالۋېڭىغا كېتىپ، دېخانچىلىق ئىشلىرىنى قالغان قېرى ـ چۆرىلەر ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالۋاڭ ھوسۇلىنمۇ قوشۇپ تۆلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

ۋاڭ خولو ئالۋېڭى بىر قېتىملىق، بىر پەسىللىك ياكى بىر يىللىق ئالۋاڭ بولماي، بىرقانچە يىلغىچە ئۇدا داۋاملىشاتتى. ۋاڭ خولو ئالۋېڭى ھەر يىلى دېخانلارنىڭ 2 ـ ئېيىدىن 10 ـ ئايغىچە داۋام قىلاتتى. ۋاڭ خولودا پەقەت ئادەم ھاشىسىلا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي ئالۋاڭمۇ بولـ دى. ۋاڭ خولو ئالۋېڭىنىڭ ئەمگەك شارائىتى بەك قىيىن ئىدى.

---

① ۋاڭ خولو — خەنزۇچە سوز بولۇپ دەريانى قاچۇرۇش دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە گوڭتولارنىڭ ھاشاچىلارغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئىنتايىن قەبىھ ئىدى. بۇ ئېغىر كۆلپەت ۋە خورلۇق ھاشاچىلارنىڭ مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە فېودال بايلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولدى. نەتىجىدە مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھاشاچىلار ئارىسىدا كوپ قېتىم جىددىي توقۇنۇشلارمۇ يۈزبەردى.

خەلق زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەقىلسىزلىقلىرىدىن غەزەپ بىلەن كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىلى دەرياسىدەك سۈيى ئەلۋەك دەريانى ئارقىغا ياندۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ھاماقەتلىك ئىش ئىدى. شۇڭلاشقا خەلق ”ۋاڭ خولو قوشاقلىرى“دا ئەمەلدارنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى غەزەپ بىلەن مەسخىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقۇدى:

دەريانىڭ سۈيى تاشسا
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر
ھاشا بىلەن توسماقچى.

ياز بولسا قىلار غەمكىن،
ۋاڭ خولۇنىڭ ئاۋىگى.
بۇ ھاشاغا باش بولغان،
زالىملارنىڭ يامىنى.

ئىلى دەريا توسۇن ئات،
ۋاڭ خولۇدا توسۇلماس.

هاشاپىلار غەزىۋى
ئەمدى زادى بىسلماس.

بۇ مىسرالار چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ئۇنىڭدىكى ئىلى دەريا تاشقىنى خەلق غەزىۋىنىڭ سىمۋولىدۇر. دەريا تاشقىنى كۆرەنى سوققىنىدەك، خەلقنىڭ غەزىۋى ئاخىرى ئەۋجىگە چىقىپ، مەنچىڭ هاكىمىيىتىنىڭ ئورىدىسىغا باستۇرۇپ كىرىشىنىڭ مۇقەررەرلىگىنى كوچمە مەنا ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. "ۋاڭ خولۇ ناخشىلىرى"نىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنى ئەنە شۇ يەردە.

ياقۇپ بەگ توغرىسىدىكى قوشاقلار. ئىلىدىكى دىخانلار قوزغىلىڭى بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا مەنچىڭ هاكىمىيىتى ۋە يەرلىك فېودال، بايلارغا قارشى دىخانلار قوزغىلىڭى قانات يېيىۋاتقان بىر پەيتتە ئەنگلىيە جاهانگىرلىگىنىڭ جاسۇسى قوقانلىق ياقۇپ بەگ قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، فېودال بايلار ۋە روهانىلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى "شەرقىي تۈركىستان خانى" دەپ جاكالايدۇ. (ئۇنىڭ خان بولۇپ جاكالانغانلىغىدىن كېيىنكى نامىنى بەدولەت دەپمۇ ئاتايدۇ.)

بەدولەت مىچىت سالدى،
قىبلىسىنى توغرىلاپ.
غەزنىسىنى تولدۇردى،
پۇقرالاردىن ئوغرىلاپ.

ياقۇپ بەگ جاكا سالدى،
مايسلاردىن باج ئالدى.

ياقۇپبەگنىڭ ۋاقتىدا،
ئالدامچىلىق ئەۋج ئالدى.

ياقۇپبەگ تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
بېيجىڭدىن چېرىك كەلسە،
تامنى ياقىلاپ قاچقان.

"كوچ - كوچ" ناخشىلىرى: سادىر پالۋان قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئىلىدا بىرقانچە يىل ئىلى سۇلتانلىقى ھوكۇم سۈردى. مەنچىڭ ھوكۇمرانلىقى ۋە يەرلىك فېوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ قان توككەن ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ كۈرەش مېۋىلىرىدىن ئايرىلىپ يەنە قاتمۇ - قات زۇلۇم ئىلكىدە قېلىۋەردى.

ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1871 - يىل) ئىلىنى چاررۇسىيە جاھانگىرلىگى بېسىپ ئالدى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، 10 يىل كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق 1881 - يىل تۈزۈلگەن "ئىلى شەرتنامىسى" دىن كېيىن چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى ئىلىدىن چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

چاررۇسىيە جاھانگىرلىگى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي قورال كۈچى بىلەن بېسىم ئىشلىتىش ۋە ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەدەپ ئادەم كوچۇرۇشنى ئېلىپ باردى.

1881 - يىلى كۈز پەسلىدىن تارتىپ 1884 - يىلغىچە

بولغان 4 يىل ئىچىدە چارروسىيىنىڭ ئىلى رايونىدىن قورال كۈچى ۋە تەھدىت بىلەن زورلاپ ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل ۋە سولون قاتارلىق ھەر مىللەت ئاھالىسى جەمى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

چارروسىيىنىڭ ئاھالىلارنى مەجبۇرى كوچۇرۇش، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق ۋە تالان - تاراج قىلىشى ئارقىسىدا ئىلى رايونى چول، قاخشال، ئادىمى ئاز، باغ - ۋارانلىرى ۋەير-ران بولغان خارابىزارلىققا ئايلىنىپ قالدى. "كوچ - كوچ ناخ-شىلىرى" ئەنە شۇ ئەلەملىك كۈنلەرنىڭ يادىگارلىقى.

"كوچ - كوچ ناخشىلىرى" نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇنىڭ-دىكى، ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك كويى ئالاھىدە جارانگلايدۇ. "كوچ - كوچ ناخشىلىرى" دا چارپادىشاسىنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى قىلىچ - نەيزە ئاستىدا يەتتە سۇغا مەجبۇرى كوچۇرگەنلىگىدىن ئىبارەت بۇ تاجاۋۇزچىلىقى بىۋاستە پاش قىلىنىدۇ:

ئاق پاشا لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
دىخانلارنى كوچ - كوچ دەپ،
قىلىچ بىرلە باش كەستى.

"كوچ - كوچ ناخشىلىرى"نىڭ كوپ قىسمى تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئانا يۇرت بىلەن خوشلىشىش، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئەلىمىگە بېغىشلانغان:

مىڭ جاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ - بوستانلار.

يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

بىز ئىلىدىن كوچكەندە،
ئالتىنچى ئايدا روزىدى.
بۇنداق ئېغىر كۈنلەردە،
ئاتا - ئانا بولىسىدى.

ئىلىدىن كوچۈپ چىقىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۇسكەن جايلاردىن،
ئۇلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.
.................................

"كوچ - كوچ ناخشىلىرى" نىڭ بىر قىسمى كوچمەنلەرنىڭ يولدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇ، كوچمەنلەر ئېيتقاندەك "دەرت ئۇستىگە دەرت" كۈيىدۇر.

خۇنغاي يولىدا تاللار،
شاخ - شاخىدا مارجانلار.
يوللاردا جاپا تارتىپ،
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

چاررۇسىيە تەرىپىدىن زورلاپ ئېلىپ كېتىلگەن ئىلى ئاھالىسى ئوي، يەر، چارۋا، مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ، ئەڭ ئەك-

سىيەتچى، ئەڭ ۋەھشى چارپادىشاسىنىڭ ئىستىبدات تۈزۈمى ھوكۈمرانلىغىدا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇشتا قالدى. "نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىگە بولۇپ بېرىلگەن يەرنىڭ نەدە ئىكەنلىگىنى بىلمەي تۇرۇپ، دىخانچىلىق بىجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى". نۇرغۇن كىشىلەر خانىۋەيران بولۇپ، چارروسىيە پومىشىك كاپىتالىستلىرىنىڭ ياللانمىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

يېڭى مايۇر يەر بەرمەس،
يول ئۈستىنى تەردۇرمەس.
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
بەش خولۇقتىن يەر تەگمەس.

ئۇسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆز جايىمىز پۈتكىچە
تۇپراق توپىدا ياتتۇق.

ئۇسەككە بارغان خەلقلەر،
ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى.
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار،
ئەسكى تامدا توي قىلدى.

ئوروس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.

كىشىنىڭ يۈرەكىنى ئېزىپ
كۆڭلىنى غەملەرگە سالغان ئىدى.

ماتەم كېيىپ ئۆزۈمنى
ئۆلتۈرىمەنمۇ
ئۆلىمىگەن بولسام
يامان ئىش بولسا،

... ... ...

كىشىنىڭ يۈرتىغا كېلىپ
كۆڭ ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

ئاشپۇزۇولدا ئولتۇرسام،
چىن تەخسىدە ئاش كەلدى.
ئەلنى خىيال قىلسام
قارا كوزۇمگە ياش كەلدى.

مانا بۇ چىن يۈرەكتىن قايناپ چىققان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتتۇر.

ماتەمتەي توغرىسىدىكى قوشاقلار: ماتەمتەي (ماپۇشىڭ) 1911 - يىلىدىن 1923 - يىلغىچە قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن زالىم ۋالى ۋە ھەربى ئەمەلدار. ئۇ دەسلەپتە، قەشقەرگە بىردىنلا يەرلىك فېئودال بايلار ۋە روھانىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، خەلققە بولغان ئالۋاڭ - سېلىقنى ھەددى - ھېسابسىز كۆپەيتكەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ھەر خىل قۇرۇلۇشلارنى سېلىپ خەلق ئۈستىدىكى ھاشانى ئاشۇرغان. جاموم ياساپ كەمبەغەل خەلققە زورلاپ ساتقان. ئاخىرى يېڭى كەلگەن ئەمەلدار تەرىپىدىن ئولتۇرۇلۇپ دەرۋازىغا مىخلانغان. ماتەمتەينى ئولتۇرگۈچىنىڭ غەرىزىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ ئولتۇرۇلۇشىدە، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى، ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى چوڭ رول ئوينىغان.

ماتتەي توغرىسىدىكى قوشاقلار ئۇنىڭ 14 يىل شەھەر سوراپ خەلققە سالغان دەھشەتلىك زۇلمى ۋە لەنەتلىك ئۆلۈمىنى بايان قىلىدۇ:

ماتتەي ئاتمىش ياشتا،
كورۇك سالدى توققۇز تاشقا.
ماتتەينىڭ ئالۋاڭى،
بالا بولدى بۇ باشقا.

ئوق سېلىپمۇ ئاتقان تاز،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز.
قارا لاينى ھوم قىلىپ،
كەمبەغەلگە ساتقان تاز.

سوخو① يولى قومۇشلۇق،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.
14 يىل شە سوراپ،
ماتتەيدەك بولغان يوق.

ماتتەي ئۆلۈم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
ئوزىنى يوغان چاغلاپ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

---

① قەشقەر يېڭىشەھەردىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

تـومۇر خەلپە تـوغـرىسىدىـكى قـوشاقـلار: 1911 - يىلى قۇمۇلـدا تـومۇر خـەلـپـە باشـچـىلـىق قـىلـغان دىـخانـلار قوزـغـىلـىڭـى پارتـىلـدى. بۇ قوزغـىـلاڭ قۇمۇل، تۇرپان ئەتـراـپىدىـكى ھەرقايـىـسى مىلـلەت ئەمـگەكـچىلىرىنى ئۇزـىـگە جەلپ قىلدى. بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ زور ياردىمىگە ئېگە بولدى. ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت بىلەن فېودال ۋاڭلارنىڭ قانلىق باستۇرۇش سۇيىقەسـتى قوزغىلاڭـچى دىـخانـلار تەرىپىدىن بىت-چىت قىلىنىـغاندىن كېيىن، ئۇلار باشقا بىر تۇسكە كىرىپ، "سوھبـەت" دىگەن نەيرەڭۋازلىقـلارنى ئىشلىتىپ، يالـغانـدىن "ئەگەر تومۇر بىزنىڭ ھوزۇرىمىزغا ئۇتسە، دىخانـلارنىڭ ئالـۋاڭ - سېلىغىنى ئازايتىش تەلىۋىـنى قانـدۇرىمىز" دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەمىيات قىلىدۇ. تومۇر ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغاچقا دۇشمەنىنىڭ ئالـدام خالـتىسىغا چـۈشۈپ 1913 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۇرۇمچىدە ئەكسىيەتچى ھـوكۇمەت تەرىپىدىن زىـيـانـكەشلىكـكە ئۇچرايـدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغـىـلاڭ كوتەرگەن دىخانلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن پۈتۈنلەي ھالاك بولـىدۇ. ئەكسىيەتچىل ھوكۇمـران سىـنىپـىـلارنىڭ بۇ شەرمەنـدە ھەركىتى خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىۋىنى قوزغايدۇ.

تومۇر خەلپە تـوغرىسىدىكى قوشاقلار تومۇر خـەلپە باشـچىلىغىدىكى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ قىسمەن خاتىرىلىرىدۇر:

تاغچى پالگانلار ئاتلاندى، (پالۋانلار)
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.

چەن دارىننى ھوۋلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۇنى،
بىر چۇشلۇككە ئاش بولدى.
غەيرەتلىك تومۇر خەلپە،
دىخانلارغا باش بولدى.

ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تومۇرنى ئىلىپ چىقسا،
ھەر كۈندە سوراق بار.

توۋەندىن چىقىپ كەلدى،
يۇمۇلاق، يۇمۇلاق قوڭغۇزلار،
تومۇر خەلپىنى ئولتۇرگەن،
دۈشمەن دىگەن توڭگۇزلار.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا نۇرغۇن تارىخىي قوشاقلاردا ئىس-تىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرەش قىلغان خەلق قەھرىمان-لىرى كۈيلىنىدۇ. "مايىمخان" ناملىق قوشاق—ئەنە شۇ خەلق قەھرىمانى مايىمخان ھەققىدىكى قەسىدە بولۇپ، "مايىمخان" قوشاقلىرىدا مۇنداق جاراڭلىق مىسرالار بار:

زىندان تىمى ئىگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۇرۇستان.

ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن مايىمخان.

ئاتا بولغىنىڭ قېنى،
ئانا بولغىنىڭ قېنى.
ياندۇرۇپ، ياندۇرۇپ چاپقاندا،
تىلەپ ئالغىنىڭ قېنى.

ئالدىمىزدا تۇت مانجۇ،
قىلىچىنى ئويناتتى.
ھېكىم بەگە بولاپ بەرمىسە،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

تۇرپاننىڭ يولى قۇملۇق،
ئۆتۈپ بارغىلى بولماس.
ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
قاراپ تۇرغىلى بولماس.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
دارىن ئامبال تويامدۇ؟
مايىمخانىنى ئۆلتۈردى،
خۇنى ئۇنىڭ قويامدۇ؟

كونا شەھەردە ئاق تېرەك،
يېڭى شەھەردە كوك تېرەك.

مايىمخاننى ئۆلتۈردى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر كېرەك.

گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شە بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

مۇنداق تارىخىي ۋە سىياسى خاراكتېرلىق قوشاقلاردىن يەنە "ئەمەت ناخشىسى" (1913 - 1914 - يىللىرى تۇرپاندا قوزغالغان دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشچىسى) ۋە باشقىلارنى ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە مۇھەببەتنى ئاساسى تېما قىلغان قوشاقلارمۇ كوپ بولۇپ، ئۇلار ماھىيەت جەھەتتە يۇقۇرقى قوشاقلارغا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى چوڭقۇر سىياسى مەزمۇنغا ئىگە. تۆۋەندە مۇشۇ خىلدىكى قوشاقلارنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى بىلەن تونۇشىمىز.

"گۈلەمخان ناخشىسى": مەلۇماتلارغا قارىغاندا، "گۈلەمخان ناخشىسى" بۇنىڭدىن يۈز يىلچە ئىلگىرى (1820 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە) غۇلجىغا قاراشلىق ئويمان بۇلاق يېزىسىدا ئۆتكەن گۈزەل قىز گولەمخاننىڭ فېوداللىق نىكاھ تۈزۈمى دەستىدىن يولۇققان ئېچىنىشلىق تەقدىرى توغرىسىدىكى ناخشىدۇر. بۇ ۋەقەنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: گۈلەمخان ئويمان

بۇلاقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ قىزى. ئۇزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە چېچەنلىكى بىلەن ئالاھىدە كوزگە كورۇنگەن گۇلەمخان تېخى 15 ياشقا كىرمىگەن چېغىدىلا ئويمان بۇلاقتىكى چولاق شاڭيۇ ئۇزىنىڭ قېرىلىقى ۋە بىرقانچە خوتۇنى بارلىقىغا قارىماي، گۇلەمخاننىڭ پېيىگە چۈشۈپ، زورلۇق بىلەن ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان.

"گۇلەمخان ناخشىلىرى" كىشىلەر تەرىپىدىن گۇلەمخاننىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بېغىشلانغان، ئۇ فېئودالىق نىكاھ تۇزۇمىگە غەزەپ - نەپرەت، زالىملارغا قارشى قىساس كۈيىدۇر. "گۇلەمخان ناخشىسى"دا ئالدى بىلەن گۇلەمخاننىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بايان قىلىنىدۇ:

گۇلەمخاننىڭ قوش پوپىكى يەرگە تېگەمدۇ؟
ئونبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇ؟

كىمنىڭ كىمنى سويۇشىنى ھەركىم بىلەمدۇ؟
ئوزى سويمەي مەيلى بولماي ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۇلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى ئويمان بۇلاقتۇر،
گۇلەمخاننى زورلاپ ئالغان شاڭيۇ چولاقتۇر.

گۇلەمخاندىن باشقا قىزنى قېرى ئالامدۇ،
گۇلەمخانىم چولاقلارغا زايا بولامدۇ.

قويلىرىنى ھەيدىۋەتتى ئويمان بوْلاقتا،
گوْلەمخاننى توْتوْپ بەردى شاگيۋ چولاقتا.

گوْلەمخاننىڭ قوش پوپىگى يەرگە سورەلدى،
يوْرەكتىكى زەرداپ سوْلار قانغا ئوروْلدى.

چىقىپ باقسام گوْلەمخانىم تويۇڭ كىيلەدوْ،
ساگامەكىن، ماگامىكىن تەقدىر بىلەدوْر.

"گوْلەمخان ناخشىسى" دا موْھەببەتنى پوْل - مالنىڭ كوْچى بىلەن ئوزىگە تەسلىم قىلماقچى بولغان ئېكىسپىلاتاتورلارنىڭ ۋىجدانسىزلىغىغا قارشى نەپرەت ناھايىتى يوْكسەك جاراڭلايدوْ:

ئالتە - يەتتە كەپتەرلەرنىڭ قوندى تېرەككە،
توگا توندا ئالتوْن توْگمە پاتتى يوْرەككە.

قارا كوگوْل، زالىم شاگيۋ ئالدىرما تېخى،
بويىنوْگدا بار گوْلەمخاننىڭ قىزىل تىرنىغى.

گوْلەمخاننىڭ تەقدىرى فېوداللىق توْزوْم ئاستىدىكى خورلانغان خوتوْن - قىزلارنىڭ تەقدىرى، گوْلەمخاننىڭ ياشلىق باھارىغا زامىن بولغان ياغوْزلا چولاق شاگيۋ ئەمەس، شاگيۋ ۋەكىللىك قىلغان بىر پوْتوْن فېوداللىق توْزوْم. "گوْلەمخان ناخشىسى" دا خەلق ئاممىسى ئاشوْ فېوداللىق توْزوْمنى ئاغدوْروْپ، ئەركىنلىك، ئازاتلىقنى قولغا كەلتوْروْش ئارزوْسىنى ئىپادىلەيدوْ:

راھەت كورۇش زالىملارنىڭ ھەققى دىمەڭلار،
ئەلەم تارتىش كەمبەغەللەگە باقى دىمەڭلار.
ئامان بولساڭ يوقتىمىز شاڭيۇ غېرىنى،
سۇيىدىغان زامان كېلەر ھەر كىم يارىسى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مۇھەببەت، نىكا ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش تېمىسىنى ئاساس قىلغان، بەلگىلىك تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسى ئاساسىغا قۇرۇلغان تارىخىي قوشاق-لار قاتارىدا يەنە «چىن مودەن» «ئانارخان»، «پۇچۇنخان»، كېيىنكى چاغلاردا مەيدانغا چىققان «روزىلەم»، «قەمبەرنىسا» «ئامىنەم»، «سەلىمەم» قاتارلىق قوشاقلارنىمۇ ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس مۇزىكىسى بار. بۇمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-مۇزىكا سەنئەت بايلىقىدا ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئىجتىمائى ئەخلاق، پەزىلەت توغرىسىدىكى قوشاقلارنىمۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنى ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىقىغا قاراپ سىياسى قوشاقلار تەركىۋىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن. ئىجتىمائى ئەخلاق-پەزىلەت قوشاقلىرىدا بىر تەرەپتىن ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان ئالى جاناپ ئەخلاقى پەزىلەت تەرغىپ قىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ چىرىك ئەخلاقى پىپەن قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
مەگەرچە ئاسمان بولساڭ،

ئۆزەڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان پادىشا بولساڭ.

بۇ قوشاقتا كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى بىلىشكە ئوخشاش ئالى جاناپ پەزىلەت تەرغىپ قىلىنغان.

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇ قوشاق كىشىلەرنى ھالال ئەمگەك بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىققا، ھايات يولىدا ھەرقانداق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئەمگەكچىلەرگە خاس ئەخلاقى پەزىلەتتۇر.

قىزىلگۈللەر ئېچىلسا،
ئاقىۋەت لەيلى بولۇر.
ھەر بۇلاقتىن سۇ يېتىلسە،
ئايىغى دەريا بولۇر.

بەزى قوشاقلاردا خەلق ئېچىدىكى ناچار ئىستىللار تەنقىتلىنىدۇ ۋە ھەجۋى قىلىنىدۇ. بۇ خىل قوشاقلار ئىچىدە "ئات بىلەن توگىنىڭ ئېيتىشىشى" ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ قوشاقتا ئات بىلەن توگىنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق بىر-بىرسى

بلەن تور تالشىدىغان (يوغانچىلىق تالشىدىغان)، ئۆزىنى توغرا باھالىمايدىغان كىشىلەرنى ھەجۋى قىلىپ، كىشىنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىش ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق شارائىتتا كەمتەر بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار:

ئەمىر قىلدى بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلايمان،
يىغىلىپ جەم بولدى جىمى ھايۋان.
جىمى ھايۋانغا قىلدى يەر تەيىن،
ئات كېلىپ ئولتۇردىلەر يۇقۇرى ئىمىن.
توگە قوپتى تېرىكىپ ئورنىدىن،
توقۇۋالدى ئاتنىڭ سۆتى بۇرنىدىن.
..................................

توگە ئېيتتى: ھەي ئات پوسماڭلاي،
ئېيت گېپىڭنى مەن ئاڭلاي.
..................................

ھەر قاچان يوغان تۇرىمەن سەندىن،
يۇقۇرى ئولتۇرمىغىڭ نەھەت مەندىن؟
ئۇستۇڭدە ئىگە تۇرىدۇ، ئىگەچىمىدىڭ،
بويانلىرىڭ قارا تۇرىدۇ، كومەچىمىدىڭ.
..................................

سېنى قېرىنغاندا مىنەر ئەگلەكچى،
ماڭمىساڭ ئۇچاڭىن ئۇرار قامچى.
بىددىكلەر ئولۇشۇر چىشىڭنى ئېچىپ،
يۇرۇيسەن تېقىمىڭغا چېچىپ.

ئات ئېيتتى: ئەي توگە پوسماگىلاي،
گېپىڭ بولسا يەنە مەن ئاڭلاي.
بۇيۇڭ بولغان بىلەن سەندە ئەقىل يوق،
قۇسۇغۇڭدا بار 16 زەمبىل پوق.
.................................
ئۇسسۇزلىغىڭدىن قېتىپ قالدۇ مايىڭىڭ،
هەر كۈنى باردۇ 25 تايىڭىڭ.
يامانلىغىڭدىن سىيەرسەن ئارقاڭغا،
مىراس قالدى سېنىڭ جۇملە بالا ـ ۋاقاڭغا.
كالپۇكۇڭ كېلىدۇ ئالتە يېرىم غېرىچ،
قۇيرۇغۇڭ كېلىدۇ ئۇچتىن بىر غېرىچ.
پۇتۇڭغا كىيىسەن كەشە ـ چورۇق،
يوغان سوزلىمە ئى سوكال قۇيرۇق.
.................................
توگە ئېيتتى: ئەي ئات پوسماگىلاي،
يەنە گېپىڭ بولسا مەن ئاڭلاي.
مېنى شۇنداق يوغان ياراتقاندۇر
جىمى ئەقلىم، پادىشاغا تاراتقاندۇر......
.................................
روشەنكى "ئات بىلەن توگىنىڭ ئېيتىشىشى" دىگەن بۇ نەزمە ئات بىلەن توگىنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق هەرقانداق ئادەم نۇقسانسىز، كەمچىلىكسىز بولمايدىغانلىغىنى، هەرقانداق ئادەم ئوزىنى توغرا باهالىشى كېرەكلىگىنى، بىر ـ بىرىدىن ئۇگىنىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلىپ، كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇش كېرەكلىگىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇ خىل ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدىكى نەسىھەت خاراك-
تېرىدىكى قوشاقلار خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەمسىلگە ئايلىنىپ،
خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

## تۇرمۇش قوشاقلىرى

خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە تۇرمۇش قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى ئىنكاس قىلغان قوشاقلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەك قوشاقلىرى، سىياسى قوشاقلار، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى، با-لىلار قوشاقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش قوشاقلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىخچام ئوبرازلىق ئىنكاسى بولۇپ، بۇ خىل قوشاقلار مەزمۇنى، رولى، خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى، ئىشلىتىش ئورنى جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان تۇرمۇش قوشاقلىرى بولسا، تار مەنىدىكى تۇرمۇش قوشاقلىرى بولۇپ، بۇلار خەلق ئامما-سىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى ئىنكاس قىلغان قوشاقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى تۇرمۇش قوشاقلىرىنى يىللىقچىلار، مەدىكارلار ناخشىسى ۋە غېرىپ - مۇساپىرلار ناخشىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈش مۇمكىن. يىللىقچىلار ۋە مەدىكارلار ناخ-شىسىدا ئوتكۇر سىنىپىي زىددىيەت ئىنكاس قىلىنغان بولۇپ،

بۇ خىل قوشاقلار يومىششىكلار ۋە بايلارنىڭ ئەمگەكچى دىخان-
لارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كەسكىن پاش قىلدۇ:

ئىشلىدىمەن، ئىشلىدىم.
باي غوجامغا ئىشلىدىم.
يىللاپ ئىشلەپ بىكارغا،
كويۇك نانىنى چىشلىدىم.

كويىقاپنىڭ ئاغزىكەن،
بايلارنىڭ ئويى،
ئىشلىسەكمۇ تولمىدى،
ئۆمرىمىز بويى.

بۇ قوشاقلاردا دىخانلار تەقدىرىنىڭ يومىششىكلار قولىدا
ئىكەنلىگى ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى جانلىق تىل ۋە
يارقىن شېئرى ئوبرازلار ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.
"يېتىملار ناخشىسى"دا يومىششىكلارنىڭ زۇلمى دەستىدىن
ئاتا-ئانىلاردىن ئايرىلىپ، بايلارغا باغلىنىپ هايات كەچۈرۈۋاتقان يېتىم بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى تېخىمۇ جانلىق ئىپا-
دىلەنگەن:

| | |
|---|---|
| ئانام دىسەم، | رەڭگىم سامان، |
| ئاقتى يېشىم. | دىلىم سۇنۇق. |
| دادام دىسەم، | بۇ دۇنيادىن |
| قايدى بېشىم. | كورمەي خۇۋلۇق. |

مەن بىر يېتىم، ئانا دېگەن،
دەردىم تولا. گۈلباغ ئېكەن.
ئاتلا جاھان، دادا دېگەن،
ئەرزىم تولا. بىر تاغ ئېكەن.
كۈن - تۈن ئىشلەپ، چالسام راۋاپ،
ئالسام خامان. باغرىم كاۋاپ.
چەكتىم ھەسرەت، نەگە بارسام
قالماي سامان. بولدۇم خاراپ.
بايلار يامان، مەن بىر يېتىم،
خۇددى چايان. قولۇم قىسقا.
ئوگدا يېتىپ، يەتمىغا يول،
تاپتى ھايان. يوق نىمىشقا؟

"مەدىكارلار ناخشىسى"نى ئالايلى:

ئېلى يولى خاك يولى،
رومالىدا ئاي گۈلى.
ئېلىدا تاپقان پۇللار،
قىمارۋازنىڭ چاي پۇلى.
كەمبەغەلنىڭ باللىرى،
تەگدىن تولىسى خاكدا.
يۇرتىغا كېتەي دىسە،
بىردىن چاپىنى داگدا.

ئوتىمۇشتە كەمبەغەللەر باللىرى تۇرمۇش يولىنى تېپىش ئۈچۈن يىراق يۇرتلارغا بېرىپ مەدىكارلىق قىلاتتى ۋە خاك-لاردا ئىشلەيتتى. خاكچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى ئەم-

گەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئىشتى ئەمشلارغا سېلىش، تۇرمۇشتىن قىسىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئېكىسپىلاتاتسىيە قى-لىشتىن باشقا، ئىشچىلار ئىچىدىكى نادانلىق، يامان ئىللەتلەردىنمۇ پايدىلىناتتى. بۇ ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئەزگۈچى سىنىپلار ھوكۇمرانلىق قىلغان ئىجتىمائى تۈزۈم ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك بىر ئۇسۇلى خاڭجا ۋە گوڭتۇلار تاۋكا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشچىلار ئىچىدە قىمارۋازلىقنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، قىمار ئارقىلىق ئىشچىلارنى قەرزگە بوغۇپ، ئۇلارنى ئۇز ئېكىسپىلاتسىيىسىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلىۋېلىش يۇرىستىگە ئىرىشەتتى. بۇ ئىشچىلار ئۇچۇن كۇلپەت ئۇستىگە كۇلپەت ئارتتۇراتتى. "مەدىكارلار ناخ-شىسى" ئەنە شۇ كۇلپەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق خاتىرىسىدۇر.

تۇرمۇش قوشاقلىرى ئىچىدە غېرىپ-مۇساپىرلىق قوشاقلىرى كوزگە كورۇنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

غېرىپ-مۇساپىرلىق مۇڭزارىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلاردا تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىش پىراقى توغرىسىدىكى قوشاقلار خېلى كوپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

قەشقەردىن چىققىنى دەرتمەن ئوغۇللار،
دەرتكە پايلىماي غېرىپ بولغانلار...
..............................
ئۇيەردىن ئوتسەڭ كېلىسەن داشقا،
چوماق بىلەن ئۇرىدۇ باشقا.
ئۇيەردىن ئوتسەڭ توڭگان مازار،
پۇلۇڭ بولسا ئالدىڭدا بازار،
پۇلۇڭ بولمىسا چېكىسەن ئازار.

.........................

ئۇ يەردىن ئۆتسەك قارا جىلچىك،
خەجلەي دىسەك پۇل چىك.
ئۇيەردىن ئۆتسەك — چۇشۇگە،
پۇلنىڭ يوقىدىن بولىسەن سۇپۇگە.
ئۇيەردىن ئۆتسەك تالا شۇ،
بېشىڭغا كەلگەن بالا شۇ.
ئۇيەردىن ئۆتسەك ئاسۇق،
يۇرت بېشىنىڭ جىمىسى پاسۇق.

.........................

مانا كەلدۇق جامغا،
ساقال تاغاق بىلەن ناسۋال قاپاقنى
تېگىشتۇق بىر توغرام نانغا.

.........................

ئۇيەردىن ئۆتتۇق مۇزداۋان،
جاپاسى ئۇنىڭ يۇز داۋان.
دوزاقتا ئاپىرىدۇ مۇشۇ يول،
ئاغىنىلەر جانىڭغا ھىزى بول.

.........................

ئۇيەردىن ئۆتتۇق تامغا تاش،
ئىلىخوغا يېقىن كەلدۇق جان ئاداش.
مانا كەلدۇق ئىلىخو دىگەن شەگە،
ئالتى شەھەرگە داڭ كەتكەن يەرگە.
ئىلىخومۇ پەرىشان يۇرت ئىكەن،
نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىغى توت ئىكەن.

بىرىمىز دور شاگدا، بىرىمىز خاگدا،
كېتەي دىسەك چاپىنىڭ داگدا.
كېچىسى قىلىمىز سەيپۇگلۇق،
كۈندۈزى قىلىمىز قاسساپلىق.
ئىش بولسا چاكا بىز،
بولمىسا باكا بىز.
كوڭلىمىزگە ئازار بەرمەڭ،
يامانلىغىمىز يوق غېرىپ باللا بىز...
يېتىشىمىز دەڭ،
چېكىشىمىز بەڭ،
ئاتا ـ ئانىمىز سوراپ قالسا،
تارتقان جەۋرىمىزنىڭ جىمىسىنى دەڭ...

غېرىپ ـ مۇساپىرلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى يوقسۇزلۇق، سىنىپىي زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار مۇساپىر-چىلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، نەدە بولمىسۇن "قازاننىڭ قۇلىغى توت" ئىكەنلىگىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ياقا يۇرتتا تەمترەپ قېلىش، يوقسۇزلۇق ئازاۋىنى تارتىش ئۇلارنىڭ يۈرەك باغرىنى تېخىمۇ ئېزىدۇ:

كەچ بولسا تاڭاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
يۇرتۇمدىن ئايرىۋەتتى،
لاچىن سوققان توشقاندەك.
لاچىن سوققان توشقاننىڭ،

جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەن غېرىپ مۇساپىرنىڭ
بۇ يۇرتتا نىمەسى بار.
ئۇششاق باللار ئوينايدۇ
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئوز يۇرتىنى يات ئېتىپ.

تۇغۇلۇپ ئوسكەن جاينى سېغىنىش ئۇلارنىڭ سالامنامىلىق ناخشىلىرىدا ئوزىنىڭ چوڭقۇر ئىزىك ئىپادىسىنى تاپقان.

دولىتىم ئاتام،
مېھرىبان ئانام،
ئويدە مۇگدىشىم،
يارىمغا سالام.
غېرىبىم ئانام
يالغۇز بىر بالام،
چوكان سىڭلەك،
يولدا يولدىشىم،
سىرداش مۇگدىشىم،
كوڭۇل خوشلۇغى،
دوستلارغا سالام.

غېرىپ - مۇساپىرلىق ھەققىدىكى قوشاقلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ئولۇم - يېتىم، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققانلاردىن ئايرىلىش

يىراقى توغرىسىدىكى قوشاقلار تەشكىل قىلىندۇ. بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىغا بولغان ئەقىدىنى — ھورمەتنى مەزمۇن قىلغان قوشاقلار ناھا ـ يىتى كوپ، بۇ تېما فېودالىزىم جەمىيىتىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتى ئۇچۇن خاراكتېرلىق. ئائىلە مۇناسىۋىتى پەقەتلا ئۇرۇق ـ جەمەت ـ لىك مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى بىرلىك مۇناسىۋىتىدۇر. بولۇپمۇ فېوداللىزىمنىڭ تارقاق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا بۇ بىرلىكنىڭ رولى چوڭ ئىدى. ئاتا ـ ئانا ئاشۇ بىرلىكنى تەشكىل ـ لىگۈچى مۇھىم تايانچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھايات تۇرۇشى ئائىلە ئۇچۇن چوڭ يولەك، ئۇلارنى ئايرىش بولسا چوڭ قايغۇ ۋە تەمتىرەشكە سەۋەپ بولاتتى. بۇنى ئاتا ـ ئانا توغرىسى ـ دىكى مۇنۇ قوشاقلاردىن كورۇۋېلىش مۇمكىن:

ئاتام سەن، ئانام سەن، نازۇ ـ نىمىتىم،
مېنگەن ئىتىم، كىيگەن تونۇم، تاجى دولىتىم.
ئاتالىقلار ـ ئانالىقلار،
تاۋادىن ئەتىۋا باللا.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار،
جىمىدىن خارۇ ـ زار باللا.
ئاتام بولسا كورسەممەن،
ئانام بولسا كورسەممەن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا ئولسەممەن.
ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە، دەستە گۇل ئىكەن،

ئاتاسىزلار ـ ئاناسىزلار،
كويۇپ ئۆچكەن كۆل ئىكەن.

ئاتا ـ ئانا توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنىڭ سىنىپىي مەزمۇنى ئوچۇق ئەمەس. بۇنداق قوشاقلارنى ھەركىم كونكرىت ھىسسىياتى بويىچە ئېيتىپ كەلگەن. لېكىن ئاتا ـ ئانىدىن جۇدا ـ لىقنىڭ ئەلىمى توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان قوشاقـلاردا شۇ نەرسە ناھايىتى تەسىرلىككى، ئۇنىڭدا كەمبەغەل ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇڭزارى ئەكس ئەتكەن:

ئاتاممۇ ئولۇپ قالغان،
ئاناممۇ تاماس قالغان.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
تۇگىمەس پالاس قالغان.
بۇگۈن بازار ئوخشايدۇ،
يېتىملار زارى قاخشايدۇ.
ھالىدىن خەۋەر ئالسام،
ئاتاسى يوققا ئوخشايدۇ.
ئىگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز مۇندا غېرىپ چاغدا،
ئاتا ـ ئانىمىز قايدا.

جەمىيەتتىكى ھەر خىل قالاق ھادىسىلەرنى، كىشىلەردىكى ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىتلەپ، كىشىلەرنى توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللا ـ

ئىشقا دەۋەت قىلىدىغان قوشاقلارنىمۇ تۇرمۇش قوشاقلىرى تەر-كىبىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن. بو خىل قوشاقلار كۈچلۈك ھەجۋى خاراكتېرىنى ئالىدۇ.

مەسىلەن: قىمار توغرىسىدىكى قوشاقلاردا قىمارنى زادى ئۇيىنماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. قىمارۋازلارنى مەسخىرە ئارقىلىق قامچىلايدۇ:

ئەۋۋىلى سىيا كېلىپ كوڭۇلنى خوش قىلغان قىمار،
مال- مۈلكىنى ئۇتتۇرۇپ ئاخىر گاداي قىلغان قىمار.
ياخشى تونلەرنى تىكىپ، بەرسە ئاتاسى ئوغلىغا،
ئالتە كۈن كىيمەي تۇرۇپ، گورەگە قويدورغان قىمار.
.................................................
زادى ئالەمدە كىشىگە كى ۋاپا قىلماس قىمار
ئادىمى بولساڭ بۇرادەر زادىلا قىلما قىمار.

ئالەمدەك رەڭدار ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتقان قىمار.
تـوت ئۇشۇق ئالچى قوپۇپ،
چەرچەنگە پالاتقان قىمار.

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئىشقى- مۇھەببەت قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى باشقا مىللەت

خەلقلىرىگە ئوخشاشلا، فېودالىزىمنىڭ قاتمۇ-قات زۇلمىغا ئۇچرىدى. فېودالىلىق قائىدە-تۈزۈملەر ئاياللارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تورمۇشقا چىقىشىغا، مۇھەببەت باغلىشىغا يول قويمايدۇ. فېودالىق ئائىلە تۈزۈمى بۇ ئەركىنلىككە قارشى كۈندىلىك نازارەتچى ۋە جازالىغۇچى، فېودالىق نىكاھ قانۇنى تۇرمۇش قۇرۇشتا ياش جەھەتتىن ماسلىشىشنى رەت قىلىدۇ. ئاياللار پۇل-مال ئورنىدا سېتىلىدۇ. ئاياق-ئاستى قىلىنىدۇ. فېودال ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك-تۈرلۈك فېودالىق قائىدە-تۈزۈملەر ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئەركىن مۇھەببەتنى تەلەپ قىلىش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېودالىزمغا قارشى ئاساسى كۈرەش شوئارى بولۇپ كەلدى. مۇھەببەت قوشاقلىرى — فېودالىق تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئېتىلغان ئوق سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلىۋىنى ئىنكاس قىلدى.

مۇھەببەت قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقى تەسۋىرى. ئۇ ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ ساپ مۇھەببەت تۇيغۇسىنى، ئارزۇ-ئۈمىدىنى، چىن ئەقىدىسىنى، مۇھەببەت كۆزقارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىكى لىرىك ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى، تەسىرچانلىقى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا تولىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ. مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان مۇھىم مەزمۇنىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن مۇھەببەتكە بولغان ئەمگەكچىلەرگە خاس كۆزقاراش، يەنى ئەمگەك سۆيەرلىك، ھەقىقى چىن ۋاپا-

دارلىق، چىن مۇھەببەت بىلەن ئائىلىنى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش زوق بىلەن كۈيلىنىدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى قوشاقلاردىن كورۈۋېلىش مۇمكىن:

ئا خېنىم يامانلىماڭ،
ياخشى يامانىنى كىم بىلۈر.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
سايىنى تېرىسا گۈل بولۇر.

× ×

خوش بەختى ـ سائادىتى،
كىشى جانانىغا يەتسە.
چېكىپ جەۋرى جاپالارنى،
كوزى مەستانىغا يەتسە.

× ×

كوزۇمدىن ئاققان يېشىم،
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.
كوكتە پەرۋاز قىلاتتىم،
مەن ئۇلاشسام يارىمغا.
جېنىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

ياش يىگىت - قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوز ئارا سىغىنىش ھېسسىياتىنى، ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنى ئىپادىلەش مۇھەب-بەت قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. بۇنى تۆۋەندىكى قوشاقلاردىن كورگىلى بولىدۇ:

يارىمنىڭ لەۋەن سوزى،
ئوينىاپ تۇرىدۇ كوزى.
ئايىمىكىن قوياشمىكىن،
يارىمنىڭ گوزەل يۈزى.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىپ تۇرسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار،
يان خوشنا يېقىن بولسا.

بۇنداق ئوز - ئارا سىغىنىش، بىر - بىرىگە باغلانغان چىن ئەقىدە كوپ چاغلاردا تەسىرلىك ئوخشىتىشلار ۋە قىزىقارلىق مۇبالىغىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كىشىگە چوڭقۇر تەسىر كورسىتىدۇ:

يارىم چىمقتى كول بېشىغا،
چا ياغلىق چىگىپ بېشىغا.
چوگۇنىغا سۇ ئالماي،
تولغۇزۇپتۇ كوز يېشىغا.

بېرىشىگنى باغدا كوردۇم،

يىلىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كوزۇمگە تۇتىيا.

ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
ئاپپاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ،
يارىم يۈرگەن كوچىلار.

بۇنداق قوشاقلاردا چىن مۇھەببەت ئەمگەكچىلەرگە خاس ھەقىقى ھىسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇھەببەت قوشاقلىرىدا يەنە:

تىل بىلەن تۇككەن تۇگۇچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ،
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۇلنى،
گاڭ بىلەن بولماس كېسىپ.

دىگەندەك، ھەرقانداق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھەقىقى مۇھەببەت قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ. بۇ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتىنىڭ نامايەندىسى.

مۇھەببەت قوشاقلىرىدا، خەلق سويگەن يار ۋەسلىگە يېتىش-نى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ سىمۋو-لى دەپ بىلگەن. شۇڭا ئوز يارىنى، ئاجايىپ گۈزەل ئوبراز ۋە باي ھىسسىيات بىلەن مەدھىيىلەيدۇ:

تاققا چىققىنىم ئازادە،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزدىلگۈلدىن زىيادە.

قىزىل ئالما قىزارغانىدەك،
قىزىل يۈزلۈگۈم يارىم.
ناۋات بىلەن يۇغارغانىدەك،
شىرىن سوزلۈگۈم يارىم.

يارسىز ئومرۇم مېنىڭ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۇچقونچە يوق.

ئوز يارى ۋە سويگىنى بىر خىل غايىنىڭ سىموۋلى بولغىنى ئۈچۈن يارغا بولغان ئەقىدە، سېغىنىش، ئىنتىزارلىق كۈيلىرى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئاجايىپ جاراڭلايدۇ:

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى سۈرتەي،
ھەمرا بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

ئىگىز ئاسماندا تۈرۈك يوق،
ئاقار دەريادا كوۋرۈك يوق،

جىمى ئالەم گۇۋا بولسۇن،
سېنىڭدىن ئۆزگە يارىم يوق.

مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى — فېودال كۈچ-لەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان بۇزغۇنچىلىغىنى ۋە توسال-غۇسىنى پاش قىلىش، مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىك ۋە دىموكراتىد-يىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. تۆۋەندىكى قوشاقلار مۇھەببەت-تىكى ئادالەتسىزلىكتىن زارلىنىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك نەپرەتنىڭ ساداسىدۇر:

ئاتلىرىنى ھەيدەيدىكەن مۇزداۋان بىلەن،
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن بىر يامان بىلەن.
ئاتام مېنى بەككە بېرىپ يامبۇ تاپامدۇ؟
مۇشۇ كۈندە ئۆلۈپ كەتسەم قۇمدىن تاپامدۇ؟

× ×

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،
كىم سېلىپتۇ قاغىغا.
ئالتا قاغا بىر بولۇپ،
ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.

× ×

ھاۋادا پارچە بولۇت،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن يوق.

ئىككى ئاشنا بىر بولۇپ،
مىرادىغا يەتكەن يوق.

× ×

چولپان چىقىپ ئاي نىمىشقا پاتمايدۇ،
ھۆكەر چىقىپ تاڭ نىمىشقا ئاتمايدۇ.
قىزىلگۈلۈم بەختىم شۇنداق قارىكەن.
بىلسەڭ يېشىم ھەرگىز بىكار ئاقمايدۇ.

بۇ خەلق قوشاقلاردا فېئودالىزىمنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى مۇتەئەسسىپ كوزقاراشلىرىغا، ئادالەتسىز نىكا ـ قانۇنلىرىغا قارشى دېموكراتىك پىكىرلەر دادىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇھەببەت ئەركىنلىگىگە زىت ھالدا ئوز خەلقى ۋە ئوز تەڭتۇشى بولمىغان ئەرگە چىقىشقا قارشىلىق كورسىتىش، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە تۇرلۇك ئالدامچىلىقلىرى تېخىمۇ كەسكىن ئىپادىلەنگەن:

گۇلنى كۆلگە بەردىلا،
گۇلنى تىكەنگە بەردىلا.
گۇل خەلىنى تاپقىچە،
قېرى بوۋايغا بەردىلا.
قېرى بوۋاي قانداق كىشى،
ئاغزىدا يوقتۇر چىشى.

قوسۇغۇم ئاچتى دىسە،
چاينار بىرەر مەزلۇم كىشى.

بۇ خىل خەلق قوشاقلىرىدا فېودال كۈچلەرنىڭ چىن مۇھەببەتنى نابۇت قىلغانلىغى ئىنكاس قىلىنىپلا قالماي، ئۇر سويگۈنىگە مەڭگۈ سادىق بولغان قەتئى ئىرادىلىك، پاك ئاياللارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ:

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزەمنىڭ.
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزەمنىڭ.
قارا قاشىم بار مېنىڭ،
قوشۇمۇقاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.
كوۋرۇكنىڭ تېگى تاختاي،
سۇلار ئاقىدۇ لاختا.
سەندىن ئۆزگىنى دىسەم،
قان قۇساي ئولەر ۋاقتىتا.
ئالما گۇلى گۇل بولامدۇ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ؟
ئولگىچە جانغا پىچاق.

× ×

ئەقىش ئويدۇم يۇرەككە،
قىزىلگۇلۇم سوزۇگدىن.
ساگا بەرگەن كوگلۇمنى،
كورگەنمىدىڭ كوزۇمدىن.
زارىڭدا ئولۇپ كەتسەم،
رازى بولغىن تۇزۇگدىن.

× ×

قىزدلگۇلۇم لىۋىڭ سۇزۇك سۇيگىلى،
ھىساپ قىلسام ئۇزۇن بوپتۇ كۇيگىلى.
ئاستا ئولتۇرۇپ ئۇزۇننى خىيال قىلسام،
بولمايدىكەن سەندىن كوگۇل بۇلگىلى.

تاڭ ئاتاردا ئىككى چولپان پاقىراپ.
ئاقار يىشىم يامغۇر ئوخشاش شاقىراپ،
تەرك ئەيلەپ تاھىر ـ زوھرە ئوتكەن ئىكەن،
بىزگە ئوخشاش يار ۋەسلىدە ۋاقىراپ.

مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ كوپ قىسمىدا، ئايرىلىش مۇگزا ـ ري، ھىجرانلىق ئەلمى ئىنتايىن چوگقۇر ھىسسىيات بىلەن كۇيلىنىدۇ.

بۇ خىل قوشاقلاردا مۇنداق ئىككى خىل ئايرىلىش

مۇڭزارى كۈيلىنىدۇ. بىرى ئۇز سۈيگىنىدىن تۇرلۇك ئىجتىمائى توسقۇنلۇقلار تۇپەيلىدىن ئايرىلىش بولۇپ، بۇ ئۇز سۈيگۈسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنى مۇڭ بىلەن كۈيلەش، ئايرىلىشقا سەۋەپ بولغان ئىجتىمائى توسقۇنلۇقلارغا نەپرەت بىلدۇرۇشتۇر:

نىمە دەپ ئىچتىم خام بوزاڭنى،
تۈتتى كوكسۇمنى.
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى،
بوتا كوزۇمنى.

× ×

ياغلىغىمنى يۇدۇردۇم،
باققا ئالما يايدۇردۇم.
ئاران تاپقان يارىمنى،
قاراقچىغا ئالدۇردۇم.

× ×

قارا - قارا قاغىلارنىڭ قاناتى بولسام،
ئىگىز - ئىگىز چىنالارنىڭ باشىغا قونسام.
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ شاگىرتى بولسام،
ئاشىقلارغا قەست قىلغاننىڭ جىننى ئالسام.

يەنە بىرى، يارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن بولغان ئايرىلىش دەرت - ئەلىمى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ۋاپاسىزلىق، ئالدامچىلىقتىن

لەنەتلىنىدۇ. ئالدانغانلىغى ئۇچۇن ئوكۇنىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىدىكى رەنجىش، ۋاپاسىزلىققا لەنەت ئوقۇش، وكونۇش ئۆزىنىڭ كونكىرىت سىنىپى مەزمۇنىنى تاپقان:

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۇگەپ كەتتى يىمەستە.
يار ئىگىزدە مەن پەستە.
ئوتۇپ كەتتى كورمەستە،

يار بىلەن ئىچسەم شاراپ،
قۇيسام پىيالە توشمىدى.
ئالدىراپ بەرگەن كورگۈلىنىڭ.
ئېتىۋارى بولمىدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، مۇھەببەت، جۇملىدىن ئەر - ئايال مۇھەببىتىمۇ سىنىپى جەمىيەتتە كونكىرىت مەزمۇنغا ىگە. ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ئەم - ەكچىلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن يەنى ئەمگەك سۆيەرلىك، ھەقىقى قەدىردانلىق، ساپ ۋىجدانلىق خۇسۇسىيەتلەر بىلەن باغلانغان. ئەكسىچە ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ ياخشى يار توغرىسىدىكى كوزقاراشلىرى مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە يات بولۇپ، ئۇلارنىڭ كوز قارشىنى ئىپادىلىگەن قوشاقلاردا تاماشا، ئەيشى - ئىشرەت، ھەر تۇرلۇك بولمىغۇر ھەۋەسلەر شەرت قىلىپ قويۇل - غان. تۆۋەندىكى قوشاقلار بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

هاۋادا لاچىن ئۇينايدۇ،
قىمارنى داچەن ئۇينايدۇ.
چەندازاڭ ئېغىر بولسا،
يېنىڭدا چوكان ئۇينايدۇ.

تاقلاپ چۈشتۈم باغچاڭغا،
ناسۋال ئالدىم چاخچامغا.
خۇلق لىۋەن سەتەڭنى،
ئالداپ ئالدىم ئاخچامغا.

ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ مۇھەببەت كۆيى بولغان بۇ قوشاقلار ھەقىقى مۇھەببەت قىممىتىگە ۋە ئۇنىڭ شەرتىگە شۇنچە يىراقكى، ئۇ پەقەت ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىنى، مۇھەببەتكە بولغان پەسكەش كوزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئۆرپ-ئادەت، رەسمى يوسۇنلار ۋە دىنى ئېتىقاتقا باغلىنىشلىق بولغان قوشاقلارمۇ خېلى چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى قوشاقلار ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخى جەريان ئىچىدە شەكىللەنگەن مىللى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلەن، ئەدىبىيات ۋە سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرلۇك دىنى ئېتىقاتلىرىنى چۈشىنىشتىمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ ئېتنوگراپىك شەكىللىرىنى يۇقۇرىدا تونۇشتۇرغانلىغىمىز، جۇملىدىن، ئۆرپ-ئادەت

قوشاقلىرى ئومۇمەن ئاھاڭلىق ناخشىلار بولۇپ، تۆۋەندە ناخشىلار توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى توغرىسىدا ئايرىم توختالمايمىز.

## باللار قوشاقلىرى

باللار قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن باللارنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، پسىخىك خۇسۇسىيىتى، ھەۋەس - ئىشتىياقىغا ئاساسەن ئاددى، جانلىق، ۋەزنىلىك، قاپىيىلىك سوزلەر بىلەن ئىجات قىلىنغان قىسقا ناخشىلار بولۇپ، ئۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمىدىن ئىبارەت.

باللار ناخشىلىرى باللارغا خاس ھەر خىل ئويۇنلار بىلەن زىچ باغلانغان. باللار ناخشىلىرى باللار ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ، باللارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ئويۇنلارنىڭ ھەركىتىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئويۇنلارغا جان كىرگۈزىدۇ. بۇ باللارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىگەللەيدىغان ھەركەتلىك ناخشىلىرىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن: بىز باللار ئوسۇش جەريانىدا ئەڭ بۇرۇن تونۇشىدىغان، باللار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ كەڭ ئومۇملاشقان "قارا - قارا قۇشلارىم" بىلەن "ئاق تېرەك، كوك تېرەك" دىگەن باللار ناخشىسىنى كورۇپ باقايلى:

"قارا - قارا قۇشلارىم" دىگەن ئويۇننى باللار توپلىشىپ ئوينايدۇ. باللارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چوڭ بىرسى "ئانا" بولۇپ، 1 - رەتتە باش بولۇپ تۇرىدۇ. قالغان باللار بويىدىغا قاراپ

"ئانا"نىڭ ئارقىسىغا تىزىلىدۇ. بىر - بىرىنىڭ چاپىنىنى تۇتۇپ ئۈزۈلمەس زەنجىر ھاسىل قىلىدۇ. يەنە بىر چەۋەندازبالا يالغۇز چەتتە تۇرىدۇ. "ئانا" بىلەن ھىلىقى چەتتە يالغۇز تۇرغان بالا ئوتتۇرىسىدا ئېيتىشىش باشلىنىدۇ:

بالا: قارا - قارا قۇشلارىم،
ئارقاڭدىكى نىمەلەرىڭ؟
ئانا: ئۇششاق - ئۇششاق بالىلىرىم،
بالا: ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ،
ئانا: كۇچۇڭ يەتسە ئالساڭچۇ.

بۇنىڭ بىلەن يالغۇز بالا "ئانا"نىڭ ئارقىسىغا ئەگەشكەن بالىلارنى قوغلايدۇ، "ئانا" ئارقىسىدىكى بالىلارنى قوغدايدۇ. تارتىشماق ئويۇنى باشلىنىدۇ. بالىلار سىيپى ئۈزۈلمەس دولقۇن بولۇپ سەي بويىچە جىددى ئايلىنىدۇ. ناۋادا دىققەتسىزلىكتىن بالىلاردىن بىرەرسى ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇلارنى قوغلاۋاتقان بالا تۇ - تىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ غەلىبە قىلغان ھىساپلىنىپ ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

"ئاق تېرەك، كوك تېرەك" دىگەن ئويۇنىنىڭ خاراكتىرى يوقۇرقىغا ئوخشايدۇ. پەرقى بۇنىڭدا بالىلار ئىككى سەپ بولۇپ بىر - بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىشىدۇ.

1 - رەت: ئاق تېرەك، كوك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك
2 - رەت: باتۇر - باتۇر قىز كېرەك،

1 ـ رەت: باتۇر قىزنىڭ ئىسمى كىم؟
2 ـ رەت: ئىسمى ئۇنىڭ مەلىكەم.
1 ـ رەت: كۆچۈڭ يەتسە ئال كېلىپ
سىپەمىزنى سەن يېرىپ.
2 ـ رەت: چۇۋۇق بىلەن ئۇرىمىز.
كەمپۈت بىلەن ئالدايمىز،
1 ـ رەت: ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايمىز.
كۈچۈڭنىمۇ سىنايمىز.

بۇنىڭ بىلەن 2 ـ رەتنىڭ بېشىدا تۇرغان بالا 1 ـ رەت-نىڭ ئارىسىدىن بوسۇپ ئۆتمەكچى بولىدۇ. 1 ـ رەتتىكى بالىلار بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىشىپ، ئايرىپ ئۆتۈشكە يول قويمايدۇ. ناۋادا قولىنى ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتەلىسە، قولى ئايرىد-لىپ كەتكەن بالىنى ئولجا ئالغان ھالدا ئۆز سېپىگە قوشۇ-ۋالىدۇ، ئويۇن شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

ئاق تاش، كوك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
مېنىڭ دوستۇم قەلەم قاش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئۇيانمۇ زەيكەش،
بۇيانمۇ زەيكەش.
"ياغلىق" ئوينايمىز،
ئارقامدىن ئەگەش.......

دىگەندەك ناخشىلارمۇ بالىلارنىڭ ئويۇنىغا ماسلاشقان.

بالىلار ناخشىلىرى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم قورالى. بالىلار ناخشىلىرى بالىلارنىڭ بىلىمىنى بېيىتىش، ئەقىل - پاراستى ۋە تەسەۋۋۇرىنى ئوستۇرۇش بىلەنلا قالماي، بالىلارنى ياخشى ئىدىيە، ياخشى پەزىلەت، ياخشى ئىستىل ۋە ئادەتكە ئوگىتىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن "قارا - قارا قۇشلىرىم" "ئاق تېرەك، كوك تېرەك" ناخشىلىرى "كۆچ بىرلىكتە" "ئاي - رىلغاننى بورە يەر" دىگەن مەزمۇننى ئىپادىلەپ بالىلارنى ئىتتىپاقلىششىش، ئومىلىشىش، قەھرىمانلىق روھتا تەربىيىلەيدۇ.

ئۇرغۇنلىغان تىرادىتسىيىلىك بالىلار ناخشىلىرى چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بالىلارغا خاس تىل ۋە تەسۋىر ئارقىلىق سىنىپىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي كۇرەش ئىپادىلىنىپ، بالىلارنىڭ زالىملارغا، ئەزگۈچىلەرگە قارشى سىنىپىي ئېڭىنى ئوستۇرۇپ، كىمنىڭ ياخشى ئادەم، كىمنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: "توگىلەر ئويۇنى" دىگەن ناخشىدا مۇنداق دېيىلگەن.

— قاتار - قاتار توگىلەر،
نەگە - نەگە ماڭدىڭلار؟
— تۇزغا - تۇزغا بىز ماڭدۇق.
— تۇزۇڭ نەگە توكۇلدى؟
— ئارى يولغا توكۇلدى.
— تاسقاپ - تاسقاپ ئالساڭچۇ،

غانجۇغامدا تۇشۇك بار،
قاراپ تۇرغان مۆشۈك بار.

بۇ يەردىكى "مۆشۈك" تۇزچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۋاتقان ئەمگەكچىلەرنى ئالۋاڭ - سېلىق سېلىش ۋە باج ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئېزىۋاتقان پومىششىك، زومىگەرلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ بالىلاردا سىنىپىي ھىس - تۇيغۇ قوزغايدۇ.

بالىلارنىڭ ھەۋىسى ئىنتايىن كەڭ، شۇڭا بالىلار ئويۇن - لىرىنىڭ تۈرى كۆپ، بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا ناخشىلىرىنىڭمۇ تۈرى كۆپ. مەسىلەن: "ياغلىق تاشلاش ئويۇنى" "موكۇلەك ئويۇنى" "تاققا - تۇققۇ ئويۇنى" "دۇم - دۇم ئويۇنى" "چىگىچى، بۇغدايچى ئويۇنى" "گۇلەڭگۇچ ئويۇنى" ۋە باشقىلار. بۇ ئويۇن - لارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس بالىلار ناخشىسى ئېيتىلىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ مەزمۇنىدا ئاسمان، ئىنسانىيەت، يەر، دەريا، ھاي - ۋانات، ئۇسۇملۈك قاتارلىقلارنىڭ بالىلار تۇرمۇشىدىكى تەسىرى بايان قىلىنىدۇ.

بالىلار ناخشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىگى بار. بالىلار ناخشىلىرى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە كۆپرەك جانلاندۇرۇش (ئىمپۇس) ئۇسۇلى قوللىنىدۇ. جانلاندۇرۇش دىگەنىمىز جانلىق نەرسىلەرگە خاس بولغان خۇسۇسىيەت ۋە نەرسىلەرنى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇلارنى جانلىق ۋە ھىسسىياتلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بالىلار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئويۇننى راست نەرسە، ئىشەنچىلىك نەرسە دەپ قارايدۇ، ئۆزىدىكى تەسەۋۋۇردىكى ۋە ئويۇندىكى بارلىق شەيئىلەرنى جېنى بار،

ھاياتى بار، ھىس ـ تۇيغۇسى بار، سوز قىلالايدىغان تەرسە دەپ تونۇيدۇ. نۇرغۇن باللار ناخشىلىرىدا جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، باللارنىڭ باي تەسەۋۇرى، ساپ ۋە گۈزەل روھى دۇنياسى ئىپادىلىنىدۇ.

مەسلەن: "چىگىچى ـ بۇغدايچى ئويۇنى" دا ئېيتىلىدىغان:

چىگىچى بۇغدايچى،
ئەمىگى تاغدايچى.
كېچىلەپ زۇۋانى تۇت،
زوۋىنىڭ ئىچىدە ئوت.
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا قېشى ئويۇلدى،
پاتمان سۇيى قويۇلدى.
بىرىنىڭ ئېتى كوچۇلا،
بىرىنىڭ ئېتى پۇچۇلا.
ئاپپاق ساقال بوۋىلار،
قىلدى نەچچە توۋىلار،
بوۋىنى بوۋا دىمەڭلار،
بوۋىلار يالغانچىكەن.
ئالداپ ئالداپ بىزلەرنى،
قولىغا ئالماقچىكەن.

دىگەن ناخشىدا مۇتەئەسسىپ روھانىلار، ئالدامچى بوۋىلار مەسخىرە قىلىنىغان. بۇ ناخشىدا ئادەملەرنى ئۇچىدىـ

غان قىلىپ، دەريالارنى بولسا ئادەملەرگە ئوخشاش ئېتى بار قىلىپ جانلاندۇرىدۇ.

ئۇلۇق لېنىن باللار چوچەكلىرى ھەققىدە سۆزلەپ "ئەگەر سىز باللارغا چۆچەك ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى توخو ۋە مۈشۈك-لەر سۆز قىلالمايدىغان بولسا، باللار ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ" دې-گەن ئىدى. بۇ سۆز گەرچە باللار ناخشىلىرى ھەققىدە ئېيت-ىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ باللارنى تەربىيىلەش ۋە تەسىرلەندۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تەسۋىرى ۋاستىدا تاللاپ ئېلىنغان تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئادەم بىلەن ھەركەت، يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتلەردىكى مەلۇم ئوخ-شاشلىقىنى تۇتۇپ مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەتتا مۇبالىغىلەشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. ھەممە تەرىپىنى يېزىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. لې-كىن تەسۋىرلىنىۋاتقان مەلۇم ئوخشاشلىق جەزمەن شۇ نەرسىدە (ئوبيېكتىۋ) بولىدىغان ھەركەت ياكى خۇسۇسىيەت بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا جانلاندۇرۇش ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، باللارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە خىيالىنى توغرا نىشانغا باش-لىيالايدۇ، بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: "ياغ-لىق تاشلاش ئويۇنى" دا ئېيتىلىدىغان ناخشىدا مۇنداق مىس-رالار بار:

هاۋا-هاۋا، هاۋاچاق،
چاۋا تەردىم بىر قۇچاق.
چاۋانى ئېلىپ قاچتى،
پاقا بىلەن كۈمۈچاق.

بۇ يەردە پاقىلارنىڭ يەردىن بىر نەرسىلەرنى تېرىپ يېيىش خۇسۇسىيىتى ئادەمگە قىياس قىلىنىپ كەڭ مۇبالىغە قىلىنغان.

دىمەك، باللار ناخشىلىرىدا كەڭ قوللىنىدىغان جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەم توقۇلمىلىق خۇسۇسىيىتى ھەم رېيال-نى ئاساسى بار. شۇڭا باللار تەسۋىرلەنگەن نەرسىنى يالغان دىمەي، راست دەپ ئىشىنىدۇ. جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدا رېيالنى تۇرمۇش بىلەن تەسەۋۋۇر بىرلەشتۈرۈلگەنلىگى ئۈچۈن سەنئەت جەھەتتىكى تەسىرلەندۇرۇش كۈچى ئىنتايىن ئۈستۈن.

باللار ناخشىلىرى — باللار ئويۇنىغا ماسلاشقانلىقى، جۈملىدىن مۇزىكا ئورنىدا تەڭكەش قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تىلى ئىخچام ۋە ئېنىق، قاپىيىلىك، رىتىملىق ۋە ئاھاڭدارلىق خۇ-سۇسىيەتكە ئىگە. باللار ناخشىلىرىدا مىسرالارنىڭ مەزمۇنى بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىشى تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، لېكىن مىسرالارنىڭ ۋەزنى ئېنىق، قاپىيىسى تولۇق بولۇشى كېرەك. بۇ باللارنىڭ زېھنى قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈشكە پايدىلىق. مەسىلەن: "تۇگۇلەڭ ئويۇنى" دىكى مۇنۇ ناخشىنى كورەيلى.

يولدىشكامنىڭ بىر قىزى،
باسما كوينەك كىيىپتۇ.
باسما كوينەك كىيگەندە،
ھىلىم بەككە تىگىپتۇ.
ھىلىم بەككە تەككەندە،
ئالتە بالا تېپىپتۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق،

ئېيتاي دىسە لاتا يوق.
لاتا دىگەن ئۇگۇزدە،
چىقاي دىسە شۇتا يوق،
شۇتا دىگەن دەرەختە.
كېسەي دىسە پالتا يوق.
پالتا دىگەن بازاردا،
ئالاي دىسە پۇلى يوق.
پۇلى دىگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دىسە ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچكاملار ئۇلۇپتۇ،
ئاق مازارغا كومۇپتۇ.
ئاق مازاردا بىردەمدە،
ئاق تىكەنلەر ئۇنۇپتۇ.

بۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنى قىزىقارلىق بولۇپلا قالماي ھەر بىر مىسرانىڭ ۋەزنى بىر خىللا $4 + 3 = 7$ شەكىلدىكى تۇ- راقتىن تەشكىل تاپقان، قاپىيىلىرىمۇ ئاھاڭلىق، بالىلارنىڭ تۇتۇ- ۋېلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپلىك.

بۈگۈنكى ئازات زاماندا، يەسلى ۋە بالىلار باغچىسىدا ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ تۈرى كوپەيدى، بالىلارنى كوممۇنىس- تىك روھتا تەربىيىلەيدىغان يېڭى ناخشىلارمۇ كوپەيدى، ئەن- ئەنىۋى بالىلار ناخشىلىرىنى ئۈگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگەللەش لازىم. ئىرادىتىسىلىك بالىلار ناخشىلىرى ۋە ئۇنىڭ بەددى ئۇسۇلى يېڭى بالىلار ناخشىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەھمىيەتلىك رول ئوينايدۇ.

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۈرلىرى

قوشاق — ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئىجات قىلىنغان ئاغزاكى شېئىرى ئەسەر بولۇپ، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا، دېكلاماتسىيە قىلىشقا بولىدىغان نەزمە شەكلى. قوشاق ئۆزىنىڭ ئاھاڭدارلىقى (رىتىمچانلىقى)، قاپىيىداشلىقى، ھەجىمىنىڭ ئىخچام ۋە چاققانلىقى، لىرىكىلىق خاراكتېرى جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈرلۈك يەر ناملىرى بىلەن ئاتالسىمۇ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن قوشاق، ناخشا (غەزەل)، بېيىت دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر ناخشىلىرى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئادەتتىكى قوشاقلار ۋە بېيىتلەر ھەققىدىكى بەزى مۇلاھىزىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويىمىز.

1 - قوشاقلار: ئومۇمەن ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك مۇستەقىل پىكىرنى، ھېسسىياتنى ياكى بەلگىلىك كەيپىياتنى نەزمىلىك شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان، بىر خىل مۇقىم ئاھاڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان (ناخشىلار مۇقىم ئاھاڭغا ئىگە) مىسرالار چەكلىمىسى، ۋەزىن چەكلىمىسى بىر قەدەر ئەركىن بولغان خەلقنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىنى قوشاقلار تەركىۋىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن.

قوشاقلاردا ئىچكى ھېس - تۇيغۇنى (لىرىك كۈينى) ئىپادىلەش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەر بىر كۇپلېت قوشاقتا

ئىپادىلەنگەن ھىس-تۇيغۇنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسى ۋە چوڭ-قۇرلۇق دەرىجىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

مەسىلەن:

ئاھ-ئۇرارمەن، ئاھ-ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

بۇ قوشاقتا لىرىك تۇيغۇ ئىچىدە زۇلمەتلىك بىر پۈتۈن دەۋر ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھىسسىيات ئىنتايىن يۇقۇرى دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇلگەن.

قىيان كەلدى شاقىراپ،
كوچىلارنى ياقىلاپ.
جاننى ئالدى بەگ-بوجاڭ،
سېلىق بەر دەپ ۋاقىراپ.

بۇ قوشاقتا لىرىك تۇيغۇ ئالۋاڭ-سېلىق قاتارلىق كونكىرىتنى ۋەقە ئۈستىگە قۇرۇلغان.

نۇرغۇن مۇھەببەت قوشاقلىرىدا بىر خىل پىكىر، ياكى لىرىك تۇيغۇ كونكىرىت ھالەتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلە-نىدۇ:

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئورکەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
سەن يارىمنى ئويلاپ-ئويلاپ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە.

بۇ قوشاقتا لىرىك تۇيغۇ ئاش ئۈستىدىكى ھالەت تەس-ۋىرى ئىچىدە ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئاھاڭ-غا چۈشىدۇ. شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن خەلق قوشاقلىرى كوپ ھاللاردا ناخشىغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. جۈملىدىن ناخشا ئېيتى-قۇچىنىڭ ھەۋىسى، ھىسسىياتى، خەلق قوشاقلىرىنى ئىگەللەش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغانلىغى ئۈچۈن مۇقىم ئاھاڭغا ئىگە ناخشىلارغا ئۇلاپ ناخشا مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش بولمىغان قوشاقلارنىمۇ ئېيتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بىلەن ناخشىنىڭ پەرقىنى ئايرىش نىسبەتەن قىيىن-راق بولۇپ، كوپ ھاللاردا ئىككى ئاتالغۇ بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

2 - بېيىتلار: بېيىت ئادەتتە “تاخماق” دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېيىت مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنمايدىغان ئادەتتىكى نۇتۇق ياكى دىكلاماتسىيە شەكلىدە ئېيتىلىدىغان، مىسرا ۋە كۇپلىتلىرى مۇقىم چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان قوشاقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئو-زىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق.

بىرىنچى، بوغۇم، رىتىم، مىسرا تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئانچە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا لالە ئۈنۈپتۇ،
لالە بىلەن قىزىل ئالما بىللە پىشىپتۇ.
شۇنچە كىشى ئىچىدە مېنىڭ كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

× × ×

قىزىل قىيان ئىچىدە،
قىيىلدىم سىزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.
خاھى بىلىڭ خاھى بىلمەڭ،
خۇشتارمەن سىزگە.
خۇشتارلىقتا ئۆلەپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

ئىككىنچى، بېيىت كۆپىنچە ئېيتىشىش خاراكتېرىدا تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن:

—سىرلىق ساندۇق سىرى سىز،
پەرىلەرنىڭ بىرى سىز.
ئۇناي دەيدۇ كۆڭلىگىز،
ئەمما قورقۇپ تۇرىسىز.
— سىرلىق ساندۇق سىرى بىز،
جۇۋانلارنىڭ پىرى بىز.
ھېچنەرسىدىن قورقمايمىز،

يامان ئىشتىن نېرى بىز.
—ياغلىغىڭىز رەڭمۇ - رەڭ،
سەل سىلىغراق گەپنى دەڭ.
لەۋلىرى سۇزۇك جۇۋان،
ئالما بېرەي يېرىپ يەڭ.
—ئالمىڭىزنى يېمەيمەن،
يېسەم مەيدەم ئاغرىيدۇ.
يار ئۇستىگە يار تۇتسام،
يارنىڭ كوڭلى ئاغرىيدۇ.

ئۇچىنچى، بېيىت ئېيتىش ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئۇمۇملاشقان مەشغۇلات بولغانلىغى ئۇچۇن بېيىتلار روشەن ھەجەۋىلىك ياكى يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

مەسىلەن:

چاشقانغا نۇقتا سالدىم،
سورەلدى قاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلىۋىدىم،
داۋاندىن ئاشتى.
داۋان سۇيى يامان ئىكەن،
قاپتالدىن ئاشتى،
ياركىلەر مۇ كەلمەسمۇ،
قەرەلدىن ئاشتى،

"قاراكوز" بېيتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

قاراكوزدەك ئۇلتۇرغان،
كوڭلى ئالا قاراكوز.
سوغاقچىلىق تۇغدۇرغان،
ئوتى بالا قاراكوز.
ئاشىقلىقنىڭ ئوتىدىن،
يوق كورۇندۇ قاراكوز.
يەيدىغاندەك كوزلىرى،
ئوت كورۇندۇ قاراكوز.
تومۇر ئوخشاش قوللىرىدىن،
پۇل ئوتەمدۇ قاراكوز.
بۇرۇنلىرىنىڭ توشۇگىدىن،
پىل ئوتەمدۇ قاراكوز.
ھەلەپ يىگەن بۇقىدەك،
پۇشۇلدىماڭ قاراكوز.
كۇرۇك بولغان توخۇدەك،
كوتولدىماڭ قاراكوز.
مولۇن ئوخشاش ئالايماڭ،
جىم ئۇلتۇرۇڭ پالا كوز.
مۇزياغدۇرۇپ ئالايماڭ،
خوش ئۇلتۇرۇڭ كالا كوز.

بۇنداق بېيتلار مەشرەپ، سەيلە قاتارلىق ئاممىۋى مەر-
كىلەردە كەيپىياتنى ئوستۇرۇش رولىنى ئويناپدۇ.

ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى گەرچە ئادەتتىكى ئۇتۇق تەرىقىسىدە ياكى دىئالوگىماتىسىيە شەكلىدە ئېيتىلسىمۇ، لېكىن ھەربىر مىسرانىڭ ۋەزنى ۋە رىتىمى ئېنىق، قاپىيىسى توق، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك. شۇڭا بېيىتلارنىمۇ بەزى چاغلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: "يارۇ" ناملىق خەلق ناخشىسىنىڭ بېيىتىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاي ئالدىدا، كۈن كەينىدە،
ھەسرەت ئىچىدە، يارۇ.
چىقماس ئۇتنى سېلىپ قويدۇڭ،
دەردىم ئىچىدە، يارۇ.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا،
چىراق كويەدۇ.
ئۇكويگەنلەر چىراق ئەمەس،
يۈرەك كويەدۇ.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا،
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.
ئۇ ئەگىگەن قۇرغۇي ئەمەس،
يارلار ئەگىيدۇ.

× ×

پولات نەيزە تىغى يەردە ياتامدۇ؟
مەرت يىگىتلەر نامەرتلەرگە سىرىنى ئېيتامدۇ؟

سەپەر قىلساڭ ھۇرلەر بىلەن بىللە سەپەرقىل،
سېنى ئېلىپ، ئۆزىنى بىلىپ تاشلاپ كېتەرمۇ؟

نەقرات:

بىردانە ئىردىم، مىڭ دانە بولدۇم،
ئەقلى ھۇشۇمدىن يىگانە بولدۇم.
سەندەك قىزىل گۈل ھەرجايدا بولماس،
ھەرجايدا بولسا سېنىڭچە بولماس.
خۇشتار مەن ساڭا ئامرىغىم، يارىم دىگەيسەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تۇرمۇشنى ئەنىكاس قىلىش ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىپادىلەش جەھەتتە يەنە ئىككى چوڭ تۈرگە بولۇنىدۇ.

1 - لىرىك قوشاقلار — لىرىك قوشاقلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشقا بولغان ئىچكى تۇيغۇسىنى، ئىدىيەۋى ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. كونا خەلق قوشاقلىرىدىكى لىرىك تۇيغۇ كونا ئىجتىمائى تۈزۈم، ھەر خىل سىياسى ۋەقەلەر ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيەۋى كوزقارىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى خاراكتىرى قايغۇ ۋە ھەسرەتتىن ئىبارەت. لىرىك قوشاقلار ھىسسى تۇيغۇنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇ - خىل بولىدۇ. بەزى قوشاقلاردا لىرىك تۇيغۇ بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ:

جىڭ شۇرىدىن قۇتۇلۇپ،
شىڭ دۇبەنگە تۇتۇلدۇق.
زالىملارنىڭ قارىنىغا،
تىرىك - تىرىك يۇتۇلدۇق.

شىك دۇبەندىن قۇتۇلۇپ،
گومىنداڭغا خار بولدۇق.
ياش ئورنىغا قان يىغلاپ،
پارچە نانغا زار بولدۇق.

× × ×

مېنىڭ بىرلا مەشۇقۇم بار قاپقارا قاشلىق،
شايى ئەتلەس كوينەك كەيگەن 16 ياشلىق،
قالىغاچنىڭ قاناتىدەك قوشۇما قاشلىق،
مادان سۈيى تامچىغاندەك كوزلىرى ياشلىق.

بەزى قوشاقلاردا ئوبىكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرى ئار-قىلىق لىرىك ھىسسىيات ئىپادىلىنىدۇ:

دەرت-ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۇگمەن چوگىلەيدۇ،
كوزدىن ئاققان ياشىغا.

× ×

ئۇچۇپ ئوتكەن كاككۇكلارنى،
قونغان تېرەكلەردىن سوراڭ.

مەن بىچارە قۇل يېتىمنى،
چول باياۋاندىن سوراڭ.

بەزى خەلق قوشاقلىرىدا تەبىەت مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق لىرىك ھېسسىيات بايان قىلىنىدۇ:

× × ×

زوركىنىڭ① باشىغا چىقسام،
كورۇندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىرىلدى سەۋرەڭ تاغلىرى.

× ×

قىزىلگۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم،
بۇ شەلەردە تۇرغۇم يوق.

لىرىك قوشاقلاردىكى ھېس-تۇيغۇ قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنمىسۇن، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىپىك ھېسسىياتى بولۇپ، خەلقنىڭ ئورتاق تەلىۋى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ئۇ تېخىمۇ زور ئومۇملىققا، ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

① زوركا — قۇمۇلدىكى تاغ ئىسمى.

بۇ جاھان شۇنداق جاھان،
سەندىن - مەندىن قالغۇسى.
يىگىتلەرنىڭ ئاھ - زارى،
باي گېلىدىن ئالغۇسى.
ئىپتىقانغا تۇگمەيدۇ،
تارتىپ ئۆتكەن دەردىمىز.
بىرىيەرگە بىرىپ قالغان،
بىزنىڭ تاقەت سەۋرىمىز.

بۇ پۈتۈن ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كونا جەمىيەتكە بولغان ئىسيانكارلىق روھى ۋە ئازاتلىققا بولغان ئارزۇ- ئۈمىدىنىڭ ئوبرازلىق كورۇنىشىدۇ.

لىرىك قوشاقلاردا ئىپادىلەنگەن لىرىك تويغۇ كوپ ھاللاردا رىياللىقتىكى شەيئىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ مەلۇم ۋاقە، سەرگۈزەشتە ۋە پېرسوناژ- تەقدىرىنىڭ بەلگىلىك ھايات كارتىنىسى ئاساسىغا قورۇلغان. لىرىك قوشاقلارنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى تارىخىي قوشاقلاردا، شەخسىلەر تەقدىرى توغرىسىدىكى قوشاقلاردا، كوپ ئۇچرايدۇ، "نوزۇگۇم قوشاقلىرى"، "گۇلەمخان ناخشىلىرى" ئەنە شۇنداق بەلگىلىك ۋەقە ۋە پېرسوناژ تەقدىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى لىرىكىغا باي، لىرىك تۇيغۇ ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر تەقدىرىگە قان بىلەن گوشتەك سىڭگەن ئۇنىڭدا لىرىك تۇيغۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقتىن مۇشۇ خىل قوشاقلارنىمۇ لىرىك قوشاقلار تەركىۋىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن.

2 - سيوژىتلىق قوشاقلار. سيوژىتلىق قوشاقلارنىڭ خۇسۇسى -

يىتى شۈكى، ئۇنىڭدا ئەزمە شەكلىدە كونكىرىت ۋەقەۋە پېرسوناژ تەسۋىرلىنىدۇ. سيوژىتلىق قوشاقلار لىرىك قوشاقلار ئاساسىدا تەرەققى قىلغان بولۇپ، لىرىك قوشاقلارنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ئۆزىگە سىڭدۇرگەن. سيوژىتلىق قوشاقلارنىڭ ھەجمى چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەقە (سيوژىت) ۋە پېرسوناژ ئوبرازى بار. سيوژىتلىق قوشاقلاردا جانلىق ۋەقە، پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق بەلگىلىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا لىرىك تۇيغۇ، ۋەقە ھەم پېرسوناژ تەسۋىرى بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

سيوژىتلىق قوشاقلار مەشرەپ، توي-تۆكۈن ۋە سەيلىلەردە قوشاقچىلار تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدۇ. سيوژىتلىق قوشاقلار تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە ۋە پېرسوناژ تەقدىرىگە قاراپ چوڭ-كىچىك بولىدۇ.

بىز ”ھارۋىكەش“ ناملىق بىر سيوژىتلىق ھەجۋى قوشاقنى كۆرۈپ باقايلى. بۇنىڭدا بۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ:

قامچا سىلكىپ دىرۋاڭشىپ،
يولغا چىققان ھارۋىكەش.
ئاتنى ياخشى باقماستىن،
شوتىغا قوشقان ھارۋىكەش.
ئاتقا رەھىمىڭ كەلمەمدۇ،
بۇنچە يۈكنى باسقىلى.
گەدىنىنى قاڭغايتىپ،
جوجىسىدىن ئاسقىلى.
يەنە يولغا چىقىپسەن،
تۈن كېچىدە ھارۋىكەش.

قانداق ماڭار ئاتلىرىڭ،
تار كوچىدا ھارۋىدەكەش.

چاق چىكەتسە ئولتاڭدىن،
ئات چىكەتسە پوشتاڭدىن.
ساڭا بالا ياغمامدۇ؟
بۇ تۇرقۇڭدا ھارۋىكەش.

— نىمە چارەم بار مېنىڭ،
قايىل بولماي زامانغا.
يۇسۇپ خوجا ماللىرى،
بىر تويمىسا سامانغا.

ئېتى ئورۇق بىر لاڭقا،
كەپشە بۇرۇن ھەممىسى.
سىڭا - سوڭگەچ يېغىردىن،
تېشىلىپ كەتكەن تېرىسى.

ماڭا كۈندە ۋەزىپە،
ھارۋىسىنى ھەيدىمەك.
ئېتى شۇنداق تۇرسىمۇ،
يۈكنى ئېغىر يۈكلىمەك.

كەنتلەرنى ئارىلاپ،
چىقىپ كەلگىن ئۇششرىگە.
دەيدۇ خوجا ئاش يېغىپ،
ئارتقىن ئاتنىڭ ئۈستىگە.

تارتالمىسا قامچىلاپ،
ئۇرۇپ قويغىن سوگگەچكە.
ماڭماي ئاتنىڭ ھەددىمەس،
كېيىگىسنى يىگەچكە.

قۇلغىنى كەس يولدا،
شوققا كىرىپ ماڭمىسا.
ئوشرە — زاكات بېسىلغان،
ھارۋىلارنى تارتمىسا.

ئولسە يولدا ئىت يىسون،
تېرىسىنى قاغىلا.
قوۋغىسنى ۋاسىدەك،
قىش چىققىچە غاجىلا.

يۇسۇپ بەگنىڭ ھۆكمى شۇ،
ئاتقا رەھىم كەلمەيدۇ.
ئەھۋال ئېيتىپ يىلىنسام،
ئىچ ئاغرىتىپ باقمايدۇ.

دەيدۇ ئاتنىڭ نەسلى يات،
نەسلى ياتنىڭ پەيلى يات.
باغلاپ قاتتىق نوقتىلاپ،
قاق قۇزۇقنى شۇندا يات.

نىمە چارەم بار مېنىڭ،
ئاتنى شۇتىغا قوشماسقا.
ھەيدەپ يۈرۈپ ئارامسىز،
ئۆشرە-زاكات يىغماسقا.

نەچچە قالدىم تالادا،
بوران چىققان چاغلاردا.
يول ئېزىقىپ تۇماندا،
ئېغىر خەتەر ھاللاردا.

موللاق ئاتتىم نەچچە رەت،
يەنە كەلدى قوشلاپ دەت.
ھارۋىكەشلىك قىلمايمەن،
دېسەم بىگىم قىلدى رەرت.

شوتىغا قوشقان ئاتلاردەك،
چارىسىزمەن، ئامال يوق.
قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنسام،
ئۆلتۈرىدۇ ھايال يوق.

زارلىماڭلار مېنىڭدىن،
مەن جاپاكەش ھارۋىكەش.
ئۆمرۈم ئۆتكەن شۇ ئىشتا،
مەن بالاكەش ھارۋىكەش.

زامان ئۇسال بەگ قاشاڭ،
قاشاڭ بەگدەك ئېتىمۇ.
يىسە - يىسە سەمرىمەس،
بەگنىڭ تولىماس كېتىمو.

ئەر قانتى ئات دىگەن،
كونىلاردا ماقال شۇ.
بەگ قانتى مۇشۇ ئات،
ئۇساللىقتا مىسال شۇ.

ئېتىگە لايىق ئىگىسى،
ئىگىسىگە باپ ئېتى.
بەگ بىلەن تەڭ ئات ئۇلسە،
يەيدۇ قوشلاپ بوز ئەتى.

بۇ قوشاق پومىششىكلارغا ياللانغان ياللانما ھارۋىكەشلەر - نىڭ پاجىەلىك تەقدىرىنى، بولۇپمۇ بايلارنىڭ ئاتلىرىنى ھەجۋى قىلىش ئارقىلىق پومىششىكلارنىڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىلا ئەمەس، ھايۋانلارغىمۇ ئېغىر ئازاپ سېلىپ، ھايۋانلارنىڭمۇ قېنىنى شورايدىغانلىغىنى، ئاچكۆزلۈكتە، قانخورلۇقتا چېكىدىن ئاشقانلىغىنى ناھايىتى چوڭقۇر بايان قىلىدۇ. بۇنداق تىرىك - تاپلارنىڭ ئومرىنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىغىنى، ئوروق ئاتقا ئوخشاش گۇمران بولىدىغانلىغىنى جاكالايدۇ. ئوروق ئاتنى ھو - كۇمران سىنىپلارنىڭ بەربات تەقدىرىنىڭ سىمووۇلى دىيىش مۇمكىن.

بەزى سيۇژىتلىق قوشاقلاردا پېرسوناژنىڭ هاياتىدىكى مۇ-ھىم ۋەقە ھەم پېرسوناژنىڭ تەقدىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاتۇش خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان "روزىلەم"، "خالىدەم" قوشاق-لىرى، خوتەن خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان "زىۋىدىخان" "ئوسمان بېگىم" قوشاقلىرى مانا مۇشۇنداق سيۇژىتلىق قوشاق-لاردۇر.

سيۇژىتلىق قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭلىرى بار، ئۇنىڭغا كۆپىنچە راۋاپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. بەزى سيۇژىتلىق قوشاقلارنىڭ كومېدىيىلىك خۇسۇسىيىتىمۇ بو-لۇپ، مەشرەپ ۋە سەيلىلەردە ئىككى ئادەم تەرىپىدىن ئېيتىلىدۇ.

سيۇژىتلىق قوشاقلارنى خەلق داستانلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى شەكلى دېيىش مۇمكىن.

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىي خۇسۇسىيەتلىرى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىي خۇسۇسىيىتىدىكى خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىك شۇكى، باشقا مىللەت خەلق قوشاق-لىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭدا رېئالىزم بىلەن ئىلغار رومانتىزم ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن.

مېھنەتكەش خەلق ئەزەلدىن بۈيۈك رېئالىزمچى ۋە رو-مانتىزمچى. ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركى رۇس خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۇنى "رۇس خەل-قىنىڭ تارىخى" دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ باھانى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى توغرىسىدىمۇ ئېيتىش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلق قوشاق-

لىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر تارىخىي دەۋ-رى، كۈرەش يولى خەلق قوشاقلىرىدا ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن ئىنكاس قىلىنغان.

مەسىلەن:

قىش - يېزىچە ئىشلىسەك،
بىزگە ئاشلىق تەگمىگەن.
بېشىمىزدىن ئۇ چاغدا،
ئىلان قامچا كەتمىگەن.

بۇ قوشاق—ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ تارىخىي گۇۋاھىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ رېئالىزىملىق قىممىتىدىكە شۇ نەرسە ئالاھىدە خاراكتېرلىقكى، ئۇنىڭدا ئۇتمۇش جەمئىيەتتىكى كىشى-لەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇپ مۇناسىۋەت بولغان سىنىپى مۇناسىۋەت، سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن:

ئۇتمۇشتىكى دەۋردە،
يۇرتىنىڭ ئىچى تار ئىدى.
پومېششىكنىڭ ئالدىدا،
كەمبەغەللەر خار ئىدى.

بىكار يېتىپ پومشىك،
تەييار ئاشنى ئالاتتى.
كەمبەغەللەر خاماندا،
ئارا تۇتۇپ قالاتتى.

زەمىدلدە كومۇر توشۇپ،
قوللار قاپىرىپ كەتتى.
قوساق ئىشى يامان ئىكەن،
بەللەر پۈكۈلۈپ كەتتى.

× × ×

دادام سوققان پىچاقنى،
قولامغا ئالاي دەيمەن،
باي - غوجا بۇزۇقلارنىڭ،
كوكسىگە تىقاي دەيمەن.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى ھەسرەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى "پەلەكنىڭ گەردىشى" دەپ تۇرمىدى. ئۇلار ئوز يۈرىكىدىكى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى—ئازاتلىققا بولغان ئۇمىتۋارلىقنى تېخمۇ كۈچەيتتى، بۇ ئىرادە ۋە ئۇمىتۋارلىق ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە دولقۇنلۇق ئەكس ئېتىپ، دەۋر ئاۋازىغا ۋە سىگنالىغا ئايلاندى.

رېيالىزىم بىلەن رومانتىزىم بىرلىگى ئاساسىدا يارىتىلغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى خەلق ئاممىسى ھاياتىنىڭ كۈچ - قۇد-

رىتىنىڭ، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ، ئارزۇ - ئۇمىدىنىڭ سەنئەتتىكى نامايانىدىسى بولۇش سۈپىتىدە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا تارقىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەپ كەلدى. رىيالىزىم بىلەن روماننىزىم روھىغا باي خەلق قوشاقلىرى خۇددى ماركس ئېيتقاندەك "مەڭگۈ گۈزەللىككە" ئىگە بولۇپ غايەت زور مەنىۋى كۈچىنى جارى قىلدى ۋە قىلماقتا.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شېرىيەتنىڭ ئەڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن. مۇزىكىلىق سوز سەنئىتى، ئۇنىڭ بەدىئى خۇسۇسىيىتىدىكى كوزگە كورۈنەرلىك ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئوبرازلىق سەنئەت ئىكەنلىكىدە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ھەر خىل بەدىئى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ شېئىرى ئوبراز يارىتىشنىڭ نەمۇنىسى.

مەسىلەن:

پومىششىك ھەم بەگ، دوغا،
يېيىشى پاخلان كاۋاپ.
ئەيشى - ئىشرەت ئويناپتىنى،
چالدۇرۇپ قالون - راۋاپ.

بۇ قوشاقتا ئەزگۈچى تىرىك تاپلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ئەيشى - ئىشرەت بىلەن ياشايدىغانلىقىنى كونكىرىت ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ.

باياۋانغا ئاش تەردىم،
چورىسىگە ماش تەردىم.

خامانني بېرىپ قەرزگە،
ئىگىزلىقتا باش تەردىم.

بۇ قوشاقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ كونكرېتنى ھەس قىلالايمىز. روشەنكى، مۇنەۋۋەر خەلق قوشاقلىرى ئوبرازلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. كىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بەدىئىي ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تەسۋىرى ۋاستىلەر خىلمۇ-خىل جۈملىدىن بۇ بەدىئىي ۋاستىلەر ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە تەسۋىرى ۋاستىلەرنىڭ مۇھىم ئۇلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

1- سىمۋول: بۇ توغرىلىق ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ماددى تۇرمۇش شارائىتى (تەبىئى شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى) ۋە شۇ ئاساستا تۇغۇلغان ھەمدە تەرەققى قىلغان مەنىۋى خۇسۇسىيەتلەر، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى، تۇرلۇك رىۋايەت ۋە ئەپسانىۋى تونۇشلىرى، ئۆرپ-ئادەت خۇسۇسىيەتلىرى ۋە باشقىلار تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان سىمۋوللۇق ئىپادىلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق چوڭقۇر ئىجتىمائىي ماھىيەتنى ئەكس قىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ جارى قىلىنغان. مەسىلەن: قىزىل گۈل دائىم سۆيۈملۈك مەشۇقنى ياكى خوشاللىقنىڭ، تەنتەنىنىڭ، كۆكۈل ئازادىلىغىنىڭ سىمۋولى. بۇل-

بۇلبۇل بولسا ئاشۇ سۆيۈملۈك مەشۇقىنىڭ (قىزىلگۈلنىڭ) سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋولۇق ئوبرازى. شۇبھىسىزكى، بۇ بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل رىياللىقتىكى گۈزەللىككە بولغان زوقلىنىشتىن كېلىپ چىققان. بۇ زوقلىنىش ئەينى زاماندا بۇلار ھەققىدىكى تۈرلۈك ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرگە ئىلھامچى بولغان.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا، دەسلەپتە بۇنىڭ قۇلىقىغا نەغمە-ناۋا ئاڭلاتقان، بۇرنىغا ئاجايىپ خۇش پۇراقلار كەلگەن. ئاشۇ نەغمە-ناۋانىڭ بىرسى بۇلبۇلنىڭ ساداسى بولۇپ، خۇشپۇراق بولسا قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى ئىكەن دەپ ھېكايە قىلىدۇ. راۋايەتلەردە بۇلبۇلنى جەننەتتىن چىققان قۇش دېيىلسە، خەلق قوشاقلىرىدا قىزىلگۈل ھەققىدە "قىزىلگۈل دېگەن نەرسە، بېھىشتىن چىققان نەرسە" دەپ كۈيلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل ئومۇمەن بىر خىل باھارنىڭ، خوشاللىقنىڭ ياكى يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئەتىياز بولدى يەنە،
ئېچىلدى باغنىڭ گۈللىرى.
مەن بىرىپ شاخىغا قونسام،
سايرىشار بۇلبۇللىرى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۇقۇش ۋەيرانىلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ سىمۋولىدۇر. يورۇقلۇقنى كورەلمەيدىغان، قاراڭغۇلۇقنى، ۋەيرانىلىقنى تىلىگۈچىلەرنى ھۇقۇش ئوبرازى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. ئۆزى يامان كورگەن، دۈشمەنلەشكەنلەرنىمۇ ھۇ-

قۇش قىلىپ تەرىپلەيدۇ. تۇۋەندىكى لوپنۇر خەلق قوشىقىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كورۇۋالغىلى بولىدۇ:

قارا باتۇر بولسا كەلسۇن يېنىمغا،
قەست ئەيلىمەي گۇلۇم سىنىڭ جېنىڭغا.
ئۇستىخانىم تەندە بولسا ئاخىرى،
هۇقۇشلارنى قوندۇرمايمەن شېخىڭغا.

خەلق قوشاقلىرىدا هوپۇپ — چېقىمچى، هەسەتخور، پاسكىنىلىقنىڭ سىمۇۋولى بولۇپ كېلىدۇ.
ساشىقان، قاغا قاتارلىقلار بىر خىل سەلبى نەرسىنىڭ سىمۇۋولى بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن:

ئوچاق بېشىدا داڭقان،
كوك مۇشۇك ماراپ ياتقان.
گومىنداڭ تۇلۇم چاشقان،
بىزنى تولا قاخشاتقان.

شۇنى ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، خەلق قوشاقلىرىدىكى هۇقۇش، هوپۇپ ۋە باشقا مۇشۇ خىل خاراكتېردىكى سىمۇۋۇللار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن.
ئىسلامنىڭ مىستىك ئەدەبىياتىدا هۇقۇش كېچىلىرى ئۇخلىماي خۇدانى ياتلىغۇچى ئەجايىب ئوبراز بولۇپ تەرىپلىنىدۇ. ئىسلام شائىرلىرى خۇداغا بولغان مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلىشتا

ئۆزلىرىنى كۆپىنچە ھۇقۇشقا ئوخشاتقان ياكى ھۇقۇشنى ھۆرمەت بىلەن ماختىغان. ھوپۇپنى ئالساق، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى نۇرغۇن قەسسە ۋە غەزەللەردە ئەجايىپ ئوبراز قىلىپ كۆرسىتىلگەن، ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شوكى، ئۇ خۇدانى ياتىلاپ زىكرى سوققۇچى. ئۇنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ پۈتۈن ئالەمگە پادىشا بولغان سۇلايمانغا ۋەزىر بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ تاجىسى ئاشۇ ۋەزىرلىك مەنسۇپنىڭ يالدامىسى ئىكەن. لېكىن خەلق قوشاقلىرىدا بولسا ھوپۇپ سەلبى سىمۋولدۇر. ھوپۇپنىڭ تاجىسىنى مەسخىرە قىلىپ، تەييار تاپ سوپى، ئاخۇنلارنى، تاجىلىق ئەمەلدارلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئۆز يارىنى ياتلىغۇچى ئاشىغنىڭ كېچىلىرى ئۆز يارىنى ئەسلىگەن قايغۇ-ئەلەملىك ئوبرازىنى ھۇقۇشقا ئوخشىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. لېكىن بۇ ھۇقۇشنىڭ مىستىك ئەدەبىياتتىكى خاراكتېرى ئەمەس، قايغۇ ۋە دەرت ئەلەم مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن خالاس.

ئۇيغۇر قوشاقلىرىدا كاككۇك بىلەن زەينەپ توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر تۈرلۈك ئىجتىمائى تۇسقۇنلۇقلار نەتىجىسىدە، مىرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىغا ئاساس بولغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كاككۇكنىڭ ئەسلى نامى "زەينەپ" بولۇپ ئۇنىڭ "كاككۇك" دەپ سايرىشى ئۆز ئاشىغى بولغان كاككۇكنى قىچقارغىنى ئىكەن. شۇنداقلا كاككۇك دۇنيانىڭ ئاللىقانداق يېرىدە "زەينەپ" دەپ سايراپ ئۆز مەشۇقىنى چاقىرىدىكەن. لېكىن ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشالمايدىكەن، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى: "كاككۇك ئاشىغى زەينەپ،

بىرى باغدا، بىرى تاغدا" دىگەن مىسرالار ئەنە شۇنداق جۇدالىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇلارنىڭ تەقدىرى بۇ دۇنيادا بىر-بىرسى بىلەن تېپىشالماسلىق بولۇپ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتتە مۇرات-مەقسىدىگە يېتىدىكەن.

مەسىلەن:

ئانار گۈلى قىزىل خۇددى،
يالقۇنلۇق ئوتتەك.
بىز ئىككىمىز كويۇشىمىز،
زەينەپ، كاككۇكتەك.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كاككۇك بىلەن زەينەپكە ئوخشىتىلغان، مۇرادى مەقسىدىگە يېتەلمىگەن ئاشىق-مەشۇقلار توغرىسىدىكى بۇ خىل سىموۋۇللۇق پىكىرلەر خەلقىمىزنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى غەزەپ-نەپرىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىلغار ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا، «تاھىر-زوھرە» مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق-مەشۇقلارغا، قارا باتۇر بولسا ئارىنى بۇزغۇچى دۇشمەنگە سىموۋول قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

تاك ئاتاردا ئىككى چولپان پاقىراپ،
ئاقار يېشىم يامغۇر ئوخشاش شاقىراپ.

تەرك ئەيلەپ تاھىر زوھرە كەتكەن ئىكەن،
بىزگە ئوخشاش يار ۋەسلىدە ۋاقىراپ.

بۇنداق قوشاقلاردىكى تاھىر - زوھرە سىمۇۋوللىرى فېوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش روھى بىلەن تولغان. جۈملىدىن بۇ دۇنيادا مۇرات مەقسىدىگە يېتەلمىسىمۇ، ئۇ دۇنيادا بەربىر مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رومانتىزىملىق تەسەۋۋۇرنىمۇ ئىپادىلىگەن. «تاھىر - زوھرە» داستانىدا تاھىر-زوھرە ھايات ۋاقتىدا ئۆز مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئىدى. لېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىچىدە ئۇلار تېپىشىپ بەختلىك بولىدۇ. «تاھىر زوھرە» قەۋرىسىدىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ چىقىپ، بۇ پاك سۇلار بىر - بىرىگە قوشۇلىدۇ ۋە قەۋرىدە قىزىلگۈل ئۈنىدۇ. "قارا باتۇر" قەۋرىسىدىن تىكەن ئۈنۈپ قۇرۇق قاخشال بولىدۇ. بۇ ئاجايىپ جانلىق رومانتىزىم بولۇپ، «تاھىر - زوھرە» سىمۇۋولىنىڭ بۇ مەزمۇنى خەلق قوشاقلىرىغا سىڭگەن.

يەنە بىرى خەلق قوشاقلىرىدا «غېرىپ - سەنەم» مۇئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سىمۇۋولىغا ئايلانغان. غېرىپ يىگىت، سەنەم قىز مەنىسىدە ئاتالغان:

سىزدىن ئايرىلىپ مېنىڭ،
زۇلمەت باستى كۈنۈمنى.
سەنەمجان ئۆتۈك يامان،
بىر ئاڭلاتقىن ئۈنۈڭنى.
ئىچىڭلار ئاغرىمامدۇ.

ماڭا چۈشكەن ئەلەمگە.
كويۇك ئۇتى تۇتاشقان
غېرىپ بىلەن سەنەمگە.

بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ھاياتى كۈچىنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇندىن باشقا "لەيلى قازاق" "يىكەن چىچىگى" چىرايلىق ئىچىلسىمۇ لېكىن تېز تۇزۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلق قوشاقلىرىدا ياسانچۇق، چىدامسىز، ئومرى قىسقا مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ:

ۋاپاسىز يار توزۇپ تۇرغان،
يىكەن چىچىگى،
مېنىڭ ياردىم ۋاپادار دۇر،
ئانار چىچىگى.

يۇلتۇز — بەختىنىڭ، قارا ياغاچ - يەكلەنگەن، لېكىن چىدامىلىق دەرتمەننىڭ، قىزىل رەڭ — خوشاللىقنىڭ، ئاق — ساپ ۋە قۇتلۇقنىڭ، سېرىق — پەرىشانلىقنىڭ ۋە غەمكىنلىكنىڭ، قارلىغاچ — دوستلۇقنىڭ، ئىلان — دۇشمەننىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ.

بەزى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر خەنزۇ خەلقى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ لېكىن پەرقلەرمۇ بار. ئەجدىھا — ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بىر خىل دەھشەتلىك يامان نەرسىگە

سىمۋول قىلىنسا، خەنزۇ خەلقىدە قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولىدۇر. ئاپتاپپەرەس—ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئىككى يۈزلىمچى، تۇراقسىز نەرسىگە سىمۋول قىلىنىدۇ، خەنزۇ ئەدەبىياتىدا بولسا يورۇقلۇقنى، قۇياشقا ئىنتىلىش سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، كونا خەلق قوشاقلىرىدىكى نۇرغۇن سىمۋوللۇق ئىپادىلەر دەۋر ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆز كۈچىنى يوقاتتى ياكى يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىپ باردى.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى سىمۋوللۇق قوشاقلاردا كۆرۈنۈشتە باشتىن ـ ئاخىر دىگۈدەك تەبىەت مەنزىرىسى ۋە باشقا ھالەتلەر تەسۋىرلەنگەندەك كورۈنسىمۇ، لېكىن بۇ تەسۋىرلەرنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتىرىدىن تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائى مەزمۇنىغا ئىگە بولغان ماھىيىتى ئېچىلىدۇ.

مەسىلەن:

قاراڭغۇدا قارا ياغاچ مىنىڭ يولدۇشۇم،
يوپۇرمىغى شىلدىرلىسا توكۇلۇر يېشىم.

بىز بۇ مىسرالاردىكى سىمۋوللۇق ھالەت تەسۋىرى ئارقىلىق زۇلمەت ئىچىدە يەكلەنگەن دەردمەننىڭ، مۈڭلىنىپ قارا ياغاچ تۈۋىدە تۇرغانلىغىنى، قارا ياغاچنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى بىلەن ئۇنى يىغا بېسىپ، ھەسرەتكە چومدۇرگەنلىگىنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۇرىمىز.

بۇ چىنار ئىگىز چىنار،
چىققىمىز يارىم شاخى سۇنار.

شاخى سۇنغاندىن كېيىن
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.

بىز بۇ بىر كۇپلېت قوشاقتىكى سىموۋوللۇق ئىپادىلەردىن مۇھەببەتكە ۋاقىتسىز گودەكلەرچە ئالدىراپ ئىنتىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا سەممىيەت بىلەن ئېيتىلغان ئوبرازلىق ئاگاھلاندۇرۇشنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ناھايىتى كوپىنىڭ كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلىشىدە شۇنداق بىر خۇسۇسىيەت ئالاھىدە كورۇنىدىكى، كۇپلېتلارنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىدا 2 ـ بىر ھالەت تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ تەبىەت مەنزىرىسى ياكى باشقا بىر ھالەت تەسۋىرى بولۇپ، بۇ مىسرالار مۇنداق ئىككى خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك. بىرىنچى: سىموۋول. باشقا بىر ھالەت تەسۋىرى بولۇپ كەلگەن باشتىكى ئىككى مىسرا كېيىنكى مىسرالار ئۈچۈن بايان قىلىنغان توپ مەقسەتنىڭ سىموۋوللۇق ئىپادىسى ھېساپلىنىدۇ.

مەسىلەن:

چىنىنى بەرمەك نادانغا،
ئويناپ ـ ئويناپ سۇندۇرار.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچانمۇ كوڭۇلنى تىندۇرار؟

× ××

ھاۋانى تۇمان باستى
ئاينى كورگىلى بولماس.
كوڭلۇمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۇيگىلى بولماس.

ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا، مەيلى توپ مەقسەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئۇ ئاشۇ قوشاقنىڭ كېلىپ چىقىش ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى تارىخىي ئىجتىمائى شارائىتنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ مىللى خۇسۇسىيىتىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئاشۇ قوشاقنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىشكە ياردەملىشىدۇ.

مەسىلەن:

ھەممىدىن ئېگىز ئۇچۇن،
كوزۇم چۈشتى تېرەككە.
جاندىن ئېزىز چىمەنگۈل،
ئوتۇڭ چۈشتى يۈرەككە.

ئاق ناۋات دىگەن قوغۇن،
باراڭنىڭ ئارقىدا بارمۇ؟
ئاخشامقى دىگەن گەپلەر،
يارنىڭ يادىدا بارمۇ؟

سۇغا سالسام سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۈلنى.
ئېگىز داۋان ئاشمىغۇنچە چوللەر كورۇنمەس،
قارا يورغا مىنمىگۇنچە ئەللەر كېزىلمەس.

2 ـ ئوخشىتىش: بۇ تەسۋىرلىنىۋاتقان نەرسىنى ئۆنىڭغا ئوخشاشلىغى بىلەن رېياللىقتا ۋە غايىۋى جەھەتتىن مەلۇم بولغان ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ گەۋدىلەندۈرۈشنى ئىبارەت. ئوخشىتىلغان نەرسىلەر ئۆزئارا شەكىل جەھەتتىنلا ئەمەس، ماھىيەت جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلىقتا، ئورتاقلىقتا ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئوخشىتىلغان نەرسە ۋاستەبولۇپ، ئۇ، قوشاقلاردا ئۆزىنىڭ ئىخچاملىغى، شېرى ھېسسىياتقا قويۇقلۇغى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا گۈزەل مەشۇقىنىڭ قېشىنى يېڭى چىققان ئايغا، قالىغاچنىڭ قانىتىغا، كوزىنى بۇلاقتا ياكى كىيىك كوزىگە، يۈزىنى تولۇن ئايغا، پىشقان ئانارغا، كىچىك بالىنى قوزىغا، بوتىلاقا، نارىسىدە قىزلارنى غۇنچىگە ئوخشىتىدۇ، زالىملارنىڭ قامچىسىنى ئوق ئىلانغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئەنئەنىلىك ئوخشىتىشلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىگى ۋە ئىخچاملىغى بىلەن تۈرلۈك قوشاقلاردا تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئىشلىتىلىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمەكتە.

توۋەندىكى قوشاقلاردىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى بەزى ئوخشىتىشلارنىڭ نەمۇنىسىنى كورۈۋېلىش مۇمكىن.

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك،
قاشلىرىڭدىن ئورگىلەي.
تەلپۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك،
كوزلىرىڭدىن ئورگىلەي.

× × ×

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
ئويناپ تۇرغان كوزلىرى.

× × ×

ئايكەن دىسەم ئاي خىجىل
ئاي ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدا.
يۇلتۇز دىسەم كوزۇڭنى،
يۇلتۇز موكتى دالدىغا.

يامغۇرلار تولا ياغسا
ئويدىن ئوتىدۇ تامچا.
سەن يارنى سېغىنغاندا،
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا،

× ×

كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي،
تېرەكلىكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
يۇرەكلىكىڭىزدە.

—

× ×

كويمقاپنىڭ ئاغزىكەن،
باينىڭ ئويى.
ئىشلىسەكمۇ تولمىدى.
ئومۇر بويى.

3. ئىپتىت: دىگىنىمىز تەسۋىرلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن مەۋھۇم ئۇقۇمنى كونكرىت نەرسىلەرنىڭ قىياپىتىگە يوتكەپ تەسۋىرلەش ۋاستىسىدۇر.

مەسىلەن: ئىشق ئوتى، كوكۈل رىشتى، پەلەك چاقى، زۇلۇم ئوتى قاتارلىق مەۋھۇم ئۇقۇملار ئىپتىتلىق يوتكەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق كونكرىت ئوبرازلىق خاراكتىردىغا ئىرىشكەن. بۇ ئۇيىغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مۇنداق ئىپادىلەرگە ئىگە.

ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۈچقۇنچە يوق.
........

× ×

ئايرىلىپ كيتەي دىسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كوكۈل رىشتى.
...........

× ×

قىزبىلگۇلۇم بىلەمسەن،
ئەچىمگە كويۇك چۈشتى،
...........

× ×

ھىجران قىلىچى تەندىن ئۆتۈپ،
............
سوڭەككە يەتتى.

× ×

بۇ مالامەت تاشلىرى،
..............
سىرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

4. مېتافورا: تەسۋىرلىنىۋاتقان نەرسىنى قىياپەت جەھەتتىن ئوخشاشلىغى بولمىغان 2 - خىل قىياپەتكە يوتكەپ گەۋدىلەندۈ-رۈش ۋاستىسى مېتافورا دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: يارنىڭ قى-ياپىتى بىلەن چىراقنىڭ قىياپىتىدە ئوخشاشلىق يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىنى چىراققا يوتكەپ، ئاشىقنى يارنىڭ ئوخشىتىپ ئوبرازنى گەۋدىلەندۈردۇ. مېتافورا — ئوزىنىڭ بەدىي تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئوخشىتىشلىق ۋە ئېپىتىتلىق خۇسۇسى-يەتكە ئىگە.

تۆۋەندىكى قوشاقلارنى مېتافورىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى دې-يىش مۇمكىن:

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
..........
قوينۇمغا سالاي يارنى.
............

يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.
..............
يار ئىشلەيدۇ گۈللۈقتا،
.......
بۇلبۇلى بولاي يارنىڭ.
......
ئوينىاپ كۈلۈپ خوشلۇقتا،
قولىغا قوناي يارنىڭ.

5. مۇبالىغە: ئوبرازنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، ئىدىيەنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن نەرسىلەرنىڭ ھالىتىنى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچەيتىپ ياكى كىچىكلىتىپ تەسۋىرلەش ۋاستىسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدا ھۆكۈمىدىن خەلق قوشاقلىرىدا ئىگىز ئادەمنىڭ بويىنى ئاسمانغا، پاكار ئادەمنىڭ بويىنى ئىگىز ئادەمنىڭ ئوشۇقىغا، موللىنىڭ سەللىسىنى گۈمبەزگە، دەرتمەنلەرنىڭ كوز يېشىنى دەرياغا... ئوخشىتىدىغان مۇبالىغەلەر ئىنتايىن كوپ ئۇچرايدۇ:

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا قىسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ؟
ئولگىچە جانغا پىچاق.
يارنى كەپتۇ دىسە،
يۈگرەپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارى يۈرگەن كوچىلارنى،
سۇپۇرەي چاچىم بىلەن.

بەزى ھەجۋى قوشاقلاردىمۇ ئاجايىپ مۇبالىغىلەر بولۇپ بۇ قوشاقنىڭ ھەجۋى خاراكتېرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

مەسىلەن:

ساچقانغا نۇقتا سالدىم،
سورەلدى قاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلىۋىدىم،
داۋاندىن ئاشتى.

6. سىپلىشتۇرۇش: بۇ ئىككى خىل ئوخشىمىغان نەرسىنى باكى ھالەتنى بىر - بىرىگە سىپلىشتۇرۇپ بەدىئى ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدۇر. سىپلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كوپ ئۇچرايدۇ.

تۆۋەندىكى قوشاقلار سىپلىشتۇرۇشقا جانلىق مىسال بولالايدۇ.

سان - سان قىلىپ يارچىلاپ،
پومىششىكلار گوش يەيتتى.
كەمبەغەل نان ئورنىغا،
تاياق بىلەن مۇش يەيتتى.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم،
تولدۇرۇپتۇ سىڭىنى.
ئاق ئۇششاق بىلەن كومەچ،
كەمبەغەلنىڭ يىگىنى.

## X

دەريادا سۇ بولمىسا،
بىلىق ياتامدۇ تاشتا.
يارنىڭ گېپى بولمىسا،
ساقلاپ تۇرامدۇ قاشتا.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى تەسۋىرى ۋاستىلەرنىڭ ئۇلگىلىرىدۇر. ئۇندىن باشقا خەلق قوشاقلىرىدا تەسۋىرى ۋاستىلەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل نەمۇنىلىرىنى تېپىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا توغرا، دەل ۋە جانلىق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق پىكىر ـ ھىسسىياتنى، ھالەتنى، ماھىيەتلىك ۋەقە ۋە شەيئىنى بىۋاستە تەسۋىرلەپ ئوبراز يارىتىدۇ. بۇ خەلق قوشاقلىرىدا كوپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، تىلنىڭ جانلىقلىغى، روشەنلىگى، ئوبرازلىغى ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ.
مەسىلەن:

گۇلۇم غۇنچە، گۇلۇم غۇنچە،
نىمە قايرىلسەن مۇنچە.
قېشىمدا تۇرمۇدۇڭ بىردەم،
مېنىڭ كوڭلۇم ئېچىلغۇنچە.

چېچىڭ قارا قۇندۇزمۇ،
كوزۇڭ چولپان يۇلتۇزمۇ.

سەن يارىمنىڭ قېشىغا،
كەچ بارايمۇ كۈندۈزمۇ؟

×

تۈزلەڭ يەرگە قوغۇن تەردىم پىلەكلىرى تۈز،
تۈرلۈك - تومەن قوغۇن چۈشتى يارىم بېرىپ ئۈز.
سېنىڭ ئۈچۈن تاياق يېدىم بىر مىڭ يەتتە يۈز،
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن جېنىم قارا كۆز.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى جانلىق، روشەن ۋە مەزمۇندار تىل ئارقىلىق بىۋاسىتە ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىنى سوزلىگەندە ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئوبراز يارىتىش، ئىدىيىۋى مەزمۇننى كۈچەيتىشتىكى رولىنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەك. قوشاق ۋە ماقال ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئوز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم تور بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بەزىدە بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ماقال - تەمسىللەر خېلى كوپ قوللىنىلىدۇ. بەزى قوشاقلار ياكى ماقاللار باركى، ئۇنى ھەم قوشاق، ھەم ماقال دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

مەسىلەن:

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گوھەرنى ئالغۇچە تاشتىن،
نىسەۋدا ئوتىدۇ باشتىن.

كىم ياماندىق ئويلىسا

تاپماس يامانلىقتىن ئامان.

ئۇ يامانلىقنىڭ ئاپىتى

يانغاي ئۆزىگە شۇ زامان.

دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى،

دۈشمىنىم سەنمۇ زېرىك.

بىر مىسال باردۇ، ئىشەنگىن،

تاغ ئارا ياتماس كىيىك.

بەزى قوشاقلاردا ماقال - تەمسىلەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن:

تەلىيىم بولسا مېنىڭ،

يانغان چىراق ئۆچەرمىدى؟

ئىشەنگەن چوڭ تاغلاردىن،

كىيىكلىرىم قاچارمىدى؟

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا بولغان تەسىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك.

ئۇيغۇر خەلقى ئېلىمىزدىكى بارلىق قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇزۇن تارىختىن بۇيان تەقدىرداش، قېرىنداش، ۋەتەنداش بولۇپ ياشاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇق

مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شۇ ۋەتەن مەدە-
نىيەت غەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرنىڭ بىرى، ۋەتەنداشلىق،
قېرىنداشلىق، تەقدىرداشلىق، خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىلا ئە-
مەس، ئۇنىڭ تىلىدىمۇ ئەكس ئەتكەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى خەنزۇچە سوز - ئىبارىلەر
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ زىچ
بىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىق رىتىملىق
خۇسۇسىيىتىگە يېقىندىن ماسلاشقان:

سېپىل ياقىسى پوتەي،
يۇرتىنىڭ كاتتىسى دوتەي.
دىلىم سۇ ئىچمىدى مۇندا،
مەن ئەمدى قايان كېتەي.

يامۇلغا سولاپ قويدى،
قولۇمغا سالدى تىجەنزە.
ھەرگىز نالە قىلمايدۇ،
ئوزى باتۇر خوخەنزە.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە دودىخىڭ.
يارى يوق دەمسەن مېنى،
يارىم قېشىمدا خودىخىڭ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلى-
رىدىكى بەدىئىي ۋاستىلەر قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىغا زىچ ماسلاشقان.

ئەمگەك قوشاقلىرىدا كوپرەك تىل ۋاستىسى ئارقىلىق بىۋاستە ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ رىتىمچانلىقى، كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن سوزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىق بولۇشى، ئېنىق بولۇشى ئالاھىدە تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

قاتار-قاتار قاغىلا،
بارىساڭلار سالام دەڭلار،
ئاتا-ئانام سورىسا
ھالى بەك يامان دەڭلا.

بۇ قوشاقتىكى سوزلەر دانە-دانە، ئاھاڭدار بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. سىياسى قوشاقلاردا بولسا ئوخشىتىش ئۇسۇلى كوپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ سىياسى قوشاقلارنىڭ خاھىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

مەسىلەن:

ھاشا، سەيسە "ياردەم" دەپ،
كۈندە ئالۋان-غوغىسى.
ئىشكلەردىن كەتمەيتتى،
لالما ئىتتەك دوغىسى.

پومىششىكتە شەپقەت يوق،
بىزلەر تولا دەرت تارتتۇق.
بېشىمىزدىن كەتمىگەن،
قامچا بىلەن كۈلپەت-دوق.

مۇھەببەت قوشاقلىرىدا بولسا سىموۋوللۇق ۋاستىلەر، مىدـ تافورا ۋە تەقلىت ـ تەمسىللەر كوپ قوللىنىلىدۇ:

قارىياغاچ قاشتا بولور،
چاچ گويەك چاشتا بولور.
يارنىڭ دەردى ھەرقاچان،
يۈرەك بىلەن باشتا بولور.

يارنىڭ كىيگەن كوينىگى،
قىزىل دۇردۇن، تاۋادور.
يىقىملىق كۇلۇشلىرى
يۇرىگىمگە داۋادۇر.

دېمەك، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئوبراز يارىتىشتىكى بەدىي ۋاستىلەرنى شۇ قوشاقلارنىڭ مەيدانىغا چىقىش شارائىتى بىلەن باغلاپ، ئاڭلىق ھالدا مەزمۇننى ئېچىش ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنـ نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرغان.

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىگى

ھەرقايسى جايلارنىڭ قوشاقلىرىدا مەزمۇن جەھەتتە ئوزـ گىچە ئالاھىدىلىك ياكى ئوخشىماسلىق يوق. لېكىن ئۇيغۇر خەلقى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا جايلىشىپ، ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتتا، ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا

دىخانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ھونەر ـ كەسپ بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تۈپەيلىدىن خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا بەلگىلىك ئوخشىماسلىق بار.

مەسىلەن: جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا،

ھاۋادىكى بۇلۇتلار،
يارىمغا سالام دەڭلا،
مېنى سورىسا يارىم،
تۇرىدۇ ئامان دەڭلا.

دېيىلسە، قۇمۇلدىكى تاغلىقلار قوشىقىدا:

ئاتلارنى قويۇپ بەردىم،
كورۇنگەن دالا تۈزگە.
بارساڭلا سالام دەڭلا،
بىزنىڭ يار قارا كوزگە.

دەپ بايان قىلىدۇ. ئايرىم سىموۋوللۇق سوزلەردىمۇ پەرق بار، مەسىلەن: جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق قوشاقلىرىدا يارنىڭ كوزىنى "بۇلاقتا" ئوخشاتسا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا "كىيىك" كە ئوخشىتىدۇ.

تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن قوشاقلاردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئالاھىدە كوزگە چېلىقىدۇ.

قاش ـ كوزۇڭنى ئوخشتاي
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتا.

قىلچە گۇنايىم بولسا
ئۆزەڭ ئالغىن سوراققا.
مەن مۇرۇللۇغ① يۈرۈيمەن،
كوزلەكتىكى② قاراققا.

ئوت كويەدۇر ئىچىمدە
دەرتنى ئۆزەم بىلەرمەن.
كوزۇمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.
مەندىن ئۆتسە سەۋەنلىك،
ئوز ئۇستۇمگە ئالۇرمەن.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى تارىختىن بۇيان تارىم بويىدا چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۇچۇن قوشاقلىرىدا كوپىرەك دەريانى نەقىل كەلتۇرۇپ، دەت ـ ئەلەمدە كوزدىن ئاققان يېشىنى دەرياغا، دەريا ئۇستىدىكى كېمىگە ئوخشىتىدۇ. بۇنداق تەسۋىر ۋاستىلەرنى باشقا جايلاردىكى قوشاقلاردا كورۇش تەس.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىگى بولۇپمۇ قوشاقلارنىڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ ھەركەت شەكىللىرى، بولۇپمۇ يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان مۇزىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر قوشاقلى-

① مۇرۇللۇغ ــ ۋەدىلىشىش، باغلىنىش.
② كوزلەك ــ جاي ئىسمى. (يۇرت ئەمەس)

ری ئىچىدە، ئىككى مىسرالىق بېيىت ۋە 4 مىسرالىق قوشاق كۆپرەك. مەسىلەن:

ئىككى تاغ ئارىسىدا،
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەچ بولسىمۇ كەل يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۈرۈگۈڭ ئەجەپ شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كوز تىلى تاتلىق.

سېنى دىدىم، سېنى دىدىم، كەچتىم بۇ جاندىن،
يۈرەك باغرىم پارە-پارە، كوز يېشىم قاندىن.

شىمالىي شىنجاڭدىكى، بولۇپمۇ ئىلى رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر-لار ئىچىدە بىر قەدەر مۇقىم مەزمۇن ۋە مۇرەككەپ ئاھاڭلىق ناخشىلار كۆپرەك. مەسىلەن: "جۇنۇن" ناخشىدا:

سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم،
بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم،
قۇربان ئەمەسمۇ؟

سەن يار ئۇچۇن مېنىڭ جېنىم،
قالغان ئەمەستۇر،
كېچىلىرى يىغلىغىنىم،
يالغان ئەمەستۇر، دەپ بىر پۈتۈن مەزمۇننى مەخ-
سۇس "جانەي" ئاھاڭىدا كۈيلىسە، ئەمدى "جانەي — 2" ناخشىدا:

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار،
تىرىسا ئۈنمەس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا،
بىرسى قىرىنداش.

ئارپا، بۇغداي، سامانىنى،
سالغىن ئايرىيدۇ.
ئورۇق - تۇققان قىرىنداشنى،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

دېيىلىدۇ. جۈملىدىن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى-
نىڭ كۆپىنچىسى كۇپلېتلىق ۋەزىن تەرتىپى بويىچە 8 + 5 = 13
شەكلىدە بولىدۇ.

مەسىلەن: "ھەي نادان" ناخشىسىنى ئالايلى:

تالى دەيدۇ تالى دەيدۇ،
جىگدەنىڭ تالى.

ئېيتسام - ئېيتسام تۈگمەيدۇ،
يارىمنىڭ ھالى.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە مەشرەپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىگە ماسلاشقان بېيىتلار ئالاھىدە سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇ قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن ”دۇر مۇقامى“ دا:

سىم - سىم ئارىلاپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كورەر كوزۇم كورمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ،

× ×

يارىم سەپەرگە ئاتلانىپتو،
مىنگىنى دۇلدۇل.
مەڭىزلىرى قىزىل ئالما —
چاچلىرى سۇمبۇل.

”مۇستاغرات“ مۇقامىدا:
بارغانلاردىن تۇرغانلاردىن،
سىنى سورايمۇ؟
سىنىڭ ھالىڭ نە كەچتى دەپ،
ئوزەم بارايمۇ؟

بارغان بىلەن ئېلىپ بولماس
ساينىڭ تاشىنى.
دەرت كەلگەندە سۇرتۇپ بولماس،
كوزنىڭ ياشىنى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى جەھەتتىكى يەرلىك ئالاھىدى-لىك لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئېنىمۇ گەۋدىلىك. لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كوپى مىسرالار تەركىۋى بويىچە ئالتە مىسرادىن تەركىپ تاپىدۇ:

سېۋەتكە سالساق توختار،
كوزدىن ئاققان يېشىمىز.
كېلىنىڭ بارىم ئوينايلى،
تەڭ ئاقارسۇن بېشىمىز.
ئېغىزغا چوشۇپ قالدۇق.
يۇتمەيدىكەن ئېتىمىز.

4 مىسرالىق قوشاقلارمۇ بوغۇم سانى بويىچە كوپرەك 11 بوغۇمدىن تۇزۇلىدۇ، تۇراق تەرتىۋى بولسا 4 + 4 + 3 = 11 شەكلىدە بولىدۇ:

قانداق قىلاي جۇپ كوزۇمنىڭ قاراسى،
قىزىلگۇلۇم قارچۇغىنىڭ بالاسى.

قانات ياساپ ئۇچۇپ بارسام قېشىڭغا،
شىپا تاپار ئىدى يۈرەك ياراسى.

مەن يۈرۈيمەن تىكەشاڭلىق① دوڭلۇكتە،
ئەلەردىسەن كوڭلۈمدىكى مەلىكە.
ئوتتۇك چۈشكەچ چاقماق بولۇپ تېنىمگە،
بۇلبۇل بولۇپ سايراپ چىقتىم ئىشىككە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكىل، ئۇسلۇپ ۋە بەرلىك ئالاھىدىلىكىگە قەدەر ھەقىقەتەن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان مول ۋە رەڭگا - رەڭ ژانىردۇر. ئۇنىڭدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بايلىقى ۋە خەلقنىڭ ئېغىز ئەدىبىياتىغا بولغان خىلمۇ - خىل تەلىۋى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يازما شېئرىيەتكە بولغان تەسىرى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر يازما شېئرىيەتنىڭ ئاساسى. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر خەلق قوشاقلىرى ئۇزىگە شېئرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى يىغقان بولۇپ، تارىختىن بۇيان، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا كوچۇش جەريانىدا تېخىمۇ پىشىپ تاۋلاندى ۋە موكەممەللەشتى.

ئۇيغۇر يازما شېئرىيەتنىڭ تارىخي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر شېئرىيىتى خەلق قوشاقلىرىنىڭ خەلقچىللىق، دىموكراتىك مەزمۇنغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۈزەل بەدىي شەكلى، ئۇسلۇبى ۋە

① تىكە شاڭلىق: يۇرت نامى.

بەددى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى را-
ۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا تەرەققى قىلدى. دۇنيانىڭ پوئېزىيە
تارىخىدا خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئەسەر
يازغان شائىر بولمىغىنىدەك، ئۇيغۇر يازما پوئېزىيىسىدىمۇ خەلق
قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە بولغان ئەنئە-
نىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ياكى ئۇنىڭغا ۋارىس-
لىق قىلماي تۇرۇپ تەسىرلىك ئەسەر يازغان، خەلق ئىچىدە يىلتىز
تارتقان بىرمۇ شائىر يوق. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى
مۇنەۋۋەر قوشاقلار ۋە داستانلار بىر پۈتۈن دەۋرنى بەددى تىپكلەش-
تۈرگەنلىگى، خەلق ئىچىدە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ،
تىللاردا داستان بولغىدەك تىپىك ئوبرازلارنى يارىتالىغى
ئۈچۈن شائىرلار ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ھەم ئۆگى-
نىش ئۈلگىسى بولۇپ كەلدى. "پەرھات-شىرىن"، "غېرىپ-سە-
نەم"، "تاھىر-زوھرە" قاتارلىق خەلق داستانلىرى ناۋايى،
ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئۆگىنىش
ئۈلگىسىگە ئايلاندى. "ئاھ ئۇرارمەن" "ئەجەپ بىر زامان بولدى"
قاتارلىق قوشاقلار كىلاسسىك شائىرلارنىڭ دەۋر ماھىيىتىنى،
ۋە خەلقنىڭ تەلەپ-ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۈلگىسى بولدى.

ئۇيغۇر يازما شېئىرىيىتىنىڭ شەكلى ئاساسەن خەلق قو-
شاقلىرىنىڭ شەكلىدىن كەلگەن ۋە شۇ ئاساستا تەرەققى قىلغان.
خەلق قوشاقلىرى خەلق تۇرمۇشى بىلەن بىۋاستە باغلانغانلىغى
ئۈچۈن ئۇنىڭ شەكلىمۇ شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تىل
ئالاھىدىلىگى، مىللى ئالاھىدىلىگى ۋە ئېستېتىك كۆزقارىشى قاتار-
لىق مەسىلىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھال خەلق
قوشاقلىرى شەكلىنىڭ نىسبى مۇستەقىللىغى، مۇقىملىغىنى بەلگى-

لەيدۇ. شۇڭا خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىي ئالاھىدىلىگى ۋە شەكىل ئالاھىدىلىگىنىڭ ۋارىسلىق خاراكتىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇر يازما شېئىرىيەتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھازىرمۇ ئىشلىنىۋاتقان ئارۇز ۋەزنىنىڭ شەكلىمۇ ئەنە شۇ خەلق قوشاقلىرىدا بار بولغان ئەنئەنىۋى شەكىل ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدىغان نۇرغۇن شائىرلار ئالدى بىلەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلىدىن ئۆگەنگەن، ئۇنىڭدىن بەدىي ئوزۇق ئالغان ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان. ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە بىرقەدەر كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە نەمۇنىلىك شېئىرلىرىدا قوللىنىلغان ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرىمۇ خەلق قوشاقلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردىن ئىبارەت.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ يازما شېئىرىيەتكە بولغان تەسىرى يالغۇز شەكىل ۋە ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى جەھەتتىلا كۆزگە چېلىقىپ قالماستىن، خەلقنىڭ جانلىق ئەدەبىي تىلىغا يېقىنلىشىش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ھەرقانداق شائىرنىڭ بەدىي تىلى قۇرۇقتىن-قۇرۇقلا مەيدانغا چىقمايدۇ. ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى تاۋلانغان ۋە تاللانغان گۈزەل سوز گوھەرلىرىنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى ئارقىلىق خەلق تىلىنىڭ غايەت زور كۈچىنى كۆرسىدتىدۇ.

رۇس ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ شائىر پۇشكىن مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئەدەبىيات پەقەت

خەلق قوشاقلىرى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ بىرلەشكەندە ئاندىن گۈللەپ ياشنايدۇ. يازغۇچى پەقەت خەلق سەنئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئاندىن خەلقنىڭ تىل سەنئىتىنى ئىگىلىيەلەيدۇ". بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، خەلق قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلق تىلىنى ئىگەللەش ئىنتايىن مۇھىم.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قەشقەرلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى قول يازما ۋە ئاغزاكى ئۇسۇلدا خەلق ئىچىگە تارىلىدىغان شارائىتتىمۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئىچىگە سىڭىپ خەلق قوشاقلىرىنىڭ غەزىنىسىگە قوشۇلغان بايلىق بولدى. مەسىلەن: ناۋايىنىڭ "ئاستاغىنە" قاتارلىق غەزەللىرى خەلققە سىڭىپ، خەلق قوشاقلىرىغا ئايلاندى. موللا بىلالنىڭ "دانە-دانە خاللارىڭ"، "مەۋلانەي"، "گۈل يارەي" قاتارلىق ناخشىلىرى ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ئوقۇلماقتا. "گۈل يارەي" ناخشىسىدا مۇنداق مىسرالار بار:

مەن ئەمدى ئىچۇك قىلاي،
غەمگە قالغان بېشىمنى.
كورگىنى ئۇزاق بولدى،
سىغىندىم ئاداشىمنى.
.....................

يار ئارقىسىدىن باردىم،
قورغاسىنىڭ مازارىغا،

يارىمدىن ىبلەلمەيمەن،
بىر خەۋەر ئىلىشمىنى.
...........................

دۈشمەنلەر جاپا قىلدى،
دىلبەردىن جۇدا قىلدى،
نازىم تولا ئاھ قىلدى،
كورەلمەي ئاداشنى.

شائىر موللا بىلال (نازىم) نىڭ خەلق ناخشىلىرى قاتا-رىدا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان شېئىرلىرى ناھايىتى كوپ. موللا بىلالنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر خەلق قو-شاقلىرىغا شۇنچىلىك يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە كوپ كىشىلەر نازىم شېئىرلىرىنى خەلقنىڭ ناخشا-قوشىقى دەپ قا-رايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يازما شېئىرىيەتكە بولغان تە-سىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىدىن تېخىمۇ روشەن كورگىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بولغان پىشقەدەم شائىرلاردىن نىم شېھىد ئار-مىيە داموللام، ل. مۇتەللىپ، تۇرغۇن ئالماس، ئەلقەم ئەختەم، ت. ئېلىيوپ، قۇربان ئىمىن قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئىجا-دىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەلۋەتتە كوپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا باغلىق. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ گۈزەل بەدىي شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ

ئۇز ئەسەرلىرىنى خەلققە يېقىنلاشتۇرغانلىقىدا.

مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ ئاساسچىسى، تالانتلىق شائىر مەرھۇم نىم شېھىت شېئىرلىرىنىڭ خەلق قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرالىشىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى، ئۇز ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقىدا ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقىدا كورۇلىدۇ.

بۇ جەھەتلەردىن شائىرنىڭ ئىجادىي يولى ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر. ئۇنىڭ "قىز" ناملىق شېئىرىنى كورۇپ باقايلى:

تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،
قىرغاۋۇلدەك خۇيۇڭغا،
كۇچۇم يەتمەي تويۇڭغا،
يېشىم سۇدەك ئاققان قىز.

لېۋىڭ لەئلى مارجاندۇر،
قېشىڭ جادى قىيغاندۇر،
ئەسلىڭ بەلكى ئىنساندۇر،
ھورلەر بىلەن تۇققان قىز.

قىلىچ ئوخشاش قېشىڭدىن،
مەن ئايلىناي بېشىڭدىن،
يىراق قىلما قېشىڭدىن،
كۇلۇپ قويۇپ قاچقان قىز.

سىيا زۇلپۇڭ ئەنبەردەك،
كوز قارىشىڭ شەمشەردەك،
كىرپىكلىرىڭ خەنجەردەك،
كويىقاپتىن چىققان قىز.

ياكى:

چىن مۇھەببەتلىك كوڭۇلدىن مەن يازاي يارىمغا خەت،
دەردى ھىجران ئوتىدا قالغان ئۇ دىلدارىمغا خەت.
لەيلى دەپ ئېيتاي دىسەم، لەيلى نىچوك چولدە ياتۇر
شۇم بوران- چاپقۇن چول ئەتكەن بەلكى گۇلزارىمغا خەت.

بۇ پارچىلارنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ شەكىل ۋە بەدىي ۋاستىلىرىغىچە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا شۇنچىلىك يېقىنكى، ئۇنى خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقلەندۇرۇش قىيىن. شۇڭا شائىر نىم شېھىتنىڭ پۈتۈن شېئىرى ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئوزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىجادى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پارلاق ئۇلگىسى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز.

شائىر تېيىپجان ئىلىيۇپنىڭ بەزى شېئىرلىرى ھەققىدىمۇ شۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇنىڭ 52 - يىلى يازغان "دەرت" دىگەن شېئىرىدا:

ھارام قوساق دامۇللا،
باينىڭكىنى راست دەيتتى.
كىمىكى ئاچقا، قىز بەرسە،
ساۋاپ شۇڭا خاس دەيتتى.
ئەگەر ئانداق قىلمىسا،

بۇنىڭ دىلى پەس دەيتتى.
ئاندىن دارغا ئاس دەيتتى.
يا دەرىگە باس دەيتتى.
تېخى شۇنچە قىيناپمۇ،
بۇمۇ ساڭا ئاز دەيتتى.

دەپ خەلق قوشاقلىرىغا خاس راۋان، جانلىق، ئاھاڭدار سوزلەر بىلەن كونا جەمىيەتتىكى بايلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ھارام تاماق موللىلارنى پاش قىلىپ، دىخانلارنى تەربىيىلىسە، 62 - يىلى يازغان "ۋەتەن ھەققىدە غەزەل" ناملىق شېئىرىدا "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئوز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول" دىگەن خەلق ماقالىسىنى ئىجابى ئىشلىتىپ:

"ئوزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئوز ئېلىمدە پايىزغاي كەيسەم كۆلا ھو - جەندىمەن"
دەپ خەلق ئاممىسىنى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلىدى.

دىمەك، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى خەلق قوشاقلىرى، كىلاسسىك يازما شېئىرىيەتتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ئېقىن ئاساسىدا تەرەققى قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىلغار مەزمۇنى، مۇنەۋۋەر شەكلى ۋە كوپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى يارىتىپ، دەۋردىن دەۋرگە يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى ئۇسلۇپ بىلەن تەرەققى قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شېئىرىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلدى.

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى خىلمۇ-خىل شەكىلگە ئىگە، بۇ شەكىللەر ئۇزۇن تارىختىن بۇيان خەلق ئاممىسىنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىش، يادلىۋېلىش سىنىغىدىن ئۆتكەن بولۇپ، نىسپى مۇقىملىققا ئىگە شېئىر شەكلىگە ئايلانغان.

خەلق تۇرمۇشىنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىللىغى، خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان ئىشقى-ھەۋىسىنىڭ خىلمۇ-خىللىغى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شەكلىنىڭ خىلمۇ-خىل بولۇشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئانىسى بولغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلىنى، ئۇيغۇر شېئىر شەكلىنىڭ ئاساسى دېيىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارماق ۋەزنى، ئارۇز ۋەزنى، چاچما شېئىر قاتارلىق بىرقانچە خىل شېئىر شەكىللىرى بولۇپ، بۇ شەكىللەرنىڭ ئاساسى يەنىلا خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلىدىن ئىبارەت. بارماق ۋەزنى شەكلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى بولۇپ، خەلق قوشاقلىرىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا قەدىمقى قوشاقلارنىڭ بەشلىكتىن 12 لىككىچە بولغان بەزى شەكىللىرى ساقلانغان.

بەشلىك:

ماڭا كەلدى تات،
ئايىدىم ئەمدى يات،

قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى يېسۇن ئوس بورە.

(ماڭـا يات قەبىلە كىشىسى ھـۇجۇم قىلىـپ كەلدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم ۋە ئەمدى قۇشقا، بۆرىلەرگە يەم بول دىدىم)
ئالتىلىك:

كۈچەندى بىلاگىم،
ياغۇدى تىلەگىم.
تەلىندى بىلىگىم،
تىگىسىرۇپ ئاڭا چىرىتلور.

(كۈچلەندى بىلىگىم، يوردى تىلىگىم، كىڭەيدى بىلىمىم، ئاڭا جەبرى قىلسامىۇ)
سەككىزلىك:

ئاتىل سوۋى ئاقا تورۇر،
قىيا تۇپى قاقاتورۇر.
بالىق تەلىم باقا تورۇر،
كولىنىڭ تاقى كۈشەردۇر.

(ئىدىل سۈيى ئېقىپ تۇرۇر، قىيالارغا سوقۇپ تۇرۇر، بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرۇر، كولچەك تولۇپ تېشىپ تۇرۇر)
ئون ئىككىلىك:

باردى ئەرەن كونۇك كورۇپ كوتكا ساكار،
قالدى ياۋۇز ئويۇك كورۇپ ئەۋنى يىكار.

(مېھمان كەلسە كۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى، قارا كورسە ئويىنى چۇۋار پەسلەر قالدى)

بارماق ۋەزنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

قىل بىلەن تۇككەن تۇگۇچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۇلنى،
گاڭ بىلەن بولماس كېسىپ.

سايراپ ـ سايراپ ھارمىدى
بىزنىڭ باغدا سېغىزخان.
سەن ئۇ يەردە سېغىنساڭ،
مەن بۇ يەردە سېغىنغان.

ئارۇز ۋەزنىدىكى بىرقانچە مۇھىم بەھرىلەرمۇ خەلق قوشاقلىرىدىن كەلگەن. "تۈركى تىللار دىۋانى" دا ھازىرقى ۋاقىتتا قوللىنىۋاتقان ئارۇز بەھرىلىرىنىڭ بىرمۇنچە نۇسخىلىرى ساقلانغان.

مەسىلەن:

كەلسە كالى قاتىقلىق ئوتەر تىيوسەرلىگلى،
ئوزلەك ئىشنى بىلىپ تۇر ئانچە ئاگار تەرلىگلى.

(كەلسە قانداق مۈشكۈللۈك ئۆتەر دىبان سەۋر قىل،
پەلەك ئىشىنى بىلىپ تۇر ئاڭا لايىق تەدبىر قىل.)

بۇ شېئىرنىڭ ۋەزنى ئارۇز ۋەزنىدىكى رەجەز بەھرىنىڭ "مۇستەپئىلۇن، پەئىلۇن" دىگەن ۋەزنى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

مەسىلەن: ئەرەن ئالچى ئوقۇشتىلار،
قىڭىز كوزىن باقىشتىلار.
قاموغ تولىمۇن توكۈشتىلەر،
قىلىپ قېنىغا كۈچۈن سىغدى.

(باتۇر ئەرلەر قىچقىرىشتى، قىڭغىر قاراپ ھورپۇيۇشتى.
ھەممە تىغىنى ئىشلىتىشتى، قىلىچ قېنىغا ئاران سىغدى)

بۇ قوشاقنىڭ ۋەزنى ھەجەز (مەپائىلون) بولۇپ، ھازىر ئارۇز ۋەزنىدە قوللىنىۋاتقان ھەجەز بەھرىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ.

ھازىرقى زامان خەلق قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنىدىكى بىر قانچە بەھرىلەر تولۇق ساقلانغان.

① رەجەز بەھرى:

ئېرىقتىكى لاي سۇنى كولگە باشلىماق يايىردىم،
ئەقلى - ھۇشىڭىز بولسا بىزنى تاشلىماق يايىردىم.

× ×

ئىشىك ئالدى چىنادۇر، ئەگسەم شاخى سۇنادۇر،
يار ئۇستىگە يار تۇتماق، قىز - يىگىتكە گۇنادۇر.

(مەپائىلون، پەئىلون، مەپائىلون، پەئىلون)

② رەمەل بەھرى:
ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن، چولپانغا ھەمرا يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام، ئاشىققا نىكا يوق ئىكەن.

ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ، قامچا دەستىڭ مەن بولاي،
بارچە ئەلنىڭ كوزى سەندە، تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.
(پائىلاتون، پائىلاتون، پائىلاتون، پائىلون)
③ ھەجەز بەھرى:
بارارغا يوللۇرۇڭ بولسۇن، ياناغا ھەمرىيىڭ بولسۇن،
سىنىڭدەك نازىنىن يارغا مىنىڭدەك قوللىرىڭ بولسۇن.

× ×

ھەجەپمۇ كەلمىدىڭ يايرىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.
(مۇستەپئىلون، پەئىلون، مۇستەپئىلون، پەئىلون)

④ مۇتەقارىپ بەھرى:
سىرىق سەبدە تولۇن ئايىم، يۈزۈڭگە خال ياراشىپتۇ،
سىنى كورگەن زامانلاردا يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.
(مەپائىلون، مەپائىلون، مەپائىلون، مەپائىلون)

خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەزىن شەكىللىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكە-
لەپ تەكشۈرگەندە ئارۇز ۋەزىنىنىڭ ھەر خىل بەھرىلىرى تېخىمۇ
كوپلەپ تېپىلىشى مۇمكىن. ئارۇز ۋەزىنىنىڭ ئۇستازى ئەل-

شېئىر ناۋايى رەمەل بەھرى توغرىسىدا توختىلىپ: ”بۇ ۋەزىن شۇ زاماندا خەلق قوشاقلىرى كۈيلىنىدىغان ۋەزىن بولۇپ، كېيىن ئارۇزغا كىرگۈزۈلگەن“ دېگەن ئىدى. (ئا.ت. ئوتكۈرنىڭ ”ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا“ دېگەن ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل)

روشەنكى، ئارۇز ۋەزنى بارماق ۋەزنىگە ئوخشاشلا، خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەزنى ئاساسىدا تەرەققى قىلغان ۋە داۋاملىق بېيىپ بارغان. شۇڭا ئارۇز ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مىللى شەكلى ھىسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە چاچما شېئىر (تاخماق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شەكلىدە رېتىم، ۋەزىنلەرنىڭ بىردەكلىكى ئەمەس، بەلكى مىسرالاردىكى سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك تۇراق بويىچە ئاھاڭدار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. قاپىيە تەلىۋى كۈچلۈك بولۇپ، مۇھىم پىكىر قاپىيىلىك سۆزلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ”سەپەرنامە“ ناملىق چاچما قوشاقتا مۇنداق مىسرالار بار:

بىرىمىز دودشاڭدا، بىرىمىز خاڭدا،
كېتەي دېسەك چاپىنىمىز داڭدا.

× × ×

يېتىشىمىز دەڭ،
چېكىشىمىز بەڭ

ئاتا - ئانىمىز سوراپ قالسا،
تارتقان جەبرىمىزنىڭ جىمىسىنى دەڭ.

خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىمۇ چاچما شەكىل بار. "چىمەن-گۈل" ناخشىسى بۇنىڭ ياخشى مىسالى.
دىمەك، چاچما شېئىر شەكلىمۇ چەتتىن كەلگەن بولماستىن، خەلق قوشاقلىرىدا ئەزەلدىن بار بولغان مىللى شەكىل.
ل. مۇتەللىپنىڭ "جۇڭگو"، "يانار تاغلار" قاتارلىق جەڭگىۋار شېئىرلىرى خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى چاچما شەكىلنىڭ تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىنىشى ھىساپلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۇبلىت تۈزۈلۈشى — يەنى مىسرانىڭ بەلگىلىك گۇرۇپپىسى ئۆز ئالدىغا مەلۇم پىكىر ياكى ھالەتنىڭ ئوبرازلىق كورۇنۇشى بولۇپ، ئۇنى شەكىل جەھەتتىن گۇرۇپپىلاشتۇرغۇچى ئامال قاپىيىلەر سىستىمىسىدىن ئىبارەت.
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مىسرالار گۇرۇپپىسى ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىدۇ؛ ئۇلار ئىككىلىك، تۇتلۇك ۋە ئالتىلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، بېيىتلاردا ئۆز ئالدىغا قويۇلغان مەقسەت ھەل بولغانغا قەدەر مىسرالار (كۇبلىت ھەجمى) بىر خىل قاپىيە سىستىمىسى بويىچە داۋاملىشۋېرىدۇ.
ئىككى مىسرالىق قوشاقلار:

سېنى دىدىم، سېنى دىدىم كەچتىم بۇ جاندىن،
يۇرەك باغرىم پارە - پارە كوز يېشىم قاندىن.

× × ×

سۇغا سالسام سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بىلەن ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۈلنى.

توت مىسرالىق قوشاقلار:

مەن ئولەرمەن، مەن ئولەرمەن،
يولدا قويىماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چولدە قويىماڭلار مېنى.

× × ×

ئېتىم بوز ئات، ئېتىم بوز ئات يايلىمىڭنى ئۇزات،
بۇگۇن ئاخشام يار قېشىغا يەتكۇزگىن بوز ئات.
بۇگۇن ئاخشام يار قېشىغا يەتكۇزسەڭ بوز ئات،
باشكىنەڭدىن يۇگەن ئېلىپ قىلىمەن ئازات.

× × ×

ئوغۇل تۇغساڭ ئالتۇن بوشۇك ئېتەيمۇ؟
غېرىپ بولساڭ بىللە ئېلىپ كېتەيمۇ؟
كۇمۇش سەدەپ مونچۇغۇم قىزىلگۇلۇم،
سېنىڭ ئۇچۇن بۇ دۇنيادىن كېچەيمۇ؟

ئالتە مىسرالىق قوشاقلار. ئالتە مىسرالىق قوشاقلار كۆپ-رەك لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئالتە مىسرالىق قو-شاقتا ئۆز ئالدىغا مەلۇم پىكىر ۋە ھالەت ئىپادىلىنىدۇ، ئۆزىگە خاس ئاھاڭغا ئىگە بولىدۇ.

مەسىلەن:

قېشىڭنىڭ قاراسىنى
نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
بىردەم ئولتۇر قېشىمدا،
مەن كۆزۈمگە سىڭدۈرەي.
دوستۇمدىن تولا دۈشمەن،
قانداق ئېچىلىپ كۈلەي.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە بەش مىسرالىق قوشاق-لارمۇ بار. بۇ خىل قوشاقلاردا 5 - مىسرا ھەم نەقرات ھەم قوشاقلار مەزمۇنىنى بىر - بىرىگە ئۇلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن:

مۇز ئاستىدا كۆن پاتىپ،
ئويۇڭگە كەلدىم ئۇخلىماي.
شول ئىچىمدىكى ئارمانىم،
ماختاپ ئېيتىڭنى توختىماي.
يارنىڭ كوزى خومار.
يار كوزى خۇمار ئىدى،

كوكسىدىكى تۇمار ئىدى،
بۇلتۇرقى شۇ ئابدالدىكى①،
شول قىيامەت دۇنيا ئىدى.
چىرايىڭ بىلەك جوسۇن②
(لوپنۇر خەلق قوشىغى)

بۇنداق قوشاقلاردا 5 ـ مىسرا باشتىكى 4 مىسرا بىلەن قاپىيەداش كېلىدىغان شەكىللىرىمۇ بار. لېكىن چوقۇم قاپىيەداش كېلىشى ناتايىن بولسىمۇ، جەزمەن مەزمۇنداش كېلىدۇ.

8، 12، 13 بوغۇملۇق مىسرالارنى تۇراق، رىتىم تۈزۈلۈشى، گۇرۇپپىلارغا بولۇنۇشى، قاپىيە سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىگى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىنى ئىككى مىسرا دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ياكى بۇ خىلدىكى ئىككى مىسرالىق قوشاقلارنى 4 مىسرالىق قوشاقلار تەرتىۋىگە كىرگۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى ئادەم يامانلارنى دورىماس بولسا،
بىر ياخشىغا بىر يامانى بۇيرىماس بولسا،

ياكى: مەيلى قانداق تىۋىپ بولسا،
تومۇرنى تۇتار.

① ئابدال — جاي ئىسمى.
② جوسون — چىرايلىق، گوزەل مەنىسىدە

يارنىڭ كېسىلى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم ئۇقار.

بېيتلاردا مىسرالار سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

ئاقىنە كوينەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كوكىنە كوينەك كىيىپسىز،
كوك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
ئىككىمىز ئاشىق بولايلى،
ئويدىكىلەر بىلمىسۇن.
ئويدىكىلەر بىلسە بىلسۇن،
خەلقى ئالەم بىلمىسۇن.
خەلقى ئالەم بىلسە، بىلسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن،
ۋەدىسىگە تۇرمىغانلار،
هەرگىز ئىنسان بولمىسۇن.

قوشاقلارنىڭ ئوخشىمىغان بوغۇم تۈزۈلۈشلىرى. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بەلگىلىك ساندىكى بوغۇملار بەلگىلىك تۇراقلارنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تۇراقلار مەلۇم ۋەزىنلىك مىسرالارنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى 5 بوغۇمدىن تارتىپ 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ. هەر بىر مىسرادىكى بوغۇملار ئۆزئارا مەلۇم تۇراق — گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ، مىسرانىڭ ئومۇمى

ۋەزىننى مەيدانغا ئاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇلگىلىرى تۋەندىـ كىلەردىن ئىبارەت.

5 بوغۇملۇق مىسرا:

ئورگىلەي پەلەك،
چورگىلەي پەلەك.
گەپ قىلماڭ ئاداش.
خىيالىم بولەك.

چىقتىم تېرەككە،
كۆچ يوق بىلەكتە.
بايىنىڭ قىلغىنى
تەگدى يۈرەككە.

يەتتە بوغۇملۇق مىسرا:

مەن بېغىڭغا + كىرمەيمەن،
ئانارىڭنى + ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم + ئەقلىمگە،
نادان بىلەن + يۈرمەيمەن.

يـەتـتە بوغۇملۇق مىسرالارنىڭ بۇ خـىـل ۋەزنى تۇراق جەھەتتىن مۇنداق گۇرۇپپىلىشىدۇ.

$7 = 3 + 4$

بۇنىڭ يەنە بىر خىل ۋەزنى بولۇپ تۇراق جەھەتتىن بولۇنۇشى باشقىچەرەك:

ناخشىنى + تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى + ساراڭ دەيدۇ.
ئوزەمنىڭ + ئانام بولسا،
دەردى بار + بالام دەيدۇ.

$3 + 4 = 7$

يەتتە بوغۇملۇق قوشاقلاردا تۇراق تۈزۈلۈشى ئومۇمەن ئاشۇنداق بولىدۇ. لېكىن ئاھاڭ تەلىۋى بىلەن تۇراقلارنى تەشكىل قىلغۇچى بوغۇملاردا بەزى ئوزگىرىشلەرمۇ بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| ھەر شەنبە + چىقىپ يەيتتىم، | $3 + 4 = 7$ |
| مەي باغلىغان + ئۆژمەڭنى | $4 + 3 = 7$ |
| بۇ شەنبە + چىقالمىدىم، | $3 + 4 = 7$ |
| نە قىلاي + غېرىپلىقنى. | $3 + 4 = 7$ |

سەككىز بوغۇملۇق مىسرا:

جېنىم يايرىم ھەپتە بولدى،
كورەلمەدىم جامالىڭنى.
سېنى كورمەي، كوڭۇل تىنماس،
قىيىنىمىغىن سەن جانىمنى.

بۇنىڭدىكى ھەر بىر مىسرا 4 بوغۇم بويىچە تۇراقلا ئايرىلىدۇ. بوغۇم سانى ۋە تۇراقلا ئايرىلىش جەھەتتىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئاھاڭدارلىقى جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان مۇنداقمۇ ۋەزىن شەكلى بار:

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئوركەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
مەن يايرىمنى ئويلاپ - ئويلاپ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە.

9 بوغۇملۇق مىسرا:

موللا غاپپار ساڭا بىر گەپ بار.
ئېقىتماستىن بېگىمگە دەپ بار.
تۈكسىز بولسا تايغان بولامدۇ،
يوقسىز بولسا يالغان بولامدۇ؟

10 بوغۇملۇق:

(بۇنى 5 بوغۇملۇق مىسرانىڭ جۈپلىشىشى دېمۇ ئاتاش مۇمكىن)

ئامبالنىڭ قىزى — داھىنىڭ قىزى،
چوقۇر دىمەڭلار، چېچەكنىڭ ئىزى.

يىغلىغان بىلەن ساقايماس بېشىم
بېشىمنى ساقايت، ئاقمىسۇن يېشىم.

11 بوغۇملۇق مىسرالار:

1 ـ خىلى: ئاپتاۋىغا سۇ قۇيسام ئىللىمايدۇ،
قىز ئانىسى ئۆگەيمۇ يىغلىمايدۇ.

2 ـ خىلى: قارا كوز ئولتۇرىدۇ تامنىڭ تۈۋىدە،
كوزىدىن ياش توكۇپ يارنىڭ غېمىدە.

3 ـ خىلى: ئاق سارايغا ۋاسا تىزدىم جۇپۇ ـ تاق،
باغ ئىچىدە ئولتۇرادۇر يۈزى ئاق.
يۈزى ئاقنىڭ بولسا ياخشى دىلى ئاق،
دىلى ئاقنىڭ ئاشىنىسىنىڭ كوڭلى چاغ.

كەلتۈرۈلگەن بۇ 3 خىل مىسال ھەممىسى 11 بوغۇمدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن تۇراق ئايرىمىسى بىلەن ئاھاڭداشلىق جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

12 بوغۇملۇق مىسرالار:

تومۇر ئوخشاش قولىڭىزدىن پۇل ئوتەمدۇ،
بۇرنىڭىزنىڭ توشۇگىدىن پىل ئوتەمدۇ؟

13 بوغۇملۇق مىسرالار:

1 - خىلى: سىم - سىم دەيدۇ، سىم - سىم دەيدۇ، سىم - سىم قوينۇمدا،
قىلچە ئۇنا مەندە بولسا قىلىچ بوينۇمدا.

× ×

سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم باقسا بولمامدۇ،
مۇنداق جاننى قىيناغۇنچە چاپسا بولمامدۇ؟

2 - خىلى: ئەي تاجىخوراز، ئۇستانلىرىڭ دەندانىمدۇر،
سەن قارىمىساڭ قارايدىغان چەندانىمدۇر.
ئوت قالىمىسا قارا قازان قاينامىدۇر،
مەشۇققە جاپا كەلسە يۈرەك پايلامىدۇر①.

كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ بىرىنچىسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ناھايىتى كەڭ جارى قىلىنغان ۋەزىن شەكىللىرى بولۇپ ئۇ تۇراق جەھەتتە 4 + 4 + 5 شەكىلدە كېلىدۇ. 2 - مىسالنىڭ تۇراقلىرى 5 + 4 + 4 شەكىلدە بولۇپ، بۇ كوپىنچە كىلاسسىك يازما شېئىرىيەتتە كەڭ جارى قىلىنغان. 14 — 15 — 16 بوغۇملۇق مىسرالار ئاساسىي جەھەتتىن 7 بوغۇملۇق، يەتتە - سەككىز بوغۇملۇق، سەككىز بوغۇملۇق مىسرالارنىڭ جۈپلەشكەن شەكلى دەپ ئاتاش مۇمكىن.

---

① بۇ يەردە "قاينامدۇ" "پايلامدۇ" دىگەن سوز ۋەزىن ئېھتىياجى ئۈچۈن شۇنداق ئېلىنغان.

1 - خىل: ھەي خېنىم جېنىم خېنىم يۆلەنمىگىن تېرەككە،
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن كىم ئۆلۈپتۇ كۆيەككە.
ئادەم دېگەن ھۆل نېمە ئوت كەتمەيدۇ يۈرەككە،
تاغلار بېسىپ ئالسىمۇ قارىمايمەن بولەككە.

2 - خىل: مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم كىم سېلىپتۇ قاغىغا،
ئالتە قاغا بىر بولۇپ ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.

× ×

ئارپا بۇغداي مايسا بولدى، قول سېلىپ كەلسەڭچۇ يار،
جان چىقار ھالەتكە يەتتى، بىر كېلىپ كۆرسەڭچۇ يار.

× ×

3 - خىل: سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ،
سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭدا يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

شۇ ئوتلارنى ئۆزەك سالدىڭ خەۋەردار بولمىدىڭ يارىم،
شۇ ئوتلاردا كۆيۈپ ئۆلسەم شېھىت بولسۇن مېنىڭ جانىم.

ناخشا - قوشاقلاردا ئۇچرايدىغان مۇنداقمۇ بىر خىل ۋەزىن شەكلى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى، ناخشا رىتىمىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.

ئوگزەگدە كەپتەر، — 5
تاماكۇ سەپبەر — 5
تاماكاگنى چەكمەيمەن، — 7
جۇرامنى تەپبەر. — 5

خەلق قوشاقلىرىدا ۋەزنلەرنىڭ يۇقۇرقىلاردىن باشقا خېلى كوپ شەكىللىرى بار. بىز يۇقۇرىدا ۋەزىنىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ئۇستىدىلا توختالدۇق. بۇلارنى ئاروز ئولچىمى بىلەن كەڭ تەكشۇرۇپ چىقىشىمىزدا ۋەزىن شەكىللىرىنىڭ نازۇك پەرقلىرى تېخىمۇ ئېچىلىشى مۇمكىن.

قوشاقلارنىڭ قاپىيە تۈزۈلۈشى. قوشاق شەكلىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولغان قاپىيە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ.

1 - جۇپ قاپىيە: ئادەتتە ئىككى مىسرالىق قوشاقلارنىڭ ئوزئارا قاپىيەلىشىشىدىن ئىبارەت ئاددى قاپىيە شەكلى. مەسلەن:

سېنىڭ جانىڭ مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ؟

2 - ئاراش قاپىيە - مىسرا ئاتلاپ كېلىدىغان، يەنى 2 - ھەم 4 - مىسرالار قاپىيىداش شەكلى.

ئايدىڭدا ئوغان ئوما
ئېتىزلاردا باغ قالدى.

ئاز كۈن ئۆيناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

× × ×

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى،
ئىگىز قارىغاي چەگزە.
يامۇلنى تېشىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

بۇ خىل قاپىيە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كوپ ئۇچرايدۇ، جۇملىدىن كۇبلىتنىڭ ھەجمىگە قاراپ جۇپلۇك مىسرالار داۋاملىشىۋېرىدۇ.

مەسىلەن: قارا چاچنى تالغىتاي،
ساپە بولسۇن يولۇڭغا.
جېنىمنى قېتىپ بېرەي،
كەتمەن تۇتقان قولۇڭغا.
كېتەرىڭنى مەن بىلسەم،
چىقار ئىدىم يولۇڭغا.

3 ـ ئۇچ قاپىيە: توت مىسرالىق كۇپلىتلارنىڭ 1 ـ، 2 ـ ھەم 4 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش شەكلى.

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرۈگۈمدە گەپ تولا،

بۇرۇنقى نادانلىقنى،
ئەمدى قىلسام سەت بولا.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى قارا تاشتا.
ئانچە مەيلى بولمىسا،
نىمەشقا ئۆيىنىغان باشتا.

4 ـ تۇتاش قاپىيە ـ مەلۇم بىر كۇپلىتنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق مىسرالارنىڭ قاپىيىداش شەكلى.

ئات مىندىم كورەڭ قاشقا،
چاپتۇردۇم شىغىل تاشقا.
ھەر كىمنىڭ يارى باشقا،
ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا.

يارىمنىڭ ئېتى لەيلى،
بىزگە بارمىدۇ مەيلى،
بولسا بولمىسا مەيلى،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

5 ـ ئالماش قاپىيە: بۇ ئاساسەن 4 مىسرادىن تەشكىل تاپقان قوشاقنىڭ بىرىنچى مىسراسى بىلەن ئۈچىنچى مىسراسى؛ ئىككىنچى مىسراسى بىلەن تۆتىنچى مىسراسى قاپىيىداش تۇ-زۇلىدۇ.

قىزدىل ئالما قىزارغاندەك،
قىزدىل يۈزلۈگۈم يايرىم.
ناۋات بىلەن سۇغارغاندەك،
شىرىن سوزلۈگۈم يايرىم.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ،
باھار بولغان ئوخشايدۇ.
كوڭلۈم خوش بولۇپ قاپتۇ،
يايرىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

6 ـ سەكرەتمە قاپىيە: بىرقانچە كۇبلېتتىن (8 مىسرالىق) تەركىپ تاپقان قوشاقلارنىڭ بىرىنچى كۇبلېتىدە تۇتاش ئۇچلۇك ياكى ئاراش قاپىيىداشلىق بىلەن ياكى ئاشۇ كۇبلېتنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا باشلىنىدىغان ئاساسى قاپىيە سىستېمىسى بولۇپ، قالغان بارلىق كۇبلېتلارنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى داۋاملىشىدۇ. مۇنداق قوشاقلارنىڭ بىرىنچى كۇبلېتىدىن باشقىلىرىنىڭ 2 ياكى 3 مىسراسى ئۆز ئالدىغا قاپىيىداشلىققا ئىگە بولۇپ ئۈچ مىسرانى سەكرەپ ئۆتۈپ، 4 ـ مىسرادىن ئورۇن ئالغان ئاساسى قاپىيە بەزىدە نەقىرات بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ئالەمدە يوق ئۆزلىرى،
بەكمۇ شىرىن سوزلىرى.
كوڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۈل.

كىردىم ئىشىككە مەن غېرىپ
ئىككى كوزۇمگە ياش ئېلىپ،
ئىشق ئوتىنى جانغا سېلىپ،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل،
ئاشىقلىق ئوتى يامان،
چىرايىم سېرىق سامان،
خۇدا قىلسا جاننى ئامان،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل.
كېچىسى ھۇقۇش بولۇپ،
كۇندۇزى بىھۇش بولۇپ،
سەن كىيىك، مەن قۇش بولۇپ.
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل.

بۇ خىل ۋەزىن شەكلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قەدىمى شەكلى بولۇپ، ”تۈركى تىللار دىۋانى“ دىمۇ كوپ مىسال كەلتۈرۈلگەن.

مەسلەن:

تۈرلۈك چىچەك ياردىلدى،
بەر جىمى يەردىن كىرىلدى.
ئۇ جىماق يەرى كورۇلدى،
توملۇق يەنە كەلگۇسىز.

ئاغدى بولۇت كوكرەيۇ،
يامغۇر تولى سەكرەيۇ،
قالىغاچ ئانى ئوكرەيۇ
قانچە بارۇ بەلگۇسىز

بۇ خىل ۋەزىن شەكلى "غېرىپ - سەنەم" "يۇسۇپ - ئەخمەت" قاتارلىق خەلق داستانلىرىدىمۇ كەڭ جارى قىلىنغان. جۈملىدىن بۇ خىل شەكىل كىلاسسىك شېئىر ۋەزنى شەكىللىرىگىمۇ سىڭگەن.

7 - تاۋۇش قوغلىشىش. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بىر خىل تاۋۇش ياكى ئاھاڭداش بوغۇم ۋە جۈملىلەرنىڭ تەكرار - لىنىشى بىلەن شېئىرنى جاراڭلىق تۇسكە ئىگە قىلىپ، ئاھاڭدار - لىقنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ۋەزىنلەرنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى.

مەسلەن:

ئاق بېلىق - ئاپپاق بېلىق،
ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى،
مېنى يامان دەپ يۈرۈپ،
ياخشىنى تاپقانىڭ قېنى.

بۇ يەردە ئۇچۇق كورۇنۇپ تۇرۇپتىكى: "ئا" تاۋۇشنىڭ شۇنىڭدەك "ئاپپاق" دىگەنگە ئوخشاش ئاھاڭداش سوزلەرنىڭ ئالاھىدە تەكرارلىنىشى شېئىرگە ئاھاڭداشلىق تۇس بەرگەن. تو - ۋەندىكى مىسرالاردا بۇ تېخىمۇ ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ.

مەسلەن:

قارا ـ قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،
قارا قاشىنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشىنىڭ بازارىغا يارىمىسام مەن،
كىرپىگىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى.

يۇقۇرىدىكىلەر ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شەكلىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن شەكىل مەزمۇنغا چوڭ تەسىر كەلتۈرىدۇ. شەكىلنىڭ مەزمۇنغا نىسبەتەن نىسبىي ھالدىكى مۇستەقىللىقى، ھەركەتچانلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزمۇننى ئىپادىلەشتە چوڭ رول ئوينايدۇ. شېئىر ـ قوشاق كىشىلەرنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىشى، دىككەتتە ساقلىشى، يادلاپ ئېلىشى ئۈچۈن ئىجات قىلىنغاچقا ئۇنىڭدا شەكىل باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم.

# ئۈچىنچى باپ

## ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە «12 مۇقام»

### 1 - ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تۈرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقى شۇكى، ئۇ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى ئۆزىگە خاس ئاھاڭغا ئىگە بولۇپ، ناخشا تېكىست بىلەن ئاھاڭنىڭ بىرلىككەندىن ئىبارەت. ناخشا تېكىستى بەلگىلىك ئاھاڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىسى ۋە قائىدىسى بولىدۇ، كۆپ ھاللاردا نەقرات ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مىسرالار تۈزۈلۈشىمۇ ئاھاڭغا ياكى رېتىمگە ماسلىشىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكلى جانلىق ۋە خىلمۇ - خىل بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللى ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ - ئۈمىتىنىڭ شېئىر ۋە مۇزىكىلىق ئىنكاسى سۈپىتىدە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇيغۇر خەلق

ناخشىلىرىدا ئادەمنىڭ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ تا ئۆلگىچە بولغان پۈتۈن ئۆمۈر جەريانى دىگۈدەك ئۆزىنىڭ شېرى ئىپادىسىنى تاپقان. تۇرمۇشتىكى ھەربىر شارائىت ھەر بىر پەيتىنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشىلىرى بار. جۈملىدىن ھەر خىل ئېتنوگراپىك سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلانغان. ناخشىلار ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش دەۋرىدىن تارتىپ كىشىلىك ھاياتقا چوڭقۇر سىڭىپ، ئومۇرگە ئايرىلماس ھەمرا ۋە نەسلىدىن ـ نەسلگە مىراس بولۇپ داۋام قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ھەم ئەدىبىيات ھەم مۇزىكا سەنئىتى بولۇپ، سوز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ جىپسىلىشىدىن تۇغۇلغان.

ناخشا بىلەن مۇزىكىنى بىر گەۋدە قىلىۋاتقان ئاساسىي ئامىل ناخشىلارنىڭ رىتىمدارلىغى ۋە ئاھاڭدارلىغىدىن ئىبارەت. ناخشىلاردىكى رىتىم ـ ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى ئەمگەك رىتىمىغا ماسلاشقان ھالدا ئىجات قىلىنغان، شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇرىغى كۈچلۈك. بۇ ناخشا، ئۇسۇل، مۇزىكىدىكى رىتىمنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن: بىز ئەمگەك ناخشىلىرىنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى: ئۇنىڭدا سوز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا بىرلەشكەن، خىلمۇ ـ خىل ئەمگەك ناخشىلىرى ئۇزلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل بەدىئى شەكىللىرى بىلەن ھەر بىر ئەمگەك شارائىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەنزىرىسىنى، رىتىمنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ "ئوما ناخشىسى"، "ھارۋىكەش" ناخشىسىغا ئوخشاش ناخشىلىرى بۇنىڭغا ناھايىتى جانلىق مىسال بولالايدۇ.

رۇشەنكى سەنئەتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولغان رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق ئەسلىدە ئەمگەكنىڭ تەشكىلى قىسمى، ئىنسانلار ئۇنىڭ تەبىئى گۈزەللىگىنى ھىس قىلغاندىن كېيىن، شېئىر، مۇزىكا ۋە ئۇسۇل قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بۇ گۈزەللىكنى ئومۇملاشتۇردى ۋە قايتا نامايان قىلدى. ھەتتا بۇنىڭ بىلەن رىتىمغا (ئاھاڭغا) نىسبەتەن ئىستېتىكىلىق پىرىنسىپىنى مەيدانغا ئاتتى، بۇ پىرىنسىپلارنى ناخشىلارنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە مۇھىم ئۆلچەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ناخشا - مۇزىكىنى قوشقىزەك سەنئەتكە ئايلاندۇردى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن باي. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىمۇ ئەمگەك ناخشىلىرى، سىياسى ناخشىلار، تۇرمۇش ناخشىلىرى، مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئۆرپ - ئادەت ناخشىلىرى دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

ئەمگەك ناخشىلىرى — ئەمگەكتىن بىۋاستە ئىلھاملىنىش بىلەن مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەككە بولغان پوزىتسىيىسىنى، ئەمگەكنى دەۋر قىلغان ھالدىكى سىنىپى مۇناسىۋەتنى ئىنكاس قىلىپ، ئەمگەك رىتىمىنى ئالماشتۇرۇش، كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، ئەمگەك جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

سىياسى ناخشىلار خەلق ئاممىسىنىڭ كونا جەمىيەتكە،

ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ رىياكسىيون ھا-كىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، ئازاتلىق ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى، بەلگىلىك ۋەقە ۋە تارىخى شەخسلەرگە بولغان كوز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىياسى ناخشىلار مەدھىيىلەش ۋە پاش قىلىش خاراكتېرىدا بولۇپ، جەڭگىۋارلى-غى ئۈستۈن، دەۋر روھى كۈچلىك، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي كۆرەشتىكى ئۆتكۈر قورالى ۋە روھى ئوزىقى.

سىياسى ناخشىلار ئىچىدىكى "سادىر پالۋان ناخشىسى"، "نوزۇگۇم ناخشىسى"، "مايىمخان ناخشىسى" قاتارلىق تارىخىي ناخشىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامانىدا ئائىت تارىخىنىڭ شېئىر ۋە مۇزىكىلىق كارتىنىسىدۇر.

تۇرمۇش ناخشىلىرى — خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنكاس قىلىدىغان ناخشىلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل ناخشىلار چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە.

مەسىلەن:

بۇ تاغلار ئىگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلا.
غېرىپ ئۇلسە كىم يىغلا،
غېرىپقا غېرىپ يىغلا.
يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بولاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

مۇھەببەت ناخشىلىرى — ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەت، تۇرمۇشقا بولغان كۆز قارىشىنىڭ ھەقىقى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، ھېسسىياتى باي بولۇپلا قالماي، بەلكى بەدىئىلىك جەھەتتىنمۇ گۈزەل ۋە تەسىرلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسۇل سەنئىتى بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى ئىنتايىن قويۇق. ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرى ئادەتتىكى قوشاقلار ئەمەس، مەخسۇس ئاھاڭغا ئىگە بەلگىلىك ئۇسۇل ۋە ھەركەتكە تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلاردىن ئىبارەت. ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرى — ھەر بىر مەركىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن ماسلاشقان، بىر قەدەر مۇقىم. مەسىلەن: "يولەن ناخشىسى" ئەنە شۇنىڭ مىسالى. ئومۇمەن، خەلق ناخشىلىرىدىمۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى — ئۆزىگە خاس بەدىئى ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا سىمۋول، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، تەقلىت، تەمسىل قاتارلىق بەدىئى ۋاسىتىلەر قوللىنىپ، كونكرېت، ھېس قىلغىلى بولىدىغان، جانلىق لىرىك ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىز "خوش دەردىڭ يامان" ناخشىسىدىكى:

قارا كېچە، قارا ياغاچ مېنىڭ يولدىشىم،
يوپۇرمىغى شىلدىرلىسا قويۇلار يېشىم.

ئاقتى يېشىم، ياغدى يېشىم تىتىلەر بېشىم،
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلار جان قېرىندىشىم.

دىگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، زۇلمەت ئىچىدە (قارا كىيىمىدە) ئازاپ چەككەن ئەمگەكچىنىڭ مۇڭلۇق قىياپىتىنى، دەرت-ھەسرىتىنى ئەسلىگەندە (قارا ياغاچ يوپۇرمىغى شىلدىر-لىغاندا) ئۇنىڭ قەلبى كۆچلۈك دەرت-ئەلەم بىلەن تولغانلى-غىنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇش كۈ-چى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، بىر-ئىككى كۇبلىت ناخشا ئار-قىلىقلا تارىخىي ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن ئولەرمەن، مەن ئولەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى،
يولدا قويساڭلا قويۇڭلار،
چولدە قويماڭلا مېنى.

مەن ئولۇپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى يات ئەيلىسۇن،
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۇشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن.

دىگەن "مەن ئولەرمەن" ناخشىسىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ

كونا جەمىيەتتىكى پاجىەلىك تەقدىرى چوڭقۇر ھېسسىيات ئار-قىلىق ئاجايىپ ئىچچام ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىلىدىكى ئاددىلىق، چوڭ-قۇرلۇق، ئېنىقلىق، ئوبرازچانلىق—ناخشىلارنىڭ بەدىئي تەسىر-چانلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللى ئالاھىدىلىكىنى ۋە يەرلىك پۇ-رىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ-خىل. ناخشىلاردا قوشاق (4 مىسرالىق)، بېيىت (كوپ مىسرالىق) شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، جۈملىدىن تاقماق (چاچما) شەكىللەرمۇ خىلى ئومۇملاشقان. بۇ خىل شەكىل ئېيتىشىشلاردا (لەپەردە) كوپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: "ئالمىخان"، "چىمەن-نەگۈل" قاتارلىق ناخشىلار ئاشۇ شەكىلدىكى ناخشىلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەر-يانىدا ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا سەنئىتىگە، ئۇسۇل سەنئىتىگە زىچ ماسلاشقان مول ۋە خىلمۇ-خىل ناخشىلارنىمۇ ئىجات قىلدى. جۈملىدىن ھەرقايسى جايلارغا خاس باي ۋە خىلمۇ-خىل ناخشىلار مەلۇم دەرىجىدە يۇرۇشتۇرۇلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. بۇ بىباھا بايلىق ئۇيغۇر-ناخشىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىلا ئە-مەس، بەلكى ئۇيغۇر مۇزىكا تەرەققىياتىدىمۇ غايەت زور رول ئوينىدى.

## 2 - "12 مۇقام"

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە سوزلىگەندە، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان "12 مۇقام" توغرىسىدا،

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى بىلەن 12 مۇقامنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختىلىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

12 مۇقام — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قامۇسى بولۇپ، بۇ يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، شەرق مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇق ئىجادىيەت.

12 مۇقام—ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرىقى جاپا - مۇشەققەتلىك ۋە كۈرەشچان ھاياتىدا ئىجات قىلغان ناخشا - ئۇسۇل مۇزىكىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ جانلىق شېئىرى ئوبراز، مۇزىكا ئوبرازى ئارقىلىق تارىختىكى قاراڭغۇ فېودال ھوكۇمران كۈچلەرگە قارشى غەزەپلىرىنى ۋە بەخت - سائادەت ئىزلەش يولىدىكى ئارزۇلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتى، ئىدىيۋى ھېسسىياتى ۋە ئارزۇ ئۇمىتىنىڭ سەنئەتتىكى ئىپادىسى.

## (1) مۇقاملارنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

مۇقام دىگەن بۇ ئاتالغۇ ”ئورۇن“، ”دەرىجە“، ”دائىرە“ دىگەن مەنىدە بولۇپ، مۇزىكىدا مۇقام ئاتالغۇسى مەلۇم دائىرىدىن يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن، بەلگىلىك دەرىجىدە سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق ئەسەر دىگەن ئۇقۇمنى بىلدۇرىدۇ. ”12 مۇقام“ دىگەن بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن، ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن، سىستېمىلاشقان چوڭ ھەجىمدىكى 12 پارچە مۇزىكىلىق ئەسەر

دىگەن مەنىنى بىلدۈردۇ.

ئاتاقلىق خەلق مۇقامچىسى تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881- يىل 5 - ئايدا تۇغۇلۇپ، 1956 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋاپات بولغان) ئورۇنلىغان 12 مۇقام بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، ھەر بىر مۇقامنىڭ مەخسۇس نامى ۋە بىر پۈتۈن مەزمۇنى بار. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇقاملارنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئاھاڭلىرىنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

1 - راك مۇقامى 23 ئاھاڭ.

2 - چەببىيات مۇقامى 23 ئاھاڭ.

3 - مۇشاۋۋىرەك مۇقامى 31 ئاھاڭ.

4 - چارىگا مۇقامى 18 ئاھاڭ.

5 - پەنجىگا مۇقامى 23 ئاھاڭ.

6 - ئۇزھال مۇقامى 29 ئاھاڭ.

7 - ئەجەم مۇقامى 17 ئاھاڭ.

8 - ئۇشاق مۇقامى 23 ئاھاڭ.

9 - بايات مۇقامى 19 ئاھاڭ.

10 - ناۋا مۇقامى 21 ئاھاڭ.

11 - سىگاھ مۇقامى 6 ئاھاڭ.

12 - ئىراق مۇقامى 8 ئاھاڭ.

ئۇنىڭدىن باشقا 12 مۇقامنىڭ تەركىبىگە ئۆز سىستېمىسى بويىچە كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن 12 مۇقامنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان ئابو چەشمە مۇقامىنى قوشقاندا (ئابو چەشمە مۇقامى 20 ئاھاڭ) مۇقام جەمئى 268 ئاھاڭ (نەغمە) دىن ئىبارەت. ئەگەر ئاھاڭلارنىڭ مىسرا (قۇر) سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، 2700 مىسرادىن ئارتۇق. ئەگەر مۇقامنى باش-

24 تىن - ئاخىر ئۇلاپ چېلىنىشقا توغرا كەلسە توپ - توغرا
سائەت كېتىدۇ. مۇقاملارنىڭ نامىلىرى ھەر خىل تارىخىي
ھوججەتلەردە ۋە مۇزىكانت، شائىرلارنىڭ خاتىرىلىرىدە ھەر
خىل ناملار بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ دەۋرىمىز-
گىچە تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ كەلگەن مۇقاملار نامى خەلق
ئىچىدىگە سىڭگەنلىكى ئۈچۈن 12 مۇقامنى ئاشۇ ناملار مەزمۇنى
بويىچە چۈشىنىمىز:

بۇ ناملارنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) راك مۇقامى:

"راك" مۇقامىنىڭ ئەسلى نامى "راھاۋى" مۇقامى بولۇپ،
"راھاۋى" دېگەن سوز "ئازاتلىق تىلەش" دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ. ئەسلى تەلەپپۇزدا "راك" بولماستىن، بەلكى "راق"
"رەك" ئىدى، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىل تەلەپپۇزلىرى-
نىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە "راق"، "رەك" دېگەن سوزلەر
"راك" مۇقامىغا ئۆزگەرگەن. "راك" دېگەن سوزنىڭ مەنىسى
راۋا ئىزلەش، شىپالىق ئىزلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
"راك" مۇقامىدىكى "راك" دېگەن نام راك مۇقامىنىڭ ئاساسىي
روھىغا ماس كېلىدۇ. موللا ئىسمەتۇللانىڭ «تارىخىي موسقىيون»
دېگەن كىتاۋىدا، "راھاۋى" (راك) مۇقامى تاڭ يورىغاندىن
باشلاپ، قۇياش ئورلىگەنگە قەدەر ئېيتىلىدۇ، دەپ يازغان.
خەلق ئامىسى ئىچىدىمۇ ئەنە شۇنداق رىۋايەت بار. مۇقاملار-
نىڭ چېلىنىشىغا مەخسۇس ۋاقىت بەلگىلەش ئەمەلىيەتتىكە،
مۇقاملارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدىكى رولىغا ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ. دۇرۇس، تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق سەنئەتكارلار

سەھەردە مۇقام مەشق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بولۇپمۇ روزى-رامىزان كۈنلىرى زولۇقتىن كېيىن، تا قۇياش ئورلىگەنگە قەدەر قېتىقىنىپ مۇقام مەشىق قىلىغان. لېكىن بۇ "راك" مۇقامى—چوقۇم سەھەر ۋاقتىدىلا چېلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە موللا ئىسمىتۇللانىڭ "راك" مۇقامى تاڭ يورىغاندىن باشلاپ قۇياش ئورلىگەنگە قەدەر ئېيتىلىدۇ دې-گەن تەبىرى "راك مۇقامى" خەلق ئاممىسىنىڭ تاڭغا بولغان سېغى-نىش، ئۇمىتلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(2) چەببىيات مۇقامى. بۇ مۇقامنىڭ بۇرۇنقى نامى "ھۇسەيىن" مۇقامى بولۇپ، "ھۇسەيىن" دېگەن سوز "نەپىس"، "گۈزەللىكنى سېغىنىش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ئىسمى "چەببىيات" بولۇپ، يەنىلا گۈزەللىكنى سېغىنىش، گۈ-زەللىكنى ئەسلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "چەببىيات مۇقامى" تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە ئېيتىلىدۇ، دېگەن تەرىپلەرمۇ بار.

(3) مۇشاۋۋىرەك مۇقامى. بۇ مۇقامنىڭ ئەسلى ئىسمى "راست" مۇقامى بولۇپ، "راست" دېگەن سوز "چىنلىق"، "توغرىلىق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن "مۇشاۋۋىرەك" كە ئۆزگەرگەن بولۇپ، مۇشاۋۋىرەك دېگەن "مۇڭدۇشۇش"، "مۇڭ ئېيتىشىش"، "چىنلىقنى سوزلەش" دېگەن مەنىنى بىل-دۈرىدۇ. "تارىخىي مۇسىقىيۇن" دا بۇ مۇقام "دەل چۈش مەز-گىلىدە چېلىنىدۇ" دېگەن تەرىپلەر بار.

(4) چارىگاھ مۇقامى. بۇ مۇقامنىڭ ئەسلى ئىسمى "ھىجاز" بولۇپ، "ھىجاز" دېگەن ئىككى دەريا ئارىلىغىنىڭ مەنزىرىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، "چارىگاھ"دىكى "چار"—

”تۇت تەرەپ“ دىگەن مەنىدە، ”ئاھ“، ”ئۇرۇن“، ”كورۇنۇش“ دىگەن مەنىدە. بۇ مۇقامنىڭ ئاساسى كۇيىمۇ خەلق ئاممىسى- نىڭ ھاياتىنىڭ چىمەندەك گۇزەل، بوستانلىق بولۇشىنى، ھا- ياتنىڭ چىمەن ۋە بوستانلاردىكى ھەرخىل قۇشلار ۋە بۇلبۇلا- لارنىڭ ساداسىدەك خۇشخۇي بولۇشىنى، تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇن- داق ئاسايىشلىق بولۇشىنى، مۇشۇ جەھەتتىكى خەلقىنىڭ ئارزۇ- ھەۋسىنى بايان قىلىدۇ، ”چارىگاھ“ مۇقامى ”دەل تۇن يېرى- مىدە چېلىنىدۇ“ دىگەن سوزدىمۇ خەلقنىڭ تۇن كېتىپ تاڭ يېقىنلىشىشىنى، گۇزەل ھاياتقا ئېرىشىشىنى ئۇمىت قىلىش مەزمۇنى بار.

(5) پەنجىگاھ مۇقامى. بۇنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى ”بوزرۇك“ مۇقامى بولۇپ، ”بوزرۇك“ دىگەن سوز ”ئۇلۇغلۇق“، ”يۇكسەكلىك“ دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ھازىرقى ئىسمى ”پەنجىگاھ“دۇر. بۇ مۇقام كۇيىنىڭ ئاساسىي روھى خەلق ئاممىسىنىڭ يۇكسەك ئىرادە، ئالى - جاناپ پەزىلىتىنى، كىشىلەرنىڭ جۇش- قۇن، كوتىرەڭگۇ روھلۇق بولۇشىنى بايان قىلىدۇ. بۇ مۇقامنى ”چۇشلۇك تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدۇ“ دىگەنىدىمۇ دەل مۇشۇ روھ سىڭدۇرۇلگەن.

(6) ئۇز ھال مۇقامى. بۇنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى ”كوجەك مۇقامى“ بولۇپ، ”كوجەك“ دىگەن سوز كىچىك پىئىللىق دى- گەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ھازىرقى ئىسمى ”ئۇز ھال“ بولۇپ ”ھال - ئەھۋال“، ”ھال - ئوقەت“ دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ مۇقامنىڭ ئاساسى رېتىممۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ دەردىنى تو- كۇش، ھالىنى ئېيتىشتىن ئىبارەت، بۇ مۇقام ”چاشكادا ئو- قۇلىدۇ“ دىگەندىمۇ دەل ئاشۇ مەزمۇن بار.

(7) ئىراق مۇقامى. "دەريا قىرغىقىنىڭ ئورۇلۇشى" دىگەن مەنىدە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قاينام - تاشقىنىغا ئايلانغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ بۇرۇنقى نامىمۇ ئىراق مۇقامى. بۇ مۇقامنى "كۆن ئورلەۋاتقاندا چىلىنىدۇ" دىگەندىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ دولقۇنلىرىنىڭ ئورلىشى دىگەن روھ سىڭىشكەن.

(8) ناۋا مۇقامى. "ناۋا" — جاسارەت، كۈچ - قۇۋۋەت دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مۇقامنىڭ ئاساسى كۈيى—خەلق ئاممىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى، ئۈمىتۋارلىق كەيپىيا - تىنى بايان قىلىدۇ، "ناۋا مۇقامى تاڭ سەھەردە چىلىنىدۇ" دىگەندىمۇ دەل مۇشۇ مەزمۇن ياتىدۇ. بۇ مۇقامنىڭ ھازىرقى نامىمۇ ناۋا مۇقامىدۇر.

(9) ئوشاق مۇقامى. "ئوشاق" سوزى "ئاشىقلار"، "پىدائىلار" دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مۇقامنىڭ ئاساسى كۈيى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ پاك - مۇھەببىتىنى، بىر - بىرىگە بولغان جان پىدالىقى، ھەمدەملىك روھىنى بايان قىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ مۇقامنى "ئىشتىياق"، "ئاشىقلار ساداسى" دى - گىنىمۇ دەل مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. "ئوشاق مۇقامى "كەچكى شەپەق پەيدا بولغاندا ئېيتىلىدۇ" دىگەن تەرىپىمۇ بار. بۇ مۇقامنىڭ ھازىرقى نامىمۇ ئوشاق.

(10) بايات مۇقامى. بۇ مۇقامنىڭ بۇرۇنقى نامى "ساباھان" بولۇپ، "ئەسلەش" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ھا - زىرقى نامى "بايات" بولۇپ، تەلەپپۇزنىڭ ئوزگىرىش بىلەن "بايان" ئوقۇلغان. ئەسلى "بايادى" بولۇپ، "بايادى" ئوتكەن كۈننى ئەسلەش، يوروُقلۇقنى ئىزلەش دىمەكتۇر. "ساباھان"

(بايات) مۇقامى "تاڭ يورۇغىچە ئوقۇلىدۇ دىگەندىمۇبايات مۇقا-
مىنىڭمۇشۇ خىل خۇسۇسىيىتىنى كوزدە تۇتقان.

(11) ئەجەم. ئەرەپ مىللىتىنىڭ غەيرى، ئەرەپ ئەمەس خەلقلەرگە بەرگەن نامى. شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن دىن تارقاتقۇچى ئەرەپ ئەمەلدارلىرى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن-لەرنى "ئەجەم" دەپ ئاتىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسۇل-مۇزىكىسىنى كەمسىتىپ بۇ شەيتاننىڭ پەيلى، ئىسلام قائىدى-لىرىگە توغرا كەلمەيدىغان ئەجەملەرنىڭ پەيلى دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئوزىنىڭ ناخشا، ئۇسۇل، مۇقاملىرىنى ئەزىزلەپ، "بىزنىڭ راست ئەجەم، سىلەرگە، نىسبەتەن بىز راست ئەجەم" دىگەن، مانا مۇشۇنداق تارىخى سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن، "ئەجەم" سوزى ئاستا-ئاستا سىڭىشىپ مۇقام نامى قاتارىدا ئىشلىتىلىپ ئەجەم مۇقامى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

12 سىگاھ مۇقامى. بۇ مۇقامنىڭ بۇرۇنقى نامى "پەسىل-لىك" مۇقامى بولۇپ، "پەسىللىك" دىگەن سوز "ئارسلاننى هەيران قالدۇرۇش" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. "سىگاھ" ئەسلى تەلەپپۇز قىلىنىشى "شىگاھ" بولۇپ، "شىگاھ" "غەپلەتتىن ئويغىنىش" "غەيرەتلىنىش" دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مۇ-قامنىڭ ئاساسىي روھىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارسلاننى هەيران قالدۇرغىدەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلەيدۇ. "سىگاھ" مۇقامى "پىشىندىن ئوتكەندە چېلىنىدۇ" دىگەنىمۇ بۇ ۋاقىت دەل ئەمگەكچىلەرنىڭ غەيرەت-جاسارەتكە تولغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.

12 مۇقام—چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە لىرىك ئەسەر. 12 مۇقامدىكى هەر بىر مىسرا مۇزىكا، ناخشا ۋە هەر خىل نازۇك ئۇسۇل هەركەتلىرى ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ئىدىيەۋى هېسسىياتى، ئارزۇ-ئارمانلىرى يوشۇرۇنغان، قايسى

بىر مۇقامنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە چېلىپ تۈگىتىپ، پەدە يۈتكىگەندە ساتار، تەمبۇر، دۇتار، قالۇنلارنىڭ تارلىرىدىن يېقىم-لىق جاراڭلىغان ئاھاڭلار ئاڭلىنىپ، كىشىنىڭ يۈرەك بېغىشلىرى-نى تىترىتىپ ئۇزاق ئوتمۇش ئەسىرلەرنىڭ زۇلمەتلىك كىشەنلىرىنى، كونا زاماننىڭ نالە-پىغان، مۇڭزارلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ، شۇنىڭ-دەك تارىختىكى زالىم-فېودال، ۋاڭ-بەگلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۈرەش يالقۇنى بىلەن قەھرىمانىنىڭ روھىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، توۋەندىكى پارچىغا نەزەر سېلىپ كورەيلى:

كوڭۈل چەكسىز دېڭىزدۇركى، زېمىننى تەڭشىگەي ئاخىر،
گۇمان دەرياسىدا ئۈزمە، كورۈپ بۇ قەبرىگاھلىقنى.
نىگارىن ئىزلىگەن كاككۇك، تېپىشقاي سۇبھى گۈلزاردا،
ھامان باغلاپ ئېلىگە ئۇ، مۇھەببەت ئاشنالىقنى.
("چارىگاھ" مۇقامىنىڭ باشلىنىشى)

12 مۇقامنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا يالغۇز دەۋر روھى ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى ئەۋلاتقا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىلەر، كەلگوسى گۈزەل غايىلەر جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
مەسىلەن:

ئېيتمىغىن سىرىڭنى سەن، ھەركىمگە سىرداش ئۈزگىدۇر،
دەردى يوق بى دەردىگە، مۇڭ ئېيتما مۇڭداش ئۈزگىدۇر.
ھەمرى قابىل بىللە يۈر، بىرغىرىچ بولسىمۇ يول،

يۇرمىگەن نائەھلى بىرلە، يولدا يولداش ئۆزگىدۇر.
(پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ 7 ـ مەشرىپىدىن)

بىز 12 مۇقامدىكى گۈزەل لىرىكا ۋە تەسىرلىك پارچىلارنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، كۆپىنچە ئۇنىڭدىكى دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭ شېرىن پۇراقلىرىنى ھىس قىلىپ ئاللايمىز. دوستلۇق، مۇھەببەت، ئۇمىتۋارلىقنىڭ ئالتۇن مۇنارىسى كىشىنىڭ ئالدىدا ھامان بىر قىزىل يۇلتۇز بولۇپ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

سابا يەتكۈز سالامىمنى، قەدرى سەۋرى راۋانىمغە،
قارا چاچلىق، قارا كوزلۇك ئاشۇ شىرىن زابانىمغە.
يېتىپتۇ بىر غېرىبزار بوپ، ئاھۇ شكەستەئى تۇپراق،
بۇ ھالىمنى بېرىپ ئېيتقىن، مېنىڭ ئارامى جانىمغا.

12 مۇقامنىڭ رېتىمى، ھەرقايسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ شەكلى، قۇرۇلۇشى ئاساسەن ئوخشاش. ھەر بىر مۇقام تۆۋەندىكى 3 قىسىمدىن تەركىپ تاپقان:

1 ـ چوڭ نەغمە. بۇ قىسمى 9 دىن 10 غىچە ناخشا ۋە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ناخشا ۋە مەرغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ چوڭقۇر ھىسسىيات ۋە گۈزەل بەدىئىيلىككە ئىگە بىرقانچە مۇقەددىمە ناخشا ـ ئاھاڭلار، ئارقىلىق، مۇزىكىنىڭ تۈپ پىكرىنى ئېچىپ بېرىشتىن باشلاپ، تۆت ياكى ئۈچ ئودارلىق

تەزىگە كوچىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەببەت - نەپرىتى ئۇچۇق بولغان قىزغىن ۋە خوشال كەيپىيات ئىچىدە تېخىمۇ يۇقۇرى ئەۋجىگە كوتۇرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا گەۋدىلىك، تېتىك تىپلارغا ئىگە ئاھاڭلار بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

2 - داستان. بۇ 3 تىن 6 غىچە بايان خاراكتېرلىق ناخشىلاردىن تەركىپ تاپقان، ھەر بىر ناخشىنىڭ كەينىدىن بىردىن مەرغۇل كېلىدۇ. مەرغۇل ئىرىك تۇيغۇنىڭ خۇلاسىسى ۋە چۇشۇرگىسى بولىدۇ.

3 - مەشرەپ. بۇ قىسىم 3 دىن 6 غىچە بولغان بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللۇق ناخشىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇ ئاۋال سالماق باشلىنىپ، كېيىن 2 - ياكى 3 - مەشرەپكە كەلگەندە يۇقۇرى ئەۋجىگە كوتىرىلىپ، قىزغىن كەيپىياتتا ئاخىرلىشىدۇ.

چوڭ نەغمە ئىچىدە، يەنە بىرقانچە مۇھىم ئاھاڭلار بار. بۇنىڭ بىرسى "تەزە". مۇقاملار ئىچىدە تەزىسى بولمىغان مۇقام يوق. تەزە — مۇرەككەپ ئاھاڭ بولۇپ، كوپ ھاللاردا شائىرلار- نىڭ كوپ ۋەزىنلىك، ئۇزۇن مىسرالىق، بىر بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن مەزمۇنداش غەزەللىرى بىلەن ئېيتىلىدۇ. تەزە توگىشى بىلەنلا مەشرەپ ئويۇنى باشلىنىدۇ. سازەندىلەر مۇقامغا چېلىش ۋە نەزمە ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. مەردانە شوخ ئۇسۇل تەڭكەش بولىدۇ. تەزىنىڭ مەرغۇل ۋە چۇشۇرگىسى بولىدۇ.

"سەلقە" — چوڭ نەغمىدىكى ئاساسلىق مۇزىكىلارنىڭ بىرسى. مۇقاملاردىكى سەلقەلەر چوڭ سەلقە، كىچىك سەلقە دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. "چوڭ سەلقە" ۋە "كىچىك سەلقە"نىڭ مۇزىكا رىتى- مى پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنغان شېئىرلارنىڭ ۋەزنىمۇ

پەرق بار. "چوڭ سەلقە"گە كوپرەك خەلق قوشاقلىرى سېلىنغان. "كىچىك سەلقە" گە كوپرەك شائىرلارنىڭ غەزەللىرى كىرگۈزۈلـ-گەن.

"تەكىت" چوڭ نەغمىدىكى ئاخىرقى مۇزىكا بولۇپ، چوڭ نەغمىدە "سەلقە" نىڭ داستانغا ئۆتىشىدە مۇھىم بىر ھالقا.

چوڭ نەغمىدە يەنە "نۇسخە"، "جۇلا" "سەنەم" "پەشرو" دىن ئىبارەت 4 ئاساسلىق مۇزىكا بار. "نۇسخە" كوپ مۇقامـ-لاردا بار، ئۇنىڭ تاكىتلىرى جىددى ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ ئۇنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىغا خەلق قوشاقلىرى چۈشۈرۈلگەن، بەزى ئاھاڭلىرىغا غەزەللەر چۈشۈرۈلگەن.

"جۇلا" — "ئەجەم"، "سىگاھ"، "ئىراق" مۇقاملىرىدىن باشـ-قا مۇقاملارنىڭ ھەممىسىدە بار. ئۇ مەرغۇلسىز بولىدۇ. "جولا"نىڭ نەغمىلىرى كوپۈنچىسى خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا قوشاق مىسـ-رالىرىنى تەكرارلاپ ئوقۇش بىلەن ئوينىلىدۇ.

"سەنەم" ئۇسۇللۇق مۇزىكا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، كوپ ھاللاردا خەلق قوشاقلىرى ۋە شائىرلار غەزەللىرى بىلەن ئوقۇلىدۇ "سەنەم" دە داپ كەيپىيات تەڭشىگۈچ رول ئوينايدۇ.

"پەشرۇ"— "راك"، "مۇشاۋرەك"، "پەنجىگاھ"، "ئۇزھال"، "بايات"، "ئۇشاق" مۇقامىلىرىدا ئۇچرايدۇ. باشقا مۇقاملاردا يوق، "پەشرۇ" مۇ مەرغۇلسىز بولىدۇ.

"ئابۇ چەشمە" (كوز ياش بۇلاقلىرى) بۇ ئۆزىگە خاس قورۇلمىغا ئىگە. ئۇ باشقا مۇقاملاردەك چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپـ-لەرگە بولۇنمەستىن، 9 چوڭ قىسىمغا بولۇنگەن. ھەر بىر قىسمى "چەشمە" سوزى بىلەن تەكرارلىنىدىغان نەقرات بىلەن بىرـ-بىرىگە باغلانغان. بۇ مۇقامدىكى بەزى ئاھاڭلار ۋە سوز تېكىستـ-

لىرى باشقا مۇقاملاردا ئۇچرىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇستەقىل مۇقام. بۇ مۇقامدا نۇرغۇن مۇقام ناملىرى تەكرارلانغان. شۇڭا 12 مۇقامغا كېيىنرەك قوشۇلغان ئالاھىدە بايلىق دەپ قاراش مۇمكىن. مۇقاملار شەكلى قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ھەر بىر مۇقامنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىدىن ئېيتقاندا، ئاز-تولا پەرقى بار. خەلق ئاممىسى راك مۇقامىنى مۇقاملارنىڭ «ئانا شېخى» دەپ باھالىشىدۇ. بۇ، راك مۇقامى قۇرۇلۇشىنىڭ باشقا مۇقاملارغا نىسبەتەن مۇكەممەللىكىنى، تولۇقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

12 مۇقامدا ئىپادىلەنگەن لىرىك تۇيغۇمۇ كەيپىيات جەھەتتىن يەنە بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ”12 مۇقام“ كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىگە بېغىشلانغان، مەسىلەن، ئاشىقلارغا، ياشلارغا... دېگىنىمۇ 12 مۇقامنىڭ كەيپىيات جەھەتتىكى پەرقىنى كورسىتىدۇ. بۇ 12 مۇقامنىڭ لىرىك تۇيغۇلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ خىلمۇ-خىللىقىنى كورسىتىدۇ.

12 مۇقام ناملىرى كوپۈنچە ئەرەپچە سوزلەر بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭ سەۋەبى: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر ئىچىدە ”قۇرئان“ ئارقىلىق ئەرەپ تىلى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە ئومۇملاشتى. مەدرىس ۋە مەكتەپلەردە ئەرەپ تىلى ئوقۇتۇلۇپ، ئەرەپ تىلىنى قوللىنىش جەمىيەتتە بولۇپمۇ زىيالىلار ئىچىدە بىر خىل كەيپىياتقا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن 12 مۇقام ناملىرىنىڭ كوپى ئەرەپچە ئاتالغۇ بىلەن ئاتالدى. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ پەقەت ”نام بەلگىسى“ بولۇش رولىنى ئوينىشتىن باشقا، ”12 مۇقام“ مۇزىكىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، مەز-

مۇنى بىلەن ھېچقانداق ئېچكى باغلىنىشى يوق ئىدى.

## (2) "12 مۇقام" نىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

12 مۇقام — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىردىن بۇيانقى خەلق ناخشىلىرى، داستانلىرى، ئۇسۇلى، مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ۋە يازما ئەدەبىيات (ئاساسەن شېئىر) تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. خەلق ئىچىدىكى نورۇز بايرىمى، قارلىق، سەيلى، مەشرەپ، توي - تۆكۈن قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگراپىك شەكىللىرى، خەلقنىڭ قايناق ھاياتى "12 ماقام" نىڭ كۆرەك سەھنىسى.

12 مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا باي مەزمۇن خىلمۇ - خىل شەكىلگە ئىگە خەلق ئەدەبىياتى بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ خەلق ناخشىلىرى ۋە خەلق داستانلىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. 12 مۇقامنى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى سېستىمىلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى دېيىش مۇمكىن.

"12 مۇقام" ئىچىگە نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرى سىڭدۇرۇلگەن. بۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

مەسىلەن:

ۋەتىنىمىنىڭ سازىمەن،<br>
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.<br>
مۇرادىمغا يەتكەندە

ئۇلگىنىڭگە رازىمەن.

......................

ئىشىك ئالدى ھەرتاللا،
شاخ ـ شاخىدا مارجانلار.
بىزنى دىگەن يارەنلەر،
ھەر كوچىدا ۋەيرانلار.
("راك" مۇقامىنىڭ سەلقىسىدىن)

ئىرغاي بىلەن ئىلىپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرت كەلگەندە سىڭىرىپ بولماس كوزنىڭ يىشىنى.
قارچۇغامنى قۇشلاتمىغان تاغلار قالمىدى،
يارىم بىلەن ئوينىمىغان باغلار قالمىدى.
("چەببىيات" مۇقامىنىڭ داستانىدىن)

"12 مۇقام" ئىچىدىكى نۇرغۇن ناخشا ـ ئاھاڭلار خەلق ناخ ـ شىلىرىدىن ئوستۇرۇلگەن. مەسىلەن: چەببىيات سەنىمى ئاساسەن "خوتەن سەنىمى" نامىلىق سەنەمدىن ئوستۇرۇلۇپ، چەببىيات سە ـ نىمى قىلىپ ئېيتىلغان.

"12 مۇقام" شەكىللىنىشتىن بۇرۇن خەلق ئىچىدە "غې ـ رىپ ـ سەنەم"، "پەرھات ـ شىرىن" "تاھىر ـ زوھرە"، "لەيلى ـ مەجنۇن"، "يۇسۇپ ـ ئەخمەت"، "ھورلىقا ـ ھەمىراجان"، "شەمسى جانان"، "سەنوبەر" قاتارلىق داستانلار مەدداھلىق ئەدىبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە مۇزىكىلىق ھالدا ئېيتىلىپ يۈرگەن. مەسىلەن: بۇنىڭ ئىچىدە "غېرىپ ـ سەنەم" نىڭ 50 دىن ئار ـ

تۈق ناخشىسى خەلق ئاممىسىنىڭ سۆيۈپ ئورقۇيدىغان ناخشىلى-
رىغا ئايلانغان. "يۈسۈپ-ئەخمەت" داستانىنىڭ ناخشىلىرىمۇ جە-
نۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان. خەلق
ناخشىلىرى، داستانلىرىنىڭ مول ۋە خىلمۇ-خىل ناخشا-ئاھاڭ-
لىرى "12 مۇقام" ئاھاڭلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولدى. "12
مۇقام" ناخشا-ئاھاڭلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ كەڭ زېمىنى
بولدى. 12 مۇقام ئىچىدىكى داستانلار — خەلق ئىچىدىكى داس-
تانلارنىڭ ئاددىيلا كۆچۈرمىسى ئەمەس. 12 مۇقام ئىچىگە خەلق
داستانلىرىنىڭ ئاساسلىق ناخشا-ئاھاڭلىرى، ئېسىل نەمۇنىلىرى
سىڭدۈرۈلگەن. بىر قېتىملىق پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكەن.
"چارىگا" مۇقامىنىڭ 1-داستانىغا غېرىپنى شاھى ئابباس باغ-
داتتا سۈرگۈن قىلغاندا ئۇنىڭ سەنەم بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئېيتى-
قان ناخشىسى تاللاپ ئېلىنغان. مەسىلەن:

سەنەم: مۇندىن كېتەر بولدۇڭ سەن باغدات شەھرىگە،
يارىم سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
غېرىپ: مېنى كەتتى دىبان مالال بولمىغىن،
كۆپ يىغلىما سەنەمجان كەلسەم كېلۇرمەن.
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ھەرگىز سولمىغىن،
ئامان بولسام سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.

مۇشاۋىرەك داستانىنىڭ 2-داستانىغا غېرىپنىڭ مۇھەببە-

بەت ئەركىنلىكىنى ئىزلەش يولىدا تاغ ـ داۋانـلار ئېشىپ، چۆل ـ لەرنى كېزىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، پادىـشا سارىيىدا باغۋەنگە شاگىرىت بولۇپ كىرىپ، سەنەمنى سېغىنىپ ئېيتـقان ناخشىسىنى تاللىغان. مەسىلەن:

باغۋەن بولۇپ باغىڭ ئىچرە تەرسەم تازا گۈللىرىڭدىن،
ئىگەم سېنى خوش ياراتمىش، ئەگسەم نازۇك بەللىرىڭدىن.
مېنى سوردساڭ ئۇشبۇ ھـالـدا، رەڭـگىم سىرىق، كوزۇم يـولدا،
ئاق يۇزۇڭگە تۇتما پەردە، تەرخىمناله قوللارىڭدىن.
ياڭاقىڭ مىسلى لالەدۇر، قارنىشىڭ جاننى ئالادۇر،
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر، قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭدىن.
غېرىپ ئاشىق بوئدۇم پېقىر، يار يولىدا بولدۇم ھىقىر،
مېڭىپ يۇرۇپ ئەرزىم ئوقۇر، دۇئا ئىچرە باللارىڭدىن.

"راك"، "مۇشاۋىـرەك"، "چارىگاھ"، "ئۆز ھال"، "ئۇشاق"، "بايات"، "ناۋا" مۇقاملىرىغىمۇ "غېرىپ ـ سەنەم" داستانىدىن بەزى ناخشا ـ ئاھاڭلار تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ناخشا ـ ئاھاڭ ـ لار مۇقامنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىغا ئايلانغان.

مەسىلەن: "ئۇشاق" مۇقامىنىڭ II ـ داستانىغا:

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
باشقا يۇرتقا چۈشمىگۈنچـە.
ياخشى ئەرنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
بىر يامانغا چۈشمىگۈنچە.
قول ئۇزاتسام يارغا يەتمەس،

يارىسىز مېنىڭ ئىشىم پۈتمەس،
ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەس،
بىر نامەرتكە چۈشمىگۈنچە.
...............................

خۇدا كىمگە بىردەرت بىرۇر،
ئول دەردىگە دەرمان بىرۇر،
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس،
بىر دەرت - ئەلەم كەلمىگۈنچە.
شاھى ئابباس مەن بىلمىدىم،
ئاۋال نى دەپ ھال سورىمىدىم،
ئىشىق ئوتىنى مەن بىلمىدىم،
ئوز بېشىمغا كەلمىگۈنچە.

دىگەن ناخشا ئېيتىلغان. بۇ ئارقىلىق ساپ ئىشق - ى - مۇ-ھەببەت ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى چوڭقۇر بايان قىلىنغان.

قەھرىمانلىق داستانى بولغان "يۇسۇپ - ئەخمەت" داستا-نىدىن بۇ ئەسەرنىڭ توپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان جاراڭلىق، تەسىرلىك ناخشىنى تاللاپ ئالغان. مەسىلەن:

ئومۇرۇم ئەجەپ زالالەتتە ئوتكۈزدۇم،
توبە قىلسام خۇدا بەندەم دىگەيمۇ؟
كاساپەتلەر بۇ جانىمغا كەلتۈردۈم،
توبە قىلسام خۇدا بەندەم دىگەيمۇ؟

ئوز جانىمغا ئوزەم قىلدىم زۇلۇمنى،
ھاۋا بىلەن ھەۋەس ئۇردى يولۇمنى،

ئەسلى بىردەم يات ئەتمەدىم ئولۇمنى،
تۇبە قىلسام خۇدا بەندەم دىگەيمۇ؟
("مۇشاۋىرەك"نىڭ 1 - داستانىدىن)

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھەربىرى بىر پۈتۈن ئاھاڭغا ئىگە رىتىم ۋە نەقراتلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ ناخشىلار ھەر بىر جايدا يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن، گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان. خەلق داستانلىرىمۇ داستان مەزمۇنىغا ئاساسەن بىر پۈتۈن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ھەر بىر داستان مۇزىكىلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە. مانا بۇ ئەۋزەللىك "12 مۇقام" نىڭ شەكىللىنىشىگە، سىستېمىلىشىشىدا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ ئىرادىتىسىيە "12 مۇقام" دا تېخىمۇ راۋاجلاندى ۋە قائىدىلەشتۇرۇلدى.

"12 مۇقام" شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. يېڭى - يېڭى خەلق ناخشىلىرىنىڭ شاخ چىقىرىپ خەلق ئىچىدە يىلتىز تارتىشىغا سەۋەپچى بولدى. مەسىلەن:

"مىزانگۇل" دىگەن خەلق ناخشىسى "ئىراق" مۇقامىدىن ئۆزگەرتىلىپ ئېلىنغان. "ئەرزىم"، "دادەي" ناخشىسى "سىگاھ" مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. كۇچار خەلق ناخشىلىرىدىن "ئۇيناك دەردى بار باللا" "پەنجىگاھ" مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. ئىلى خەلقى ئىچىدە ئومۇملاشقان "ئۇستەك" ناخشىسى "چەببىيات" مۇقامىنىڭ داستانىدىن ئۆزگەرتىپ

ئېلىنغان. "سىپىل ناخشىسى" "ئۇشاق" مۇقامىنىڭ داستان نەغمە-لىرىدىن ئۆزگەرتىلگەن. "گۈلەمخان" (1 - 2 - 3) ۋە "دەردى ھوسەيىن"، قاتارلىق ناخشىلار "ئۆز ھال" مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭ-لىرىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان.

"ئوما ناخشىسى" (1 - 2 - 3) ناخشىلىرى "ئەجەم" مۇ-قامىنىڭ مەشرىبىدىن ئېلىنغان.

باينىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىرى-بىرىدىن دودەن.
يامۇلدا تولا ياتتىم،
قانداق قىلىمىز مودەن.

دىگەن "چىن مودەن" (1 - 2) ناخشىلىرى "چەببىيات" مۇقامىنىڭ 2 - مەشرىپىدىن ئېلىنغان. مۇنداق مىساللار ئىنتا-يىن كوپ.

دىمەك، خەلق ناخشىلىرى ۋە داستانلىرى 12 مۇقامنىڭ سىېتىمىلىشىنى ئالغا سۈردى. "12 مۇقام" خەلق ناخشا، داس-تانلىرىنى قايتا گۈللەندۇردى.

"12 مۇقام" ئاممىۋىلاشقان، مىللى پۇرىغى كۇچلۇك ناخ-شا - مۇزىكا بايلىغى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق ناخشا - مۇزىكا تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئويىندى ۋە ئويىنماقتا.

"12 مۇقام" نىڭ خەلق ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىگىنى سوزلىگەندە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۇتۇش كې-رەككى، "12 مۇقام" نىڭ خەلق ناخشىلىرى ۋە داستانلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارقى-

لىشىدا خەلق ئىچىدىن چىققان ناخشىچىلارنىڭ، مۇقامچىلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى. بۇ خەلق سەنئەتكارلىرى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار خەلق ئىچىدە ھەم خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگۈچى ھەم خەلق ئىجادىيىتىنى تارقاتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇلار خەلق ئىچىدىكى پارچە - پارچە ناخشىلار، ئاھاڭلارنى يۇرۇشلەشتۈردى ۋە خەلق ئىچىدە داۋاملىق ئەمەلىيەت سىنىغىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى داۋاملىق ئۈستۈردى، راۋاجلاندۇردى. 12 مۇقامنىڭ شەكىللىنىشمۇ ئەنە شۇنداق جەرياندىن ئىبارەت.

"12 مۇقام" نىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا سان - ساناقسىز ئۇستا مۇقامچىلارنىڭ ئۆتكەنلىكى ئېنىق. "تارىخىي موسقىيون" قاتارلىق تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئۇستا مۇقامچىلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى. سازەندە ئامانىسا خانىمدۇر. ئامانىسا 1533 - يىلى يەركەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەت گۆكشىسىدا (ھازىرقى نامى) بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1567 - يىلى ۋاپات بولغان. ئامانىسا خان مەخمۇت ئىسىملىك بىر ئوتۇنچىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا ئۇستا مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن، خەلق ناخشىلىرىنى پۇختا ئىگەللىگەن، تەمبۇر چېلىشتا ماھىرلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. "تارىخىي موسقىيون" دا سۇلتان ئابدۇرىشىت خان (1563 — 1570 - يىللاردىكى يەركەن خانى) ئۇزىنىڭ لەشكەر، ئەمەرلىرىنى باشلاپ شىكارغا چىقىپ، مەخمۇت دىگەن ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بۇ ئۆيدە ياش مۇقامچى ئامانىسا خاندىن "پەنجىگاھ" مۇقامىنى ئاڭلىغانلىقى

ھېكايە قىلىنىدۇ. جۈملىدىن يەنە شۇ كىتاپتا ئامانىسا خانىنىڭ "ئىشرەت ئەڭگىز" ("خوشاللىق قوزغاش") ناملىق مۇقام ئاھاڭىنى ئىجات قىلغانلىقىنى يازىدۇ. گەرچە بۇ ئاھاڭنىڭ قايسى مۇقام ئاھاڭلىرى ئىكەنلىكىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ ئەمما مۇقام ئاھاڭلىرىغا كىرگەنلىكى ئېنىق. دېمەك، ئامانىسا خانىم 12 مۇقامنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە خەلق ئىچىدە تارقىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

1879 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھېلىم سېلىم، سېتىۋالدى دېگەن داڭلىق سەنئەتكارلار قەشقەر ئەتراپىدىكى پارچە ھالدا تارقالغان خەلق ناخشىلىرى، داستان، مەشرەپ ۋە نەغمىلەرنى يىغىپ 12 مۇقامغا قوشۇپ ۋە بەزى ئاھاڭلارنى ئىجات قىلىش بىلەن بىرلىكتە 12 مۇقامنى خوتەن، كىرىيە قاتارلىق جايلارغا تارقاتقان.

1883 - يىلى قەشقەرلىك مۇھەممەت موللا (لەقىمى گاۋروشاڭ) 12 مۇقامنى بىرىنچى قېتىم ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزغان. 12 مۇقامنى خەلق ناخشىلىرىنىڭ كوتىرەڭگۈ، تېتىك، جاراڭلىق ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. مۇھەممەت موللا غۇلجىدا 40 يىل سازەندىلىك قىلغان. ئىلىنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرىدىن ھەسەن تەمبۇر، نادىر غىجەكچى، روزى تەمبۇرلار ئەنە شۇ مۇھەممەت موللىنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى.

12 مۇقامنى خەلق ئىچىگە تارقىتىش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتا داڭلىق مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى زور ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز.

تۇردى ئاخۇن ئاكا 1881-يىل 5-ئايدا يېڭىسار ناھى-

يىسىدىكى بىر سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ 75 يىل ئۆمۈر سۈرۈپ، 1956 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە ۋاپات بولدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا كىچىكىدىن تارتىپ مۇزىكىنى ياخشى كورەتتى. ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ئىدى. تۇردى ئاخۇن 12 يېشىدىن باشلاپ مۇقام ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا جاپا ـ مۇشەقەتلىك تۇرمۇشقا چىداشلىق بېرىپ، ياخشى چېنىقىپ 20 ياشقا يەتكەندە 12 مۇقامنى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى. شۇندىن باشلاپ قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاـ تارلىق جايلاردا 50 يىل ناخشا ۋە سازەندىلىك بىلەن شۇغۇلـ لىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە قەدىرلەيـ دىغان سەنئەتچىگە ئايلاندى. تۇردى ئاخۇن ئاكا سەنئەت ئىشـ لىرىغا جىددى قارايتتى، تۈن ـ تۈنلەپ مەشق قىلاتتى. ھەرقايـ سى جايلارنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنەتتى. ناخشا ئوقۇـ غاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سازغا بېرىلەتتى. ئۇ مۇقام ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ يېڭى ھاـ ياتقا قەدەم قويدى. 51 ـ ۋە 54 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، 12 مۇقامنى رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇ چەكـ سىز قىزغىنلىق ۋە پىداكارانە ئەمگەك روھى بىلەن 12 مۇقامـ نى سىنىغا ئالدۇردى. تۇردى ئاخۇن ئاكا قىممەتلىك مۇزىكا مىراسى بولغان 12 مۇقامنى ساقلاپ قېلىشقا زور تۆھپە قوشتى. ھازىر خەلقىمىزنىڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقان 12 مۇقامى ئەنە شۇ تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ كەلگەن نۇسخىدىن ئىبارەت. تۇرـ دى ئاخۇن ئاكىنىڭ بۇ ئۆچمەس تۆھپىسىنى ئۇيغۇر خەلقى

مەڭگۈ ئۆزۈتمايدۇ.

12 مۇقامنىڭ سېستىمىلىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا كىلاس-سىك شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ تەسىرىنى، مۇقامنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشقا بولغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولماي-دۇ. 12 مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ رېتمى خەلق ناخشىلىرىغا قارى-غاندا مۇرەككەپ. جۈملىدىن ئۇ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا ئاددى ۋەزىنلىك خەلق ناخشىلىرى، پارچە-پارچە ناخشىلار 12 مۇقام-نىڭ مۇرەككەپ ئاھاڭ رېتمى تەلىۋىدىن چىقالمايدۇ. مەزمۇن-نىمۇ چوڭقۇر ئىچىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا مەلۇم تېمىدىكى، بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان غەزەللەر كېرەك. شائىرلارنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىنلىك، بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان غەزەل-لىرى مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ گۈرۈپپىلىشىشىغا، يۈرۈشلەشتۈرۈشكە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئالاھىدە خا-راكتېرلىككى، مۇقاملارغا تەسىر كۆرسەتكەن ئاھاڭغا سېلىنغان كىلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللىرى خەلق ئىچىگە چوڭقۇر سىڭ-گەن. خەلقنىڭ ئۇقۇش، ئاڭلاش سىنىغىدىن ئۆتكەن. خەلق مۇقامچىلىرى ئەنە شۇنداق غەزەللەردىن پايدىلانغان.

مەسىلەن:

بىر كورۇپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى،
ئىككى كورسەم دەپ تىلەيمەن كوزلىرى خۇمارىنى،
ئۈچ كورۇشكەندە سالۇرمەن ئاي يۈزىگە خالىنى،
توت كورۇشكەندە ئالۇرمەن خەنجىرى تەييارىنى.

”راك“ مۇقامنىڭ 1-مەشرىپىگە ئېلىنغان ناۋايىنىڭ

بۇ شېئىرى ئالىقاچان خەلق ئىچىگە سىڭىپ، خەلق مەشرەپلەردە سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىغا ئايلانغان. 12 مۇقام ئىچىگە ناۋا يىنىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئېلىنغان. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ناۋايىنىڭ نۇرغۇن غەزەللىرى قولىيازمىلار ۋە سازەندىلەر ئار قىلىق خەلق ئىچىگە تارالغان. خەلق سازەندىلىرى خەلق ئىچىدىكى بۇ غەزەللەرنى تاللاپ مۇقام ئاھاڭلىرىغا سالغان. "پەنجىگاھ" ۋە "مۇشاۋىرەك" مۇقاملىرىغا شائىر موللا بىلال (ھىجرىيە 1241 - تۇغۇلۇپ، 1318 - يىلى ئولگەن) نىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. سەۋەبى موللا بىلالنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە تارىلىپ، خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. خەلققە ئىنتايىن تونۇش. جۇملىدىن موللا بىلال شېئىرلىرىمۇ مۇقامغا كىرگۈزۈلگەن ئاھاڭلارنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرى ئەنە شۇنداق مىللىلىكى ۋە ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك بولغان كلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللىرىنى تاللىغان.

"12 مۇقام" خەلق ناخشىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا ئاممىۋى ئۇسلۇبقا، خەلق ھېسسىياتىغا يېقىنلاشقان، كلاسسىك شائىرلار غەزەللىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، تەدرىجى شەكىللىنىپ ۋە سېستىمىلىشىپ، خەلق مەشرەپلىرى، توي - توكۈن ۋە ھەر - خىل ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئىچىدە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، دەۋردىن دەۋرگە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

## (3) "12 مۇقام" نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

"12 مۇقام" ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. 12 مۇقام ئۇيغۇر ناخشا، ئۇسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» بىزنى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخي توغرىسىدا ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. "دىۋان" مىلادى 1072 — 1074-يىللىرى يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتاپتا 300 گە يېقىن قوشاق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ "دىۋان" يېزىلىشتىن خېلى كۆپ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان دەستۇرلاردۇر. "دىۋان" دا پارچە-پارچە قوشاقلار خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ لېكىن بۇلار ئاھاڭلىق ناخشىلاردىن ئىبارەت. بۇ ناخشىلارنىڭ بەزىلىرى باشلانغۇچ جامائە دەۋرىگە مەنسۇپ. بىز يوقارقى باپلاردا نەقىل كەلتۈرگەن "دىۋان" دىكى بەزى پارچىلار ئەينى دەۋردە دىگىدەك ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان خەلق ناخشىلىرى ئىدى. دىمەك، ئىشەنچلىك تارىخي ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ يازما خاتىرىسى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ناخشىلار بىلەن بىرقاتاردا قويۇش مۇمكىن. غەربىي خەن دەۋرىدە (خەن سۇلالىسى دەۋرىدە) ئۆتكەن جاڭ چەنىنىڭ غەرپكە قىلغان ساياھىتى

توغرىسىدىكى نۇرغۇن خاتىرىلەردە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ئەسۋاپلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. جاڭ چەننىڭ غەرپكە ساياھىتى مىلادىدىن بۇرۇن (122 - يىللىرى) باشلانغان بولۇپ، "جىن نامە — مۇزىكا شەجەرىسى" ناملىق كىتاپتا: "جاڭ چيەن شىنجاڭدىن ئەينى زاماندا، داپىنى ۋە بۇرغىنى ھەمدە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئىچكىرىگە تونۇشتۇرغان" دەپ يازىدۇ. ياپونىيە تارىخچىسى گاۋسىماڭ شونجى يازغان "جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى" دىگەن كىتاپتا: "جاڭ چيەن غەرپتىن قايتقاند-دىن كېيىن خۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) ئىككى مۇقامىنى ۋە ئۇ-نىڭ چېلىنىش ئۇسۇلىنى ئېلىپ كەلگەن. لى تيەننەن خۇ مۇ-قامىغا ئاساسەن 28 ئاھاڭ ئىشلىگەن، ۋېي، جىن دەۋرىگە 'كەلگەندە بۇ ئاھاڭلارنىڭ كۆپچىلىگى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن 'قورۇلغا كىرىش'، 'قورۇلدىن چىقىش' قاتارلىق 10 نەچچە ئاھاڭ ساقلىنىپ قالغان" دېيىلگەن. ("جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى" 125 - بەت. سودا نەشرىياتى نەشرى، لى تيەننەن — غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئۇستا مۇزىكانت ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئوردا ئەمەلدارى)

روشەنكى، جاڭ چەننىڭ ئىچكىرىگە تونۇشتۇرغان ئىككى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما يۇرۇش-لەشتۈرۈلگەن چوڭ مۇزىكا ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ مۇزىكانت لى تيەننەننىڭ 28 ئاھاڭ ئىشلىشىگە ما-تىرىيال بولغان. جۈملىدىن بۇ مۇزىكىلار خېلى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىل ئىچىدە خەلق ئىچىدە ساقلانغان.

"تارىخىي موسىقىيون"دا موللا ئەسمەتۇللا ئوغلى "تارىخىي رەشىدىيە" دىن (رەشىدىن پەيزۇللا تەرىپىدىن 1318 — 1242-يىللىرى يېزىلغان) نەقىل كەلتۈرۈپ، دولان ۋادىسىدا ئۆسكەن

خەزەر دىگەن كىشىنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن ئىپ-تىدائى قەدەمدە راۋاپ ۋە تەمبۇرنى ئىجات قىلىپ، بەركەنت ۋە خوتەن خەلقىغە ئۈگەتكەنلىگىنى، جۈملىدىن راۋاپ، تەمبۇرغا قوي ۋە ئەچكۈنىڭ ئۈچەي-پەيلىرىدىن تارا-زەي ئىشىپ سا-لىدىغانلىغىنى بايان قىلىدۇ.

دىمەك، بۇندىن 2000 يىلدىن كوپرەك تارىخىي جەر-ياندا "يىپەك يولى" نىڭ داۋاملىق كىڭىيىشى نەتىجىسىدە ئىدىقۇت مەدىنىيىتى، خوتەن مەدىنىيىتى، كۇچار مەدىنىيىتى، قەشقەر مەدىنىيىتى مەيدانغا كەلگەن. شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن بۇ جايلارنىڭ مەدىنىيىتى (ئەدە-بىيات-سەنئىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يىپەك يولى ئارقىلىق ئىلە-مىزنىڭ ئىچكى ئولكىلىرىگە، ھىندىستان، يۇنان، رىم، پارىس، ئەرەپ مەدىنىيەتلىرىگە تەسىر كورسەتكەن. "سۇي نامە — مۇزىكا تەزكىرىسى" دىگەن كىتاپتا: "كۇچار، قەشقەر ۋە ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكا ئوركىستىرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىچكى ئولكى-لەرگە بېرىپ ئويۇن قويغان" دەپ يازىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق خاتىرلەنگەن: "كۇچار سازەندىلىرى 20 كىشى بىر ئوركىستىر بولۇپ، ئۇلاردا تىك كوڭقۇ (قوڭغا) پىپا، نەي، داپ، ناغرا، بالىمان قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى بولغان، قەشقەر سازەندىلىرى 12 كىشى بىر ئوركىستىر بولۇپ، ئۇلاردا كۇڭقۇ، پىپا، نەي، دالا دۇمبىغى، ناغرا، داپ قاتارلىق 10 خىل چالغۇ بولغان. تۇرپان چالغۇچىلىرىدا تىك نەي، پىپا، داپ، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلار بولغان". دىمەك، سۇي دەۋرىدىلا ناخشا-ئۇسۇل، مۇزىكا سىستېمىلاشتۇرۇلغان، بەلگىلىك قائىدىگە سېلىنىپ، بەلگىلىك قەرەل بويىچە كىشىلەرگە سەنئەت

نومۇرلىرى كورسەتكەن.
سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە (577 - يىللىرى) كۇچارلىق سو-زۇپقا ئوخشاش ئۇستا مۇقامچىلار يېتىشىپ چىققان. سوزۇپ چاڭ-ئەنگە بارغاندا كۇچار خەلقىنىڭ 12 نەغمىسىنى ۋە ئۇنىڭ رىتىم قانۇ-نىيەتلىرىنى بىللە ئېلىپ بارغانلىقى نۇرغۇن تارىخىي ھوججەتلەرگە يېزىلغان. ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن "سۇي تاڭ نەغمىلىرى تەتقىقاتى" (گومۇرو تەرجىمە قىلغان) دىگەن كىتاپتا: "كۇچارلىق سوزۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۇي قانۇنى — جۇڭگو مۇ-زىكىچىلىغىدا مىسلىسىز يېڭىلىق پەيدا قىلدى" دەپ يازىدۇ. يالغۇز سوزۇپلا ئەمەس، بەيمىندا، پى شىغۇ (سۇي دەۋرىدىكى ماتىرىياللاردا ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى دەپ خاتىرىلەنگەن) قاتار-لىق سازەندىلەر مەيدانغا چىقىپ، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن خەلق ناخ-شا - مۇزىكىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تاراتقان.
تاڭ دەۋرى جۇڭگو مەدىنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان ئىدى. تاڭ شۇەنزۇڭ ۋاقتىدا مەخسۇس مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، 5000 دىن ئارتۇق مۇزىكانتلارنى يىغىپ خەنزۇ مۇزىكىلىرى رەتكە سېلىنىپ، سىس-تىمىلاشتۇرۇلدى. بۇ مۇزىكىلارنى "نۇرە"، "ئاسايىش"، "جىمجىت-لىق"، "ھاياجان"، "ياخشىلىق"، "ساغلاملىق"، "ئىنساپلىق"، "گۈزەللىك"، "موراسىم"، "مۇناجات"، "بەخت" دىگەن ناملار بىلەن ئاتىغان. بۇ بىر يۈرۈش 12 چوڭ ئاھاڭ كېيىن-كى خەن (950 — 951)، كېيىنكى جۇ (951 — 969) گىچە ساقلىنىپ ئوردا ئىچىدە ۋە خەلق ئىچىدە تارالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا (غەربىي رايوندا) قاراخاند-لار ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلدى، ئىسلام دىنى كىرىشكە باشلىدى. يە-

پەك يولىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. بۇنىڭ بىلەن خاقا-
نىيە دەۋرىدە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت تېخىمۇ گۈللىنىشكە
باشلىدى. فارابى، يۈسۈپ خاس هاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى قاتار-
لىق سەنئەت ئالىملىرى يېتىشىپ چىقتى.

فارابى (مىلادى 870-يىلى تۇغۇلۇپ، 950-يىلى
ۋاپات بولغان) دۇنياغا مەشھۇر بولغان پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت،
مېدىتسىنا ئالىمى ئىدى. گەرچە "تارىخىي موسىقىيۇن" دا "ئۇزھال"
مۇقامىنى فارابى ئىجات قىلغان دېگەن بۇ خۇلاسە ئەمەلىيەتتە
ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن فارابىنىڭ "رىسالە مۇئەننىيۇن" (مۇ-
زىكىچىلار قانۇنى) دېگەن كىتابىنى يازغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
دېمەك فارابى ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ۋە
ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغانلىقى ئېنىق. فارابى "رىسالە
مۇئەننىيون" دېگەن كىتاۋىدا "نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئاۋا-
زى ئىنسانىنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر،
ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر مىسرالىرى قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ سىرى نىمە
ئىكەنلىكى ئاڭلىنىدۇ". ئۇنىڭ "يۈز ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان
پەيزىنى مېنىڭ قانۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالالايسىز" دېگەن سۆزى
"تارىخىي موسىقىيون" دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن. فارابىنىڭ بۇ سۆزى
بىزگە شۇ چاغدا مەزمۇنلۇق ناخشا تېكىستلىرى بىلەن جانلىق
مۇزىكا ئاھاڭى بىرلەشكەن مۇقاملارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى،
خەلق ئاممىسىنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئىبادەتتىن ئەۋزەل كۆر-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك، تارىخى ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، 5-، 6-
ئەسىرلەردىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرى سىس-

تىملىششقا باشلاپ، 9 ـ ۋە 10 ـ ئەسىرگە بارغاندا بىرقەدەر تو ـ
لۇقلانغان.

12 مۇقام بىرلا ۋاقىتتا شەكىللەنگەن نەرسە ئەمەس، جۈم ـ
لىدىن 12 مۇقام ئىچىدىكى مۇقاملارمۇ بىرلا ۋاقىت ئىچىدە
12 مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەن ئەمەس. 12 مۇقام ئىچىدە
"ئەجەم" مۇقامىنى ئەڭ بۇرۇن ئىجات قىلىنغان ياكى سىستېمىلاش ـ
تۇرۇلغان دەپ قاراش مۇمكىن.

ئەجەم مۇقامى—ھەرخىل مەشرەپلەر ئىچىدىكى پارچە ناخشىلار
ۋە ئەلنەغمىلەر ئاساسىدا مەيدانغا چىققان. بۇ مۇقامنىڭ دەسلەپ ـ
كى ئىسمى "زەڭگۇلە" ، "ئەسلىق" مۇقامى دەپ ئاتالغان. "زەڭگۇلە"
دېيىلگەندىمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىش
ئۈچۈن قول ـ پۇتلىرىغا كىچىك قوڭغۇراق مارجان تاقاپ، ئويناي ـ
دىغان ئۇسۇللۇق ناخشا ـ مۇزىكىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. "ئەسلىق"
دىگەنمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەخسە ـ پىيالە ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ
پىقىراپ ئوينايدىغان ئۇسۇللۇق مۇقامى دىگەن بولىدۇ. ئەجەم
مۇقامى مانا مۇشۇ خىل ناخشا ـ ئاھاڭلارنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى
نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. "ناۋا" مۇقامىنىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ
ئېيتىلغان: "مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۆسەينۇ ئەجەم دەرلەر"....دى ـ
گەن شېئىرمۇ مۇقاملارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت باھا بولۇپ،
ئەجەم مۇقامىنىڭ باشقا مۇقاملارغا نىسبەتەن بۇرۇنراق پەيدا بول ـ
غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

"چەببىيات" مۇقامىنىڭمۇ تاڭ دەۋرىدىلا سىستېمىلاشقانلىقى
مەلۇم. 15 ـ ئەسىردە يەركەندە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئۇيغۇر شائىرى
ۋە مۇقامچىسى قىدىرخاننىڭ "دىۋان قىدىر" ناملىق ئەسىردە

ئىسلام دىنىغا كىرگىلى ئۇنىمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ "تىگىشىلە-گەن قان" نامىلىق شېئىرىنى "چەببىيات" مۇقامىغا سېلىپ ئوقۇ-غانلىقى خاتىرلەنگەن. "تىگىشىلگەن قان" نامىلىق شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

قىلىچ نەيزە ئۇرۇلماقتا تۇمەنىمىڭ كەمبەغەل جانغا،
توكۇلگەن لەختە قانلارنى تىگىشتى بىر مۇسۇلمانغا.
جاھاننى قەتلى ئەتمەككە سېتىپ قۇللارنى سۇلتانغا،
دىيارىمنى خاراپ قىلدى، چېچىپ دىۋارنى ھەريانغا.
تاجاۋۇز قەتلى ئاملاردىن كومۇلسەكمۇ باياۋانغا،
ئىگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەپلەردەك "شەھدانغا".

دېمەك ئەجەم، چەببىيات مۇقامى قاتارلىق مۇقاملارنىڭ شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرمەستىن بۇرۇنلا ئىجات قىلىنىپ مەيدانغا چىققانلىقى مەلۇم.

16 - ئەسىردە، يەنى سەئىدىيە دەۋرىدە، يەركەن خانلىقى-نىڭ خاقانى ئابدىرشىتخان زامانىسىدا 12 مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بولگۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى. ئابدىرى-شىتخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئامانىيسا مەشھۇر شائىر ۋە ئاتاقلىق مۇزىكا ئۇستىسى قىدىرخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خەلق ئىچىدىكى مۇقامچىلارنى تەشكىللەپ، 12 مۇقامنىڭ مۇزىكا ۋە تېكىستلىرىنى رەتكە سېلىش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بارغان. شۇندىن باشلاپ 12 مۇقام سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. قىدىرخان شۇ زاماننىڭ داڭلىق مۇقامچىسى ئىدى. "تارىخى

مۇسقىيۇن"نىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا ئىراق، ئىران، خارەزىم، سەمەرقان، ئىستامبول، كەشمىر، ئەنجان، بەلختىن، ھىندىستان، شىراز قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن سازەندىلەر كېلىپ قىدىرخاندىن مۇقام ئۆگەنگەن. قىدىرخاننىڭ "دىۋان قىدىر" ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا مۇقام توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار بار. بۇ شېئىرلار بىزنىڭ مۇقامغا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ 12 مۇقامنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا بىزنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

كەمبەغەل كىيسە كۆلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۇلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.

بۇ قىدىرخاننىڭ مۇقامغا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا مۇقامغا باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھىچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ساداسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

قىدىرخان يەنە بۇ شېئىردا 12 مۇقامنىڭ 12 مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ھەشتا رىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىزنىڭ گۈلىستانىدا،
قوزغۇن ئولۇپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە - مەشرەپ داستانىدا.
12 چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىمگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس، يوقسۇللارنىڭ بوستانىدا.

توردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان 12 مۇقام گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە بېيىغان، يۈكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئابدىرىشتخان دەۋرىدە، (ئابدىرىشتخان مىلادى 1569 - يىلى ۋاپات بولغان) ئامانىنساخان، قىدىرخان قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ رەتلىگەن 12 مۇقامنى ئاساس قىلغان. دېمەك، مۇقامنىڭ رەتلىنىپ، سىستېمىلىشىپ خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئېيتىلىپ يۈرگىنىگە 500 يىلدىن ئارتتى. مۇقام دىگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى 5 - ياكى 6 - ئەسىردىن ھىساپلىغاندا، مۇقامنىڭ راۋاجلىنىش، مۇكەممەل سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى ئىككى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

## (4) "12 مۇقام"نىڭ ئىجتىمائى رولى

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۇزۇن يىللىق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، ھەر خىل ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ رىتىملىرىدىن، ھاياتنىڭ دات - پەرياتلىرىدىن، زالىم ئەزگۈچىلەرگە بىلدۈرۈلگەن غەزەپ نەپرەتلىرىنىڭ دولقۇنلىرىدىن، تەبىئى ئاپەت ۋە چۆل - جەزىرىلەردىكى شىۋىرغان ئاۋازلىرىدىن، ناھەق تۆكۈلگەن قان، ئاققان تەر، يەنچىلگەن ئۇستىخانلارنىڭ ئېچىنىشلىق مۇڭ - زا -

رىدىن، ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ غەلىبە خۇشاللىقىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، خىلمۇ ـ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە 12 مۇقام ناخشا ئاھاڭلىرىنى ئىجات قىلدى. 12 مۇقام خەلق ئاممىسىنىڭ قايغۇسىنىڭ، غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ ناخشا ـ ئۇسۇل، مۇزىكا ئىچىدىكى ئىنكاسى سۈپىتىدە، ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر قورالى بولۇپ كەلدى.

قىدىرخاننىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا سىلىپ ئېيتىلغان مۇنۇ شېئىرى 12 مۇقامنىڭ تىخ ئۇچى بىۋاستە ھالدا جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، مەسىلەن:

پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چىچىپ ھەر دەم ھالاۋەتنى،
گادايى ئىزدەپمۇ جەننەتتىن تاپالماس ئۇ ساخاۋەتنى،
ئاتا قىلسا مۇنارىنى ياساپ كەۋسەرى ھەل تاشتىن،
قىدىر ئولمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۇمران جاھالەتنى.

ئامانىساخاننىڭ "پەنجىگاھ" مۇقامىغا سىلىپ ئوقۇغان شېئىرلىرىمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن تولغان، ئامانىساخان شېئىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى مۇنداق:

يارەپ بۇ بەندە قىلدى ئەجەپ سۇئى زەن① ماڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۈندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.

① زۇلۇم، مەجبۇر مەنىسىدە.

خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئىپتىلىدىغان مۇقاملاردا خەلق ئاممىسىنىڭ پاجىەلىك ئوتمۇشى تېخىمۇ جانلىق سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن: "پەنجىگاھ" مۇقامىنىڭ "سەنەم" قىسمىغا سېلىنغان:

ئورگۇلگۇنچە ـ چورگۇلگۇنچە يىللار ئورۇلدى،
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار قانغا ئورۇلدى.

12 مۇقام ناخشا ـ ئاھاڭلىرىدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ جاراڭلاپ تۇرىدۇ. 12 مۇقام تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى.

خېلى ئۇزۇن تارىختىن بېرى چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئوزىنىڭ ئىبلىس قولىنى، شىنجاڭغا سوزۇپ كەلدى. 1881 ـ يىلدىن 1888 ـ يىلغىچە ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋەھشىلىك بىلەن قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئىلى خەلقىنى كوچـۈرۈپ كەتمەكچى بولدى. ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قىرىپ ـ چېپىشىدىن قورقماستىن "ئوز هال" مۇقامىنىڭ بەزى ئاهاڭلىرىنى "كوچ ـ كوچ" ناخشىغا سېلىپ ئوقۇپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىغىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، خەلق ئاممىسى نۇرغۇن شېئىر، قوشاقلارنى تۈزۈپ "ئوشاق"، "ئوزهال" مۇقاملىرىغا سېلىپ ئېيتىپ، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى:

شەرقتىن بىر سادا كەلدى،
شۇئۇرغان جۇت هاۋا كەلدى.

تۈتەك باسقان ئاراللاردىن،
سىرىق شەيتان ۋابا كەلدى.
چىچىپ يەنئەن ئادالەتنى،
پاچاقلاپ شۇم ئاسارەتنى،
ۋەتەنپەرۋەر بولۇش بىزگە،
بىرەر يۈكسەك سائادەتنى.

12 مۇقامنىڭ يېڭى باھارى—ئازاتلىقتىن كېيىنلا باشلاندى. 12 مۇقام سىمغا ئېلىنىپ، مەخسۇس كىتاپچە بولۇپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئىجتىمائى رولى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كەڭ جارى قىلىنماقتا.

12 مۇقامنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك كەڭ ۋە قويۇق بولغان ئەمەس. 12 مۇقام بىۋاستە ھالدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. 12 مۇقام ئاساسىدا يېڭى-يېڭى ئەسەرلەر ھەيدانغا چىقماقتا. "راك مۇقامى" مەشرىپىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن "راك ئانسامبىلى"، "ئۇشاق مۇقامى" ئاساسىدا ئىشلەنگەن "خەلق گۈكشىسى ياخشى" قاتارلىق ئەسەرلەر 12 مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى دەسلەپكى نەتىجىلەردىن ئىبارەت. لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گورۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 12 مۇقامنىڭ 2-باھارى باشلاندى. 12 مۇقام خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاستە يۈز كورۇشتى. 12 مۇقامنىڭ ئىجتىمائى رولى ئەمدى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىنغۇسى.

# توتىنچى باپ

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

خەلق داستانلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىرەر چوڭ ۋەقەدىكى تىپىك قەھرىمانىنى تەسۋىرلەيدىغان كۆللىكتىپ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسەردۇر. خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژىت ۋە جانلىق شېئىرى ئۇسلۇب ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىدە دائىر كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

باي ۋە خىلمۇ ـ خىل بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە ناخشا ـ قوشاق، لەتىپە، چۆچەكلەردىن قالسا داستانچىلىق بىرقەدەر ئومۇملاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگراپىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەدداھلار ئەدەبىياتىمۇ داستان ئېيتىشنى ئاساس قىلىدۇ.

”مەدداھ“ سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ”مەدھىيىلىگۈچى“

دىگەن بولۇپ، ئىستىمال مەنىسىدە، ھىكايە ئېيتقۇچىلار ۋە داستانچىلار مەدداھلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەدداھلار ئەدىبىياتى ھەم ھىكايە سوزلەشنى، ھەم ناخشا ئېيتىشنى، ھەم مۇزىكىنى، ھەم جانلىق ھەركەتنى ئوزئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك بىر خىل سەنئەت شەكلى بولغاچقا، خەلقىمىز ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان را-يونلاردا بىرقەدەر ئومۇملاشقان.

مەدداھلىق ئەدىبىياتى "پەرھات-شىرىن"، "لەيلى-مەجنۇن" "تاھىر-زوھرا"، "غېرىپ-سەنەم"، "يۇسۇپ-ئەخمەت" "قەمەر شاھ"، "ھورلىقا-ھەمراجان" "سەنوبەر"، "چىن تومۇر باتۇر"، "نوزۇگۇم"، "سېيىت نوچى"... قاتارلىق خەلق داستان-لىرىنى ئۇزاق تارىختىن بېرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇ-رۇپ بۇگۇنكى دەۋرىمىزگىچە يەتكۇزۇپ بېرىشتە رول ئوينىيالا قالماي، ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدىبىياتىنى خەلق ئىچىگە تارقىتىشتىمۇ كوۋرۇكلۇك رول ئوينىدى.

مەدداھلار ھەركەت جەھەتتىن ئىنتايىن چاققان ۋە چە-ۋەر بولۇپ، ئوزىگە خاس سەنئەت شەكلى ئارقىلىق بىر سو-رۇندا يۈزلىگەن-مىڭلىغان كىشىلەرنى سائەتلەپ ئوزىگە جەلپ قىلىپ، ھىكايە قىلىۋاتقان داستان ئىچىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى كىشىلەر ئالدىدا ئوچۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەي-دۇ. شۇڭا مەدداھلىق ئەدىبىياتىنى مەلۇم نۇقتىدا ئۇيغۇر دى-راما سەنئىتىنىڭ ئاددى، ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ھەركەتچان بولغان دەسلەپكى شەكلى ياكى بىخى دەپ مۇقەررەرلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئېتىنىك تارىخى ئۇستىدە

توختالغاندا، يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ يىلنامىسىنى ئېنىق بەلگىلەش قىيىنراق. چۈنكى خەلق داستانلىرى يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، ئۆزى پەيدا بولغان ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈش جەريانىدا داۋاملىق ئۆزگىرىپ ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىدۇ. ئېتنوگراپىيە ۋە تىلشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىدىن ئىنچىكىلەپ مۇھاكىمە قىلغاندا، خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولغان تارىخىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ دەۋرگە بولۇش مۇمكىن:

1) ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى. (مىلادى 5 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى كورسىتىدۇ). يەنى 7 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا "ئون ئۇيغۇر"، "توققۇز ئوغۇز" قەبىلىلىرى ۋە تىيانشان بويلىرىدىكى "ئوغۇز" قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك داستانلار بولۇپ، بۇلاردىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى "ئوغۇزنامە"، "دىدى قورقۇت"، "ئالىپ ئەرتوڭا"، "ئەرگىنە قۇن" داستانلىرىدۇر.

"ئوغۇزنامە" داستانى مەشھۇر ئوغۇز خاقان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىلغان ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى ھىساپلىنىدۇ. بۇ داستاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمقى خاتىرلەنگەن قوليازمىسى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپاندا كوچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئوغۇز ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ باشلىنىش دەۋرى توغ-

رىسىدا، دۇنيادىكى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بىردەك ئەمەس. لېكىن بىرقەدەر ئىشەنچلىك تارىخى پاكىتلارغا ئاساسەن بەزى تۈركولوگلار ئوغۇز رىۋايەتلىرىنىڭ مىلادىدىن 1400 - يىل بۇرۇن پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

"دېدى قورقۇت" (قورقۇت ئاتا)مۇ "ئوغۇزنامە"گە ئوخشاشلا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمى داستانىدۇر. پۈتۈن ئوغۇزنامە-لەردە دېدى قورقۇتنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ، "ئوغۇزنامە"دىن بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. دېدى قورقۇت ھەققىدىكى تۈركى ئەپسانىلىرىدا قورقۇت ئاتى-نى ھەم شائىر، ھەم ھېكىم (تېۋىپ)، ھەم شامان پىرى... دەپ تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە ئۇچ ئەسىر (295 ياش) ياشىغان دەپ قارايدۇ. "دېدى قور قۇت" رىۋايىتى جۇغراپىيە جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى رۇم ئېلىگە قەدەر (تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى) بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭ تارقالغان.

1945 - يىلى ئىستانبولدا بېسىلغان «تۈرك گىراماتىكىسى» (Turk dil bilgisi) ناملىق كىتابتا، دېدى قورقۇت رىۋا-يەتلىرىدىن قالغان يادىكارلىقلار ئىچىدە قەدىمقى ئۇيغۇرچە سۆزلەرخىلى كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنى قوۋۇزغا تەڭ-كەش قىلىپ ئېيتىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ بىزگە داستانچىلىق سەنئىتىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ داستان-نىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا يوق.

"ئالىپ ئەرتوڭا" توغرىسىدىكى قىسسىدە ئاساسەن تارىخى شەخس ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ھايات پائالىيىتى، ۋاپاتى تەسۋىر-لىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ۋە تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئۈلگىلىرىدىن قارىغاندا، قەدىمقى دەۋرلەردە ئالىپ ئەرتۇڭا شەنىگە يارىتىلغان مۇكەممەل بىر داستاننىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. تۈركىي تىللارنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن تاللانغان كۆپلىگەن مەرسىيە نامىلەر ۋە قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدىكى ئورگانىك باغلىنىش بۇ پەرەزگە ئاساس بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ تولۇق داستان شەكلىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

بۇ يەردە ئېيتىلغان "ئالىپ ئەرتۇڭا" ئىرانلىقلار تەرىپىدىن "ئەفراسىياپ" دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ، "ئالىپ ئەرتۇڭا" دېگەن نام خەلقلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋاندۇر. ئوبۇل قاسىم پىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامە» دە ئەفراسىياپ "تۇران" مەملىكىتىنىڭ خاقانى دېيىلىدۇ. (مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن موڭغۇلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ زېمىننى قەدىمقى ئىرانلىقلار "تۇران" دەپ ئاتىغان) "ئالىپ ئەرتۇڭا"غا بېغىشلانغان قىسسە مانا شۇ «شاھنامە»دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولغان ساسانىيان (ئىراننىڭ 4 - سۇلالىسى) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.("ساسانىلار مىلادى 226 دىن 651 - يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن" ش. سامى: "قامۇسۇلئەلەم"، 4 - جىلد، 2481 - بەت) بۇ مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئالىپ ئەرتۇڭا توغرىسىدىكى داستاننىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى مىلادى II - VI - ئەسىرلەرگە توغرا كەلسە كېرەك. بەزىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى مىلادى

732 - يىلى بەشبالىق (هازىرقى جىمسار) دىكى بىر جەڭدە ئۆلگەن ئۇيغۇر خاقانى توڭا تىكىننى "ئالىپ ئەرتوڭا" دەپ پەرەز قىلىدۇ، بۇ ھەقتە هازىرچە بىر نەمە دىيىش تەسرەك، شۇنىسى ئېنىقكى: يۇقۇرقى مەنبەلەرگە قارىغاندا، قەدىمقى زاماندا شۇنداق بىر شەخسنىڭ ئوتكەنلىگى ياكى ئۇنىڭ شۇن-داق بىر ئەپسانىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلگەنلىگى ئېنىق.

"ئەرگىنە قۇن" — ئوتوكىن تاغ جىلغىلىرى (تاشقى موڭ-غۇل چېگرىسىدا)نىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ جاي-لاردا ياشىغۇچى "ئون ئۇيغۇر" قەبىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىپادىلەنگەن. يەنى شۇ دەۋر-لەردە ياشىغان ئەجداتلىرىمىز ئوتوكىن تاغ جىلغىلىرىدىن (ئەرگىنە قۇندىن) رۇدا قېزىپ ھەر خىل قوراللارنى ياسىغانلىغى داستان شەكلىدە بايان قىلىنغان. "ئەرگىنە قۇن" داستانىدا (ئەرگىنە قۇن مەسەللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يەنە تۇرپان، ئاس-تانە تىلىغا ئېلىنغان. مۇشۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخىئو-گىك تەكشۈرۈشنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەرگىنە قۇندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئەسلىدە تۇرپان، ئاستانىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلى-رىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىگى مەلۇم بولماقتا.

يۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇ داستانلار ئو-مۇمەن ئىرادىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائى تۇر-مۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئېتىقادى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى... رىۋايەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىپتىدائى جەمىيەتتىن قۇللۇق جەمىيىتىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى

چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئاشۇ دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن ئۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرى ئاغزاكى ھالدا بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرى ئەدەبىي يادىكارلىق سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردە يەنە مۇشۇ دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس سۈپىتىدە "چاشتانى ئىلىگ بەگ" داستانىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ھازىرقى ئارخېئولوگىيە، ئىلىمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ داستان ئەسلىدە، سانسكرىت تىلىدىكى (قەدىمقى ھىندى تىلى) بۇددا دىنىغا ئائىت بىر رىۋايەت بولۇپ، قەدىمقى كۇچار تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىقى دەۋرىدە (مىلادى 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە) بۇ داستاننىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم گېرمانىيىنىڭ ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش دۆيى (1913 ـ 1914 ـ يىللىرى) تۇرپاندىن تاپقان. بۇ نۇسخا ھازىرغىچە بېرلىندا ساقلانماقتا. (ئاخىرى تولۇق ئەمەس).

باتۇرلۇق توغرىسىدىكى بۇ مەشھۇر قىسسە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بۇددا دىنىدىكى ھەر خىل ئىسىم، ئاتالغۇلاردىن تارتىپ رىۋايەتتىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەسۋىرلىرىگىچە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

رىۋايەتنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمقى دەۋرلەردە كۇچار ۋە تۇرپان رايونلىرىدا بۇددىزىم مەدەنىيىتى ـ

نىڭ تەسىرى ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن 1500 يىلغا يېتىدۇ. (ئىسلام دىنى بۇ جايلاردا پەقەت 14 ـ 15 ـ ئەسىردىلا ئومۇملاشقان ئىدى) شۇنداق بولغاچقا "چاشتانى ئىلىگ بەگ" داستانىنى قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇق داستانلىرىدىن بىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئۇقۇرقى قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى داستانلاردىن قالسا، "پەرھات ـ شېرىن" داستانىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىمۇ نىسبەتەن ئۇزۇندراق. "پەرھات ـ شېرىن" ھەققىدىكى قىسسە ئەسلىدە تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، داستاندا تىلغا ئېلىنغان خىسراۋ ساسانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئىران شاھلىرىنىڭ بىرسى، يەنى VII ـ ئەسىردە ياشىغان نوشىرۋاننىڭ نەۋرىسى. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجاتچىسى مۇھەممەت پەيغەمبەر، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە خەت يازغانلىقى، ئۇنىڭ ئاشۇ VII ـ ئەسىردە ئۆتكەنلىكىنى جەزمەنلەشتۈرىدۇ. داستاننىڭ باش قەھرىمانى پەرھات خاقان چىن (چىن ـ ماچىننىڭ① خاقانى) نىڭ شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ زالىم خىسراۋ بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. بۇ جەڭ ماھىيەتتە ئىران بىلەن توران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشنىڭ بەدىي ئىنكاسى ھېساپلىنىدۇ. دېمەك، بۇ تارىخىي پاكىتلار "پەرھات ـ شېرىن" قىسسىسىنىڭ ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

كېيىنچە غەرپ بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا زور رول ئوينىغان مەشھۇر "يىپەك يولى" ئارقىلىق بۇ داستان شۇ جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىغا

① چىن ماچىن—خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنىڭ قەدىمقى نامى.

تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. بارا-بارا تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي تۈس ئېلىپ، شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك مەدەنىي ھاياتىغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن.

ئۇزۇن تارىختىن بېرى "پەرھات-شىرىن" قىسسىسى ئۇ-زىنىڭ مەزمۇندارلىغى ۋە بەدىئىي گۈزەللىگى بىلەن كۆپلىگەن ئەدىپلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىدى. شۇ سەۋەپتىن نۇر-غۇن كىلاسسىك يازغۇچىلار خەلق ئېغىزىدىكى بۇ قىسسىنى يازما داستانغا ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ بېيىتتى ۋە تولۇقلىدى. مەسىلەن: 1-قېتىم X ئەسىردە ئىرانلىق پىردەۋسى "پەرھات-شىرىن" نامىدا داستان يېزىپ قالدۇردى. بىراق ئۇ مىللى مەنپەئەت نۇقتىسىدىن پەرھات ھەققىدە گەپ قىلمىدى. پىردەۋ-سىدىن كېيىن بۇ داستاننى XII ئەسىردە نىزامى گەنجىۋى يازدى. ئۇنىڭ يازغىنىدا گەرچە پەرھات ئوبرازى قىستۇرۇلغان بولسىمۇ لېكىن ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنمىدى. XIV-ئەسىردە ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى پارس تىلىدا داستان شەكلىدە يازدى. پەقەت XV ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلۇغ مۇتەپەك-كۇر ئەلىشىر ناۋايى تەرىپىدىن "پەرھات-شىرىن" داستانى ئەڭ مۇكەممەل ھالدا يېزىپ قالدۇرۇلدى. ئۇندىن كېيىن XVIII-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئابدىرېھىم نى-زارىمۇ "پەرھات-شىرىن" داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يازدى. 20-ئەسىرگە يېتىپ كەلگەندە، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى نىم شېھىت ئارمىيە داموللام بۇ ساھەدە ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، "پەر-ھات-شىرىن" داستانىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يېزىپ خەلققە تەقدىم قىلدى (1947-يىل).

بۇ مىساللار "پەرھات-شىرىن" داستانىنىڭ ئۇزاق ئەسىر-

لەردىن بىرى كوپلىگەن ئەدىپلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغان مۇھىم تېما ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كورسىتىدۇ.

2) ئوتتۇرا ئەسىردە ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى. بۇنىڭغا "لەيلى-مەجنۇن"، "يۇسۇپ زىلەيخا" "غېرىپ-سەنەم"، "تاھىر-زوھرە"، "يۇسۇپ-ئەخمەت"، "قەمەر شاھ"، "ھورلىقا-ھەمراجان" «سەنوبەر»... قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدىغان پاكىتلار شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: بۇ داستانلارغا ئىسلام ئەقىدىلىرى خېلى كۈچلۈك سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا فېوداللىق، دىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئىنسانلار بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرى پاش قىلىنىپ، ئەركىنلىك تەرغىپ قىلىنىدۇ. تېماتىك مەزمۇندىن قارىغاندا، بۇ داستانلارنىڭ پەيدا بولۇشى فېوداللىزىمنىڭ تازا كۈچەيگەن دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق داستانى بولغان "غېرىپ-سەنەم"نىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا شاھى ئاباسخاننى قاراخانىلار ھاكىمىيىتىگە تەئەللۇق بولغان بىر پادىشا دەپ كورسىتىلىدۇ، شۇنداقلا داستاندا تىلغا ئېلىنغان جۇنەيدىن باغدات 10-ئەسىردە ئوتكەن رىيال تارىخى شەخستىن ئىبارەت. بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، "غېرىپ-سەنەم" داستانى 10-ئەسىردىن بۇرۇن پەيدا بولغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن.

مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان "لەيلى-مەجنۇن"، "يۇسۇپ-ئەخمەت"، "تاھىر-زوھرا" قاتارلىق داستانلارنىڭ پەيدا بولغان ئورنى ۋە ۋاقتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3) يېقىنقى زامان تارىخىدا پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى. بۇ دەۋردە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ قاتمۇ-قات زۇلمىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى باتۇرلۇق قىسسىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا 18-ئەسىرنىڭ بېشىدىن 20-ئەسىرنىڭ بېشىغىچە تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن خەلق قەھرىمانلىرى ئۆتتى، ئۇلار توغرىسىدا خەلقىمىز كۆپلىگەن قىسسىلەرنى ئىجات قىلىپ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ناخشا-كۈيلىرىدە ئېيتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، "سادىر پالۋان①قىسسىسى"، "نۇزۇگۇم داستانى"، (1826-يىللار ئوپچورىسىدە پەيدا بولغان) "گۆلەمخان قىسسىسى" (1820 — 1825-يىللار ئوپچورىسىدە پەيدا بولغان)، "چىمەن مۇدەن قىسسىسى"، (1830-يىللار ئوپچورىسىدە) "سېيىت نوچى داستانى" (قەشقەردە ئۆتكەن فاشىست ھەربى ئەمەلدار ماتىتەي دەۋرىدە، يەنى 1911-يىلدىن 1914-يىللار ئىچىدە پەيدا بولغان)... قاتارلىق داستان ۋە قىسسەلەردە رىيال تارىخىي قەھرىمانلار تەسۋىرلەنگەچكە، ئۇنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى كىتاپخانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان داستانلارنىڭ پەيدا بولغان تارىخى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن مەقسەت، خەلق داستانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئىجتىمائى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ياردەم بېرىش بىلەن بىرلىكتە، خەلقىمىز ئارىسىدا كوملۇپ ياتقان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ئۈلگىلى-

---

① 1798-يىلدىن 1871-يىلغىچە ئىلىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مىللى قەھرىمانى.

رىنى قېزىپ چىقىرىش ۋە رەتلەشنىڭ زورۇرىيىتىنى تونۇشتىن
ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى.

1 - مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق. ئۇيغۇر خەلق داستانلى-
رىنىڭ كۆپچىلىگىدە بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان
خەلق داستانلىرىدا مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق تېمىسى ئاساسلىق
ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائى سەۋەبى بار؛ ئۇي-
غۇر ئەمگەكچى خەلقى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا فېو-
داليزمىنىڭ قاتتىق - قات زۇلمى ۋە ئاسارىتى ئىچىدە ناھايىتى
ئۇزۇن يىل ھايات كەچۈردى. فېودال ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ
ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋە مۇس-
تەھكەملەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن خىلمۇ - خىل فېوداللىق
دىنى قائىدە - تۈزۈملەر ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ئەم-
گەكچىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىپ كەل-
دى. شۇڭا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى
بولغان ئەركىن مۇھەببەتنى تەلەپ قىلىش ئەمگەكچى خەلقنىڭ
فېوداليزمغا قارشى ئاساسىي كۈرەش شوئارى بولدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەركىن مۇھەب-
بەت ئىستىكى فېودال ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن ئەمگەكچىلەر
ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك سىنىپىي قارشىلىقنى، ئادالەت
بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ۋاستىلىك ھالدا
ئىپادىلەپ، خەلقىمىزنى فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىسيانكارلىق
روھىدا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەسىلەن، «غېرىپ - سەنەم» «پەرھات - شېرىن»، «لەيلى -
مەجنۇن“، ”تاھىر - زۆھرە“، ”يۇسۇپ - زىلەيخا“ قاتارلىق داس-

تانلارنى ئالساق، ھەممىسىدە ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلىنىدۇ.

«غېرىپ ـ سەنەم» داستانى ئۇيغۇر خەلق فولكلورلىرىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىسى ھىساپلىنىدۇ. مۇھەببەت ئەلەملىرىدە كۆيگەن، جۇدالىق ئوتلىرىدا يانغان بۇ ۋاپادار ئاشىقلارنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئادەم ئېھتىمال بىزدە تېپىلماس. بىز خەلقىمىز ئىچىدە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىككە ۋە ئازادلىققا بولغان ئارزۇسىنى، سەممىمىي كىشىلىك مۇھەببەت ئىستىگىنى كۆرەلەيمىز. سىياسى، ئەخلاقى جەھەتلەردىن چىرىكلەشكەن، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن فېودالىزىم جەمئىيىتىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى چوڭقۇر ھىس قىلالايمىز.

خۇددى «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، چىرىك فېودالىزىم شارائىتىدا سەممىمىي، ئەركىن مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ھەقىقىي مۇھەببەت قاتتىق گۇنا ھىساپلىنىپ، ھامان جازاغا ھۆكۈم قىلىناتتى. فېودالىزىم جەمئىيىتىنىڭ بۇ تۇپ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆچلۈك نارازى بولغان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ غېرىپ ۋە سەنەملىرى ئارقىلىق فېودالىزىم جەمئىيىتىنى شىددەت بىلەن پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. خەلق داستانى «غېرىپ ـ سەنەم» نىڭ «پەرھات ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «تاھىر ـ زۆھرا»، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىدىن ئالاھىدىلىگى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ

ئارزۇ-ئۈمىدى ۋە غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن قەھ-رىمان ئوبراز بولغان غېرىپ ۋە سەنەم ئۆز رەقىپلىرىدىن ئىن-تىقام ئېلىپ، فېئودالىزىمنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ۋىسالىغا يېتىدۇ. بۇ غايىۋى غەلىبە ئارقىلىق خەلقىمىز فېئودالىزىم جەمئىيىتىنى مەنىۋى ئۆلۈمگە ھو-كۇم قىلىدۇ. غېرىپ-سەنەم، داستانىدا ئىپادىلەنگەن مانا بۇ ئوپتىمىزىملىق روھ ئۇنى ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان. بۇ داستاندىكى ئوبرازلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، ئەخلاقى-پەزىلەتلىرىنى ۋە كىشىلىك كۆزقارىشىنى كۆزەتسەك بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

غېرىپ فېئودالىزىمنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا، دىنىي تەرى-قەتلىرىگە ۋە خۇراپاتلىقىغا قارشى، ئەركىنلىك ۋە شەخسىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ئۇلۇغ ئىنسانكارلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. غېرىپنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكنىڭ ئەسلى ئامىل-لى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا يېتىم غېرىپ ھەر-قانچە ئىدرەكلىك ۋە پاراسەتلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇقۇرى تە-بىقىگە مەنسۇپ بولغان شاھ قىزىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىغا فېئودالىزىم تۈزۈمى يول قويمايدۇ، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ چىرىك ئەخلاقى رامكىلىرىغا غېرىپنىڭ ئىنسانى پەزىلەتلىرى سىغمايدۇ. مانا بۇ داستاندا ئىپادىلەنگەن سىنىپىي زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى.

داستاندا غېرىپقا ياندىشقۇچى قەھرىمانلارنىڭ بىرى سەنەم ئوبرازىدىن ئىبارەت. سەنەممۇ خۇددى غېرىپتەك ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، فېئودالىزىمنىڭ مەنىۋى ئىسكەنجىسىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان، ئۆز سۆي-گۈسىگە ۋاپادار قىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غېرىپنىڭ

مېھنەتكەشلەرگە خاس مەنىۋى پەزىلەتلەردىن بىرىنچى قېتىم بەھ-
رى ئالغان ئەنە شۇ سەنەم بولدى. غېرىپنىڭ ئالىجاناپ قاراش-
لىرىغا باھا بېرىشتە سەنەمنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى ۋەكىللىك
قىلغان شۇ چاغدىكى فېئوداللىزم جەمئىيىتى بىر تەرەپتە تۇرغان
بولسا، يالغۇز سەنەمنىڭ ئۆزى بىر تەرەپتە تۇردى. فېئودال ئاق-
سۆڭەكلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن ۋە خورلانغان دانىشمەن
غېرىپنى قولى قان بىلەن بويالغان فېئوداللىزمنىڭ جاھىل ھىما-
يىچىسى ئابدۇللا شاتىردىن مىڭ ھەسسىلەپ يۇقۇرى قويغان
ۋاپادار كىشى يەنە شۇ سەنەم ئىدى.

غېرىپ بىلەن سەنەمنى بىر بىرىگە باغلىغان مەنىۋى
رىشتە يالغۇز مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى سەۋىيە، پىكىر
ۋە مەسلەت بىرلىكىدۇر. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ مۇھەب-
بەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى ئوخشاش، شۇڭلاش-
قا ئۇلار ئۆز مۇھەببىتىگە بىردەك ۋاپادار. سەممىي-سۆيگۈ مۇ-
ھەببەت يولىدا غېرىپ ئۆز دەۋرىدىن قانچە دەرت-ئەلەم چې-
كىپ، قانچە غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولسا، سەنەممۇ فېئوداللىزمنىڭ تۇمۇر
قەپىزى ئىچىدە شۇنچە دەرت-ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ جاپا
چەكتى، ھىجران ئوتلىرى غېرىپنى كويدۇرگەن بولسا، سەنەمنى
كۇل قىلدى. ۋىسال تەشنالىقى غېرىپنىڭ كوڭۇل گۇلشىنىنى
ئازاپلىسا، سەنەمنى بىھۇش قىلدى. فېئوداللىزمنىڭ ئادالەتسىز
سودى غېرىپنى يىراق چوللەرگە مەجبۇرى سۇرگۇن قىلغاندا،
ئاجىزە سەنەم فېئودالىق شەرىئەتنىڭ ئادەمنى ساراڭ قىلىدىغان
ئېغىر ۋە قانلىق قولىنىڭ ھەممىشەم ئۆز يەلكىسىدىن قاتتىق بې-
سىپ تۇرغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى... شۇڭلاشقا غېرىپ
ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقى، قەيسەرلىكى، مەرتلىكى، ساغلام ۋە گۇزەل

ئەخلاقى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ قانچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسا، سەنەمنىڭ ئۆزىنىڭ نومۇس ۋە پاكلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ شۇنچىلىك ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

ئومۇمەن بۇ داستاندىكى غېرىپ ۋە سەنەمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاشۇ دەۋرىدىكى قارا تەقدىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ داستان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ ۋە غايىلىرىنى ھەققىي سۈرەتلەپ بەرگەن خەلقچىللىق ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇشقا مۇناسىپ.

«يۇسۇپ-ئەخمەت»، «ھۆرلىقا ھەمراجان»، «قەمەر شاھ» قاتارلىق داستانلاردىمۇ مۇھەببەت تېمىسى ۋاپادارلىق ۋە ئىنساپپەرۋەرلىك بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك شوئارى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان ياخشى پەزىلەتنىڭ ئىنكاسى، ئەلۋەتتە. شۇڭا مۇھەببەت، ۋاپادارلىقنى تېما قىلغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

2-ۋەتەنپەرۋەرلىك. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېمىتىك مەزمۇنىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىمۇ خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەلۋەتتە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەرگە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا خەلق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا قارىتا تارىخىي نۇقتىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، ئۆز يۇرتىنى قوغداش ۋە سېغىنىش، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەش قا-

تارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى.

"چاشتانى ئىلىگ بەگ" داستانىنىڭ بەزى بولەكلىرىدە ئىلىگ بەگ شەھەرگە ۋە خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، قىرغىنچىلىق ۋە كېسەللىك ئاپەتلىرى پەيدا قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق جىنلار ئالدىدا غەزەپ بىلەن: "ھەي جىنلار، ماڭا تېز جاۋاپ بېرىڭلار، مېنىڭ شەھىرىمدىكى خەلقىمنى نىمىشقا ئولتۇرىسىلەر؟ سىلەرگە بۇ شەھەرگە كىرىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتنى كىم بەردى؟... شەھىرىمنىڭ، ئېلىمنىڭ مۇشۇنداق بەختسىز ئەھۋالىنى كورۇپ چىدىغۇچىلىگىم قالمىدى" دەپ خىتاپ قىلىپ، ئوتكۇر قىلىچىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ جىنلارنى پارە-پارە قىلىپ تاشلاشقا ئاتلىنىدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ چاشتانى ئىلىگ بەككە كۈچ ۋە قۇۋۋەت بېرىپ "ئىنسانلارنىڭ ئارسلانى" بولۇپ قېلىشىغا مەنىۋى ئاساس بولىدۇ.

ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى "ئوغۇزنامە" دىمۇ خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كوزقاراشلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئوز ئەكسىنى تاپقان. ئوغۇز خاقانىنىڭ ئوز ئېلىنى قوغداش يولىدىكى جان پىدالىغى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى جان تىكىپ ھىمايە قىلىشى، ئەل ۋە خەلققە ئاسايىشلىق تىلەش قاتارلىق پائالىيەتلىرى؛ "چىن تومۇر باتۇر" داستانىدا (بەزىلەر چوچەكمۇ، دىيىشىدۇ. لېكىن ئۇ داستانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە) چىن تومۇر باتۇر ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىگى ۋە تىنچلىغى ئۇچۇن يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۇنى يەڭگەنلىگى، سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى بۇلاپ قاچقان سانجو پادىشالىغى (موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرى) نىڭ شاھزادىسى ئۇزموخ بىلەن

قەتتى كۆرەش قىلغانلىقى، ئاخىرىدا قارىغۇ بولۇپ قالغان چىن تۆمۈرباتۇرنىڭ كوزىگە ئالموتيار(موڭغۇل كۆرەدىكى جاي ئىسمى) نىڭ ئالمىسىنى سۈرتكەندە (بەزى ۋارىيانتلاردا كوزىگە ئۆز يۇر-تىنىڭ تۇپرىقىنى سۈرتكەنلىگى ھىكايە قىلىنىدۇ) شىپالىق بېرىپ ئۇنىڭ كوزىنىڭ ئېچىلغانلىقى: "يۇسۇپ - ئەخمەت" داستانىدىكى ئىككى ئاكا - ئۇكا باتۇرنىڭ دۇشمەن زىندانىدا يېتىپ ئۆز يۇرتىنى، قوۋم - قېرىندىشى، خەلقىنى سېغىنىپ ئېيتقان ئاجايىپ لىرىك ۋە ئوبرازلىق ناخشىلىرى... قاتارلىق تەسىرلىك ۋەقەلەر قەدىمقى خەلقلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ سەنئەتتىكى ئىنكاسى.

3 - قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇق. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدە، بولۇپمۇ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق توغرىسىدىكى داس-تانلار ئالاھىدە مەشھۇر. بىز يۇقۇرىدا ئېغىزغا ئالغان كوپلىگەن داستانلاردا خەلقىمىزنىڭ پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتى ۋەكۈچ - قۇد-رىتىنى ئۆزىگە توپلىغان يارقىن بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇق ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇ داستان-لاردىكى قەھرىمان ئوبرازلار ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر، ھەر-قانداق غالجىر دۇشمەندىن تارتىپ تەبىئەتنىڭ سىرلىق كۈچلى-رىمۇ ئۇلارنىڭ بۈيۈك كۈچ - قۇدرىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ "قاپ - قارا ۋە ناھايىتى زورتاغ-دەك ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۈرىلىرىگە چۇشۇرۇپ، زەھەرلىك ئىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بىزەپ، ئادەملەرنىڭ گوشنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۇچەيلىرى-نى بەدەنلىرىگە يوگۆۋالغان" قورقۇنچلۇق جىنلارغا قارشى ئوت يالقۇندەك ئوتكۇر قىلىچىنى قولىدا كوتەرگىنىچە جەڭگە ئاتلى-

نىپ، بۇ ياۋۇز مەخلۇقلارنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغانلىغى؛ "ئوغۇزنامە" داستانىدا ئوغۇز خاقاننىڭ[1] يىلقىلارنى، ئادەملەرنى خالىغانچە يەپ، خەلق بېشىغا ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت كەلتۈرۈۋاتقان بىر مۈڭگۈزلۈك ۋەھشى ھايۋان — قىتا بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى يەڭگەنلىگى؛ "يۇسۇپ-ئەخمەت" داستانىدىكى ئىككى ئاكا-ئۇكا باتۇرنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كوپ بولغان قاباھەتلىك دۈشمەنلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ ئاخىرىدا غەلىبە قىلغانلىغى؛ سادىر پالۋان ۋە نوزۇگۇمنىڭ مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەشتە كورسەتكەن ھاياجانلىق تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى... قاتارلىقلار خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ باتۇرلۇق خىسلىتىگە ئىگە ئىكەنلىگىنىڭ بەدىئى ئىپادىسى.

قەدىمقى قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى داستانلاردا يارىتىلغان بەدىئى ئوبرازلار ئەينى شارائىتتا خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى-ئاپەتلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قەدىمقى خەلقىمىزنىڭ ساددا ئوي-پىكرىدە تەبىئەتنى قانداق بويسۇندۇرۇش ھەققىدە تېخى ئېنىق كوزقاراش شەكىللەنمىگەچكە، ئۇلار ئالدىغا دۈچ كېلىپ تۇرغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى ۋە قارام كۈچلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىگەللەشنى ئارزۇ قىلاتتى. خەلقىمىز مانا شۇ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى، پانتازىلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوغۇزخان، چاشتانى ئىلىگ بەگ، چىن تومۇر باتۇر...غا ئوخشاش بەدىئى ئوبرازلار ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، گۈزەل غايىنى رىيال تۇرمۇشقا تەتبىقلىدى. شۇڭا بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرى

قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەتنى تونۇش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى خەلق داستانلىرىدا كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق، سەۋرى-تاقەت، چىدام غەيرەت بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق ۋە چىدامسىزلىق، ئادەمگەرچىلىك بىلەن نائەھلىلىك، ئادىللىق بىلەن مەككارلىق، ئوچۇق-ئاشكارە بولۇش بىلەن ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىك، سېخىيلىق بىلەن بېخىللىق... قاتارلىقلار ئوزئارا بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش كوزقارىشى ھەققىدە بەزى ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنى ئەخلاقى پەزىلەتلىك بولۇشقا، ھالال ياشاشقا، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىققا، ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشقا، ئىتتىپاقلىشىپ كورەش قىلىشقا، سەممىي، راستچىل ۋە ئىنساپلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىي تەسىرلەندۇرۇش كۇچى ناھايىتى زور. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان خەلق داستانلىرى ئاساسەن نەزمە ۋە نەسرى شەكىلدە تۇزۇلىدۇ. يەنى داستاندىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى نەسرى يول بىلەن قىسقىچە ھېكايە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەر نەزمە (شېئىر) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق داستانلار مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۇپىتىدە مۇقىملاشقان ئاھاڭغا ئىگە. داستانچىلار مۇنداق داستانلارنى مۇزىكىغا بىرلەشتۇرۇپ، ئوز ئاھاڭىدا ھېكايە قىلىدۇ.

داستاندىكى ناخشا-كۇيلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان مۇزىكا كۇيلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ناھا-

يېڭى روشەن بەدىئى تەسىرات قالدۇرالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق "12 مۇقامى" شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق داستانلىرىنىڭ ناخشا - ئاھاڭلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. مەسىلەن: "چارىگاھ" مۇقامىنىڭ 1 - داستانىغا، "مۇشاۋىرەك" مۇقامىنىڭ 2 - داستانىغا ھەمدە "راك"، "ئۆزھال"، "ئۇشاق" "بايات"، "ناۋا" مۇقاملىرىغا "غېرىپ - سەنەم" داستانىدىن 50 گە يېقىن ناخشا - كۈي تال-لاپ ئېلىنغان. شۇنداقلا "يۇسۇپ - ئەخمەت" "ھۆرلىقا - ھەمراجان" "قەمەرشاھ"، "تاھىر - زۆھرا" داستانلىرىدىنمۇ خېلى كۆپ ناخشا-كۈيلەر تاللىنىپ مۇقامنىڭ داستانلار قىسمىغا سېلىنغان، شۇ ئار-قىلىق مۇقام مەزمۇنى بېيىتىلغان.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژىتقا ئىگە بولۇپ، ئاساسى جەھەتتىن ئۇنىڭ تېمىسى سيۇژىت بولەكلىرىنىڭ مەنتىق تەرتىۋى بويىچە قانات يايدۇ. بەدىئى تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىخ-چاملىقتا، ئاممىباپلىقتا ۋە قىزىقارلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. خەلق داستانلىرىدا مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - بۈگرى زىددىيەت توقۇنۇش-لىرى بولمايدۇ، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ئاددى يوللار بىلەن روشەن ۋە ئېنىق يارىتىلىدۇ. قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئوپىرادىكىدەك ناخشا ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژىتىمۇ ئىخچام ۋە يىغىن-چاق تۈزۈلۈپ ۋەقەنىڭ دەل ئۆزىدىن باشلىنىدۇ. ئورۇن، جاي، مەنزىرە، شارائىت تەسۋىرلىرىدىن كۆرە، پېرسوناژلارنىڭ خا-راكتېرستىكىسى ۋە پىسخىك (ئىچكى كەچۈرمە) تەسۋىرىگە كۆپرەك ئېتىۋار بېرىلىدۇ ۋە شۇ سەۋەپتىن خەلق داستانلىرىنىڭ لىرىك تۈيغۇسى يۇقۇرى ۋە كۈچلۈك. شۇنداقلا، يەنە پېرسو-

ناۋلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا جانلىق ھەرىكەت بىلەن ھېس-
تۇيغۇ زىچ بىرلەشكەچكە، خەلق داستانلىرى ئۆز-ئۆزىدىن ھېس-
سىيات تېمىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات بۇلىقىغا ئوخشايدۇ.

خەلق داستانلىرىدىكى ھەر خىل تەسۋىرى ۋاستىلەرمۇ
ناھايىتى جانلىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي
تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.
"ئوغۇزنامە" داستانىدا ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرىنى "بېشىدا
ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخ-
شايتتى... ئۇ كۈلسە كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا
كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ يىغلايتتى" دەپ تەسۋىرلىسە، يەنە بىر-
سىنى: "ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا
سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى" دەپ ھەيران قالغۇ-
دەك ئىخچام ۋە جانلىق ئوخشىتىشلار بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا يەنە رومانتىك خىيال بىلەن
رېئال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ،
ئۇنىڭدا مۇبالىغە ۋە پانتازىيە نىسبەتەن كۈچلۈك، مۇنداق رو-
مانتىك خىيالنىڭ ئارقىسىدا ھامان ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پەيدا
بولغان رېئالىستىك روھ ياتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى،
بەدىئىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىكى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ باي
ۋە خىلمۇ-خىللىقى، سيۇژېتلىرىنىڭ ئىخچام ۋە ھەرىكەتچانلىقى،
تىلىنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئاممىباپلىقى قاتارلىق بىر تۇتاش
ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس
ئورۇن تۇتىدۇ.

"خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەۋرىمىزنىڭ كىشىلەر دىلىدىكى

نازۇك ئويلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ماتېرىيال“ (لېنىن: «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى») بولغاچقا، ئۇنىڭ سىر تۇرى بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى داستانلار-نىڭ روشەن ئىجتىمائى تىندىسىيەسىگە ۋە خەلقچىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇمۇ شۇ ۋاقىتىدا مەلۇم تەربىيەۋى ئەھ-مىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى يۇقۇرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىدا داستان-نىڭ ئاساسى سالماقىنى ئىگەللىشىنىڭ سەۋەبىنى خەلق داستانلى-رىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن تارىختىكى خىلى كۆپ كىلاسسىك يازغۇچى — شائىرلىرىمىز خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇنى ئىجادىي ھالدا قايتا ئۇزلەشتۇرۇپ ئىشلەپ، ئەدەبىيات تارىخىدا قىممەتلىك تۆھپە ياراتتى. بولۇپمۇ 15-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋائىي، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر رىيالىست شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى، 19-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر مۇللابىلال ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ ئاساسچىسى ۋە يېرىك ۋەكىلى نىم شېھىت قاتارلىق شائىرلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىجادىي ئەمگىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

× × ×

ئازاتلىقتىن كېيىن، خەلق داستانلىرىنى قېزىش، رەتلەش

جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن باي مەزمۇنغا ۋە كوپ خىل شەكىلگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ خېلى كوپ قىسمى تا ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە كومۇلۇپ ياتماقتا. شۇڭا نوۋەتتە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي خىزمەت سۇپىتىدە تارىخىي يوسۇندا بىز-نىڭ زىممىمىزگە چۈشمەكتە.

ماكسىم گوركى: "ئوزەڭلارنىڭ فولكلورۇڭلارنى توپلاڭلار ۋە ئۇگىنىڭلار" دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقىي ھالدا خەلقىمىزنىڭ روھى مۇلكىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئىنچىكە ئىش. چۈنكى خەلق داستانلىرى ھامان تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا قانداق قاراش مەسىلىسىدە ھازىرغىچە بەزى ئوخشىمىغان قاراشلار بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى توپ-لاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى بەزى قىيىنچىلىقلاردىن خالى بولالمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشتىن بۇرۇن بۇ ھەققىدىكى كوزقاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمقى خەلق داستانلىرى ھەر خىل تارىخىي سەۋەپلەر، يەنى خەلقلەرنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئوزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بويىچە تارىخىي ئومۇملۇققا ئىگە بولغانلىقى،

مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مەسىلەن: مەشھۇر "يىپەك يولى" ئارقىلىق باشلانغان مەدەنىيەت ئالاقىسى، ئوزئارا بېرىش-كېلىش ۋە باشقا ھەر خىل ئالاقىلاردىن شەكىللەنگەن ئوخشاش تۇرمۇش شارائىتىرى......سەۋەۋىدىن مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان شەرق مىللەتلىرى ئارىسىغا ئورتاق سىڭىشىپ كەتكەن. بىز مۇنداق داستانلارنىڭ زادى قايسى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىنەزەر بويىچە، شۇ داستاندا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش، پۈرىغى، مىللىي ئالاھىدىلىك، شۇ خەلق ئىچىگە ئومۇملىشىش ۋە ئوزلىشىش دەرىجىسى قاتارلىقلارغا قارىشىمىز لازىم. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتتەك مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس. ئۇنى ھەرقايسى خەلقلەر ئوزلەشتۇرگەندە، ئەلۋەتتە ئوزلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىگە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە بېقىندۇرىدۇ ھەمدە ئوزلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرىدۇ. ئادەتتە بەزى خەلق داستانلىرىنىڭ مەسىلەن: "پەرھات-شىرىن" "غېرىپ-سەنەم"، "يۇسۇپ-ئەخمەت"، "ھورلىقا-ھەمراجان" قاتارلىقلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە خاتىرلەنگەن نۇسخىلىرىغا ۋە داستانچىلارنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا قارىساق، داستان قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيەت مەيدانى (ئورنى) باغدات، مىسىر، يەمەن، رىم، ھەلپ شىرۋان... قاتارلىق چەت جايلار ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر ئۇنداق داستانلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق داستانى بولۇشىدىن گۇمانلىنىدۇ. بىزنىڭچە مۇنداق ھىكايە قىلىشنىڭ ئىككى خىل سەۋەۋى بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، بۇ خىلدىكى خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش

تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە فېودال ھوكۇمران گۇرۇھلار فېودالىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىلغار پىكىرلىك داستانلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ نامى بىلەن مەيدانغا چىقىشىغا يول قويمىغان. چۈنكى ھەر بىر سىنىپنىڭ ئەدەبىياتقا قارىتا بەلگىلىك سىياسى ئۆلچىمى بولىدۇ. ئاشۇ ئۆلچەم بويىچە شۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەيلى قايسى خەلقنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چەكلەيدۇ ۋە تارقىلىشىغا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى شارائىتتا فېودال ھوكۇمرانلارنىڭ قارشىلىقى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىشى مەقسىدىدە داستاندىكى ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ئۆز يېرىدىن يىراق بولغان چەت جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچىدىن، خەلقنىڭ كۆپلىگەن ھېكايە-چۆچەكلىرىدە قەدىمقى تارىختا ئىگە، ھەممە خەلقلەرگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ ھېكايە قىلىش شۇ تارىخىي شارائىتتا بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان. شەرق فولكلور ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى بۇ خىل ئادىتى خەلق داستانچىلىرى ۋە كېيىنكى خاتىرلىگۈچىلەرگە بەلگىلىك تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قايسى جاينىڭ نامى ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، خەلق داستانلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولغاچقا، ئەڭ مۇھىمى شۇ داستاننىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى ۋە خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئۇنى ئايرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى بولۇشى كېرەك.

بەزى خەلق داستانلىرىنىڭ كېيىنكى خاتىرلەنگەن نۇس-

خىلىرىدىكى ھەر خىل مۇرەككەپلىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا
ئۇنى خاتىرىلىگۈچى ۋە ئېيتقۇچىلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.
ئەلۋەتتە، خەلق ئاغزىدىكى داستانلارنى خاتىرلىگۈچىلەر (دەسلەپ-
كى رەتلىگۈچىلەر) سىنىپىنىڭ ۋە گۇرۇھىنىڭ بىر ئەزاسى
سۈپىتىدە خاتىرىلەش جەريانىدا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ
بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ پىكىرىمىزنى بىر داستاننىڭ ھەر
خىل نۇسخىدىكى قول يازمىلىرىنىڭ بولغانلىقى دەللەيدۇ.
مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى
توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا تارىخىي نۇقتىدىن قاراپ
ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىشىمىز لازىم. يەڭگىللىك
بىلەن "ئۇنىڭ" ياكى "بۇنىڭ" دەپ ئالدىراپ ھوكۇم قىلىۋې-
تىش ماھىيەتتە نىگىلىزىملىق ياكى شوۋىنىزىملىق خاتالىغىغا
ئېلىپ بارىدۇ.

ھازىرچە بىزگە جىددى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى پۈتۈن
كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ خەلق ئىچىدە كومۇلۇپ ياتقان قىسسە
ۋە داستانلارنى تېزلىكتە قېزىپ توپلاشتىن ئىبارەت. ئۇندىن
كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش تېخنى-
كىسىغا ئائىت پىرىنسىپلار بويىچە تەتقىق قىلىشقا توغرا كې-
لىدۇ، چۈنكى قازماي تۇرۇپ ساپ ئالتۇن بىلەن داشقالنى ئاي-
رىغىلى بولمايدۇ.

خەلق ئەدەبىياتىنى، بولۇپمۇ چوڭ ھەجىمدىكى خەلق
داستانلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشى سەممىيەتلىكنى تەلەپ
قىلىدىغان ئىنچىكە ئىلمىي خىزمەت. شۇڭا بەزى خەلق داس-
تانلىرى ئىچىدىكى ھازىرقى دەۋر روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان
ئايرىم سوز-ئىبارىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن چوچۇپ كەتمەسلىك

كېرەك. تارىخنىڭ ئىزىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك تارى-
خىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى. بۇ
بىزدىن توپلاش جەريانىدا ئەسلىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆتمۈش
تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن
مەلۇم تارىخىي چەكلىمىگە ئىگە. كونا جەمئىيەتتە فېودال ئەز-
گۈچى سىنىپلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ھامان ھۆكۈمران ئىدىيە
بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئارىسىغا بەزى ساغلام بول-
مىغان ئىدىيىۋى خاھىشلارمۇ ئارىلىشىپ قالغان. خەلق داس-
تانلىرى ئىچىدىكى مۇنداق پاسسىپ ئامىللارغا قارىتا "بىر
مىللەت ئىچىدە ئىككى خىل مىللىي مەدەنىيەت بولىدۇ" غا ئا-
لىغىدىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش بويىچە
ئەينى تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، "قەدىمقى
فېودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى
قەدىمقى دېموكراتىيىلىك ۋە ئىنقىلاۋىلىقى بولغان گۈزەل
خەلق مەدەنىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز" ۋە شۇ ئاساستا خەلق
داستانلىرىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بۇ ژانىرىنى توپلاش،
رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل
بۆلۈشىمىز لازىم.

## بەشىنچى باپ

# ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر

### 1 - ئەپسانە

ئەپسانە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل رىيال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۈپكى پائالىيىتى ھىساپلانغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ماددى ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئومۇمەن ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە رەسمىي شەكىللەنگەن.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇرۇقچىلىق جەمىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى ئاجىز ھەم تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمۇ ئاددىي ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قەدىمقى ئىنسانلار تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مۇرەككەپ سىرىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى خىيالى - پانتازىيە ئارقىلىق ئەپسانىلەرگە مەركەز-

لەشتۈردى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: "... ئەپسانىلەردە ئېيتىلغان زىددىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىشى ئەسلا كونكرېت زىددىيەتلەر بىلەن يۈز بەرگەن رېيال ئۆزگىرىش ئەمەس، بەلكى ساددا ۋە خىيالى ئۆزگىرىشلەردۇر، ھېساپسىز ۋە خىلمۇ ـ خىل رېيال زىددىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۈبيېكتىۋ خىيالىنىڭ سەمەرىسىدۇر."

ماركس مۇنداق دىگەن ئىدى: "ھەرقانداق ئەپسانىلەر تەسەۋۋۇر بىلەن ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە ئوبرازلاشتۇرىدۇ. دىمەك، تەبىئەت كۈچلىرى ھەقىقى بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەنلا ئەپسانىلەرمۇ يوقۇلىدۇ." ئەپسانىلەردە (چوچەكلەردىمۇ) ئۇچرايدىغان سان-ساناقسىز ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى بۇ ھىكايىلەردە تەبىئەت كۈچلىرىنى ئادەملەرنىڭ بويسۇندۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەنلىكتىن ئۇلار ئادەملەرنىڭ كوڭلىگە ياقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئوبدانلىرى "مەڭگۈ گۈزەللىك"كە (ماركس) ئىگە بولىدۇ، "لېكىن ئەپسانىلەر زىددىيەتلەرنىڭ مۇئەييەن كونكرېت شارائىتى ئاساسىدا يارىتىلغان ئەمەس. يەنى ئەپسانە ياكى چوچەكلەردە زىددىيەتلەرنى تەشكىل قىلغان تەرەپلەر رېيال ئوخشاشلىقلا ئىگە ئەمەس، بۇ ئوخشاشلىق پەقەت خىيالىدۇر. ماۋزېدۇڭ: «ئەدىبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە 4 ـ بەت.

دىمەك، ئەپسانىلەر باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىۋ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئاڭ فورمىسى، يەنى ئۇ ئىنسانلارنىڭ پانتازىك خىياللىدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى ئارقىلىق قايتا ئىشلەنگەن تەبىئەت

دۇنياسى ۋەئىجتىمائى فورمىدۇر.

"مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەپسانە تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر ۋە تەبىئەتتىكى كۈرەشلەرنى، ئىجتىمائى تۇرمۇشنى كەڭ بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردۇ."(م. گوركىي) ئەپسانىلەردە يارىتىلغان ئوبرازلار خىيالى - پانتازىك بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇ بەرىبىر شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. "ئىپتىدائى كىشىلەر يەر، ئاسمان ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى بايقىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە تولۇقچە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنى ئەپسانە دەۋاتىمىز" -- دەيدۇ لۇشۈن.

ئەپسانىلەردە تولاراق ھەر خىل "خۇدالارنىڭ" ئوبراز - لىرى يارىتىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش - تىكى كۈرەشچان كۈچ - قۇۋۋىتى ھەم غەيرىتى ئەكس ئەتتۈرىلى - دۇ. ئىپتىدائى كىشىلەرنىڭ ساددا ھىسسىياتىدا "خۇدا" ئابىس - تىراكىت چۈشەنچە بولماستىن بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل كونكىرىت ئوبراز ھىساپلىناتتى. كىشىلەر تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈمىدىنى ئەنە شۇ خۇ - دالارغا بېغىشلايتتى ۋە ئۆز غايىسىنى شۇ "خۇدا"نىڭ كۈچى بىلەن رىياللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. چۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بۇ دەسلەپكى باسقۇچىدا تېخى ئادەم - پەن كوزقارىشى شەكىللەنمىگەچكە تەبى ۋە ئىجتىمائى ھادىس - لەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر "سىرلىق تۈگۈن" ئىدى. ئۇلار شۇ - نىڭ ئۈچۈن باي تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بولغان ئەپسانىلەرنى ئىجات قىلىپ، ئاشۇ "تۈگۈن" نى يېشىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەيتتى.

جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ئىدالوگىيە هالەتلىرى ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىش، مۇقەررەركى، ئىنسانلارنى ئىلىم - پەن يولىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە ئىلىم - پەنگە تايىنىپ ماددى دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ رىياللىقتا ئايلىنىشى ئەپسانىلەر- نىڭ يوقىلىشىغا شەرت بولىدۇ.

**ئەپسانىلەرنىڭ تىماتىك مەزمۇنى**

ئەپسانىلەرنىڭ تىماتىك مەزمۇنىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق بىر قانچە تارماقلارغا بۆلۈش مۇمكىن:

(1) تەبىەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر. بۇ مەزمۇندىكى ئەپسانىلەر ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھىساپلىنىدۇ.

ئىپتىدائى باشلانغۇچ جەمىيەتتە ئىلىم - پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاسمان، يەر، سۇ، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، يامغۇر، قار... قاتارلىق تەبىەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ۋە ئۇلاردىكى موجىزىلىك ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا قەدىمقى ئىنسانلار بۇ سىرنى ئىلاھىلاشقان روھ ياكى يېرىم ئادەم، يېرىم روھتىن ئىبارەت كونكېرىت قەھرىمانلارغا باغلاپ چۈشەندۈرەتتى، بۇنداق چۈشەندۈرۈش ھەرقايسى خەلقلەر- نىڭ ئۆز ئېتىقاتلىرىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەندى.

بىز مەشھۇر قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى "ئوغۇزنامە"نى ئوقۇساق، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ مەزمۇندىكى ئەپسانىلەرنىڭ بار- لىقىنى كۆرىمىز:

"...كۈنلەردىن بىر كۈن ئوغۇز خاقان تەڭرىگە سېغىنى-

ۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلۇشۇپ، ئاسماندىن بىر كوك نۇر چۈشتى. بۇ نۇر كۈندىن يورۇق، ئايدىن نۇرلۇق ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كوردى. ئۇ قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كۈلسە، كوك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كوك ئاسمان بىللە يىغلايتتى. ئوغۇز خاقان ئۇ قىزنى كوردى - دە، ئەس - ھۇشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنى ياخشى كورۈپ قالدى. بۇ قىزنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئارمانىغا يەتتى. بۇ قىز ھامىلدار بولدى، كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ ئۇنىڭ كوزى يورىدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. بىرىنچىسىگە كۈن دەپ، ئىككىنچىسىگە ئاي، ۋە ئۈچىنچىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.“...

«ئوغۇزنامە» دىكى بۇ ئەپساندا قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى بىلەن تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدىن ھامان غالىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك روھى ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ”چاشتانى ئىلىگ بەگ“ داستانى ھەمدە ئوبۇلغازىنىڭ مەشھۇر ئەسەرى ”شەجەرەئى تۈرك“ ئىچىدە يۇقۇرقى مەزمۇنلار - دىكى كوپلىگەن خەلق ئەپسانىلىرى بار.

(2) قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ دىني ئېتىقاتلىرىنى ۋە ئىدىيۋى ئىشەنچلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانىلەر.

ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەپسانىلەر قەدىمقى دىنىي ئېتىقات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىلگەن زىددىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. قەدىمقى ئەپسانىلەر ئىچىدە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ شۇ تارىخىي مەزگىلدىكى ئېتىقادى بىلەن ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان كۆپلىگەن ئەپسانىلەر بار. بىز "ئوغۇزنامە" ئىچىدىكى مۇنۇ بىر پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

"... شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى، نەۋكەرلىرىنى، خەلقنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە كېڭەشتى... ئوغۇزخاقان بۈيۈك ئوردىدا... ئوڭ تەرەپكە قىرىق غۇلاچ دەرەخ تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئالتۇن توخو قويدى، ئايىغىغا بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرەپكىمۇ قىرىق غۇلاچلىق دەرەخ تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر كۈمۈش توخۇ قويدى، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلىدى. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ① ئولتۇردى، سول تەرەپتە ئۈچ‌ئوقلار ② ئولتۇردى. ئۇلار قىرىق كېچە-كۈندۈز يەپ ئىچىشتى ۋە سۆيۈنۈشتى. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقان مەملىكەتنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى."

بۇ ئەپسانىدا بايان قىلىنغان مىللىي ئادەتلەر ئەسلىدە شامان دىنىي ئېتىقادىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ شامانىزىمغا بەيئەت قىلىدىغان قەدىمقى دەۋرلەردىكى مىللىي ئۆرپ ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

① ② ئۈچئوق ۋە بۇزۇق — ئەسلىدە "ئۈچ + ئوق" ۋە "بۇزماق" سۆزلىرىدىن ياسالغان بولۇپ بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوغۇز قەبىلىسى ئاشۇنداق ئىككى تائىپىگە بولۇنىدىكەن.

"شەجەرەئى تۈرك" تە خاتىرلەنگەن "بورە توغرىسىدىكى توتېم ئەپسانىسى"① دىمۇ قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانداق قىلىپ ۋە نىمە سەۋەپتىن ئۆزلىرىگە بۆرىنى توتېم قىلغانلىغى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. بىز بۇ ئەپسانە ئارقىلىق توتېمىزىم ئېتىقادىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

(3) ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى باتۇرلار، قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر. بۇ مەزمۇندىكى ئەپسانىلەردىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەپسانىلار ئۇزىنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى جەھەتتىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ خىل ئەپسانىلاردا قەدىمقى كىشىلەرنىڭ باتۇرلىغى، قەيسەرلىگى ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ ئەپسانىلىق خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. ئۇلار قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يۈكسەك دەرىجىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغان روھى قەھرىمانلاردۇر. مەسىلەن: "ئوغۇزنامە" داستانىدىكى ئوغۇزخاقانىنىڭ قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلىغى توغرىسىدىكى ئەپسا-

---

① توتېمىز — توتېم لوغەت مەنىسى "ئۇرۇغ" دىگەنلىك بولىدۇ. "توتېم" — ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتە بىرەر ھايۋان، ئۇچار قۇش ياكى دەرەخنى نەسىل ياكى ئۇرۇغ، قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ بەلگىسى قىلغان. مانا شۇنداق چوقۇنىدىغان نىشان ياكى بەلگە "توتېم" دەپ ئاتالغان

نىلەر، "ئەرگىنەقۇن"① ئىچىدىكى بەزى ئەپسانىلەر، ئالىپ ئەرتوڭانىڭ باتۇرلۇق شەنىگە توقۇلغان ئەپسانىلەر، "چاشتانى ئىلىگ بەگ" داستانىدىكى قەھرىمان ئوبراز چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى - ئاپەت ۋە كېسەللىك ئاپەتلىرىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش جەريانىدا كورسەتكەن ئاجايىپ جاسارىتى ۋە باتۇرلۇغى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر مىسال بولالايدۇ.

(4) ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانىلەر.

بۇ مەزمۇندىكى ئەپسانىلەر ئاز - تولا ئىجتىمائى تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپىنچە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا خەلقنىڭ ھېسسىداشلىق قىلىدىغانلىقى مۇقەررەرلەشتۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلاردا خەلقنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرىدىغان قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە قورقۇنۇشلۇق جىنلارنى، يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارنى، تىلسىملىق جادىگەر - ئالۋاستىلارنى ۋاستىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرىدۇ. "چاشتانى ئىلىگ بەگ" داستانىدا "قاپ - قارا ۋە ناھايىتى زور تاغدەك ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۈرىلىرىگە چۈشۈرۈپ، زەھەرلىك ئىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بىزەپ، ئادەملەرنىڭ گۆشىنى

① "ئەرگىنەقۇن" — ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى. "ئەرگىنە قۇن مەسەللىرى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. "ئەرگىنە قۇن" — ئوتوكىن تاغ جىلغىلىرى (موڭغۇلىيە چېگرىسىدا) نىڭ ئومۇمى نامى.

يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۇچەيلىرىنى بادەتلىرىگە يۇگۇۋالغان" قور-قۇنچلۇق جىنلار»غا قارشى خەلق قەھرىمانى چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ئوت يالقۇنىدەك ئوتكۇر قىلىچىنى كوتەرگىنىچە جەڭگە ئاتلىنىپ، بۇ ياۋۇز مەخلۇقلارنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغانلىغى توغرىسىدىكى ئەپسانە، "چىن تومۇر باتۇر" داستانىدىكى چىن تومۇر باتۇرنىڭ سىگىلىسى مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراپ قان بەدىلىگە ياشاۋاتقان يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن قەتئىي جەڭ قىلىپ ئۇنى يەڭگەنلىگى توغرىسىدىكى ئەپسانىلاردا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلار تۇپەيلىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي قارمۇ-قارشىلىق ئەپسانە شەكلىدە ئوز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا بۇ مەزمۇندىكى ئەپسانىلەرنى ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي جەمىيەتكە كىرىشىنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرى دەپ قاراش مۇمكىن.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى: ئەپسانىلەردە گەرچە خىيالى نەرسىلەر ھىكايە قىلىنىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خۇ-راپاتلىقتىن پەرقى بولىدۇ. چۈنكى ئەپسانىلاردا ئىنسانلارنىڭ تەبىەتنى بويسۇندۇرۇش، تەبىەت بىلەن كۇرەش قىلىشتىن ئىبا-رەت ئاكتىۋالىي خىياللىرى ئەكس ئېتىپ، تارىخنىڭ تەرەققى-ياتىنى ئىلگىرى سۇرۇشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ، خۇراپاتلىق بولسا تىز پۇكۇشىنى، قۇللۇقنى تەرغىپ قىلىپ، ئىنسانلارنى تەقدىر-ئىلاھىيەتچىلىك يولىغا باشلايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەي-نى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن بەزى ھاللاردا ئەپسانە بىلەن خۇراپاتلىق بىر-بىرىگە ئارىلى-شىپ كەتكەن. بىز ئەۋەتتە مۇنداق مۇرەككەپلىكنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەر بىلەن كۇزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ

قەدىمقى ئەپسانىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي رولىغا توغرا مۇ-
ئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

## 2 - رىۋايەتلەر

رىۋايەتلەر ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بەلگىلىك تارىخىي پېرسوناژ-لار، تارىخىي ۋەقەلەر، قەدىمقى جايلار ھەمدە تەبىئەت ھادى-سىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەردۇر.

رىۋايەتلەردە مەلۇم بىر ۋاقىت، ئورۇن ۋە تارىخىي ئەھ-ۋاللار بەلگىلىك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى ھېساپلانغاچقا، رىۋايەتلەردىكى ۋە-قەلىك ئۆزلۈكسىز ھالدا پىششىغلاپ ئىشلىنىپ، ئەسلى مەنبە-دىن خېلى دەرىجىدە يىراقلاشقان بولىدۇ. چۈنكى راۋايەتلەر تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن تارىخىي پاكىتلارغا تايانسىمۇ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرىدىغان ھېكايە بولغاچقا، داۋاملىق ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كوزقارىشىنى ۋە سەنئەت ئارزۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەتلەرنىڭ مەز-مۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئىككى خىل مەدىنىيەتنىڭ كۈرىشى جىددىي ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەتتە قەدىمقى راۋيەتلەر بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ چەك-چېگ-رىسىنى ئايرىۋېلىش قىيىنراق. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، رىۋايەتلەر ئەپسانىلەرگە قارىغاندا رېياللىققا يېقىنراق بولۇپ، ئاساسەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزىگە تېما قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدىكى:

ئەپسانىلەر تەرەققىي قىلىپ تەدرىجىي ھالدا كىشىلىك خاراكتېرىغا ئېقىنلىشىش ئاساسىدا رىۋايەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. شۇنداقلا يەنە رىۋايەتلەردە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئالاھىدىلىكلىرى، يەر ئالاھىدىلىكلىرى ... قاتارلىقلار بىرقەدەر ئېنىق ئەكس ئېتىلگەن بولۇپ، بەلگىلىك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**{رىۋايەتلەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى}** خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ مەزمۇنى دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ كۈرەش تارىخلىرى، خەلق قەھرىمانلىرى، بىپايان زېمىندە بولغان ھەر خىل تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر، ئۆرپ-ئادەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلەر، ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى خىلمۇ-خىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى بولۇپ كەلگەن. ئومۇملاشتۇرغاندا، رىۋايەتلەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ:

(1) قەدىمقى تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەردە تارىخىي پېرسوناژلار مەركەز قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەر بىۋاسىتە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇشلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، ئايرىم قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىي ئەمگىكى مەدھىيىلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم پېرسوناژلىق رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى تارىخىي شەخسلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئەڭ قەدىمقى رىۋايەتلەردىن تومارىس (Tomaris) توغرىسىدىكى

رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا ناھايىتى چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ رىۋايەتنى يونان تارىخچىسى ھېرادوت ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدە توپلىغان تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئا- ساسەن «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە يېزىپ قالدۇرغان ۋە شۇ ئار- قىلىق دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

تومارىس ھەققىدىكى رىۋايەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھ- رىمانلىق غايىسى تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇل- دۇ. بۇ رىۋايەتتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردە بىرنەچچە ئەل خەلقلىرىنى بېسىپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن زالىم، قانخور كەيخىسراۋ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 552 - يىلدىن 486 - يىلغىچە ئىرانغا شاھ بولغان) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ماساگىتلارنىڭ پادىشاسى تومارىس ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تومارىسنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق خىسلىتى مەدھىيىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت بەلگىلىك دەرىجىدە خىياللاشتۇرۇلغانلىقىغا قارىماي، تارىختىكى رىيال ۋەقەلەر بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇ- لىدۇ. خەلققە مۇھەببەت، ئېلىنىڭ ئازاتلىقى ۋە تىنچ - ئاسايىش- لىقى ئۈچۈن كۈرەش، شىجائەت ۋە مەردلىك، ياۋۇز باسمىچى- لارغا قارشى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئادىللىق ۋە راستچىللىق قا- تارلىق ئالاھىدىلىكلەر تومارىس توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ باش قەھرىمانىنى خاتىرىلەيدىغان خىسلەتلەردۇر. بىز تومارىسنىڭ كەي- خىسراۋغا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

"...... بىز بىلىمىزكى، سەن تېچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەپ- تىن ئەگەر مەسلىھەتىمىزگە كونمەي ماساگىتلار بىلەن توقۇنۇشنى خالىساڭ، كۈۋرۈك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن. بىزگە

ئېيتساڭ، ساڭا كاشىلا قىلماي دەريادىن ئۆچ كۈنلۈك يىراقلىقتا كوچۈپ كېتىمىز، ئۇ چاغدا دەريادىن بىمالال ئۆتىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ سەن تۇرغان قىرغىقىدا ئۇرۇشماقچى بولساڭ ئۇنى بىزگە ئېيت! بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز. ئەمما نامەرتلىك قىلما!......“

لېكىن كەيخىسراۋ نامەرتلىك قىلىپ ھىيلە - مىكىرلىك ۋاستىلەر بىلەن تومارىسنىڭ ئوغلىنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ. بۇ ماساگىتلار① قەبىلىسىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. ئاخىرى تومارىس كەيخىسراۋ بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قەبىلىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى جان دىلى بىلەن قوغداپ ئاخىرى جەڭدە غەلىبە قىلىدۇ. كەيخىسراۋنى يېڭىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ قان بىلەن تولغۇزۇلغان يوغان قاچىغا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەي نامەرت! جەڭدە سېنى ھالاللىق بىلەن يېڭىپ چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ، سەن ئومرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ، مەن ئۆز قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىرەر ئەلنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇ!“

تومارىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر، يېڭىلمەس قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىسى بولۇپ، تارىخى قىممىتى زور بولغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ھونلار دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان باتۇر ”تەڭرىقۇت“ ھەققى-

---

① ماساگىتلار — شەرقتە ئەڭ قەدىمى بولغان قەبىلىنىڭ نامى، كاسپىي دېڭىزىدىن ھىندوقۇش ۋە تيانشانغىچە بولغان كەڭ دائىرىدە ياشىغان. (ۋ.ئى. ئاۋادىيېۋ ”قەدىمقى شەرق تارىخى“).

دىكى رىۋايەتمۇ ئەڭ قەدىمقى تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا "بوكوخان توغرىسىدىكى رىۋايەت"① مۇ زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت پانتازىك خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، قەھرىمانلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇ شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭگىۋار تارىخىدىن بىر دەۋرنى بەدىئى ئوبرازلار بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بوكوخان تارىختا ئۆتكەن رېيال شەخس. يەنى مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن 864 - يىلىغىچە 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە بوكوخان ئىسىملىك بىر خان ئۆتكەنلىكىنى تارىخ قەيت قىلىدۇ. ئۇ ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك دەۋرىدىكى (745 — 780 - يىللىرىغىچە) خاقانلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، خاقان مويۇنچورنىڭ (747 — 759 - يىللىرى) كىچىك ئوغلى ھېساپلىنىدۇ. بوكوخاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئىدىقۇت بولۇپ مويۇنچۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خاقان بولغان. (760 - يىلىدىن 780 - يىلىغىچە). شۇڭا بۇ رىۋايەتتىكى تارىخىي پاكىتلار پۈتۈنلەي تارىخىي رېياللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ رىۋايەت ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئەدەبىي يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخىي ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ھۆججەتتۇر. (تولۇق تېكىستى "شىنجاڭ داشۆى ئىلمى ژورنىلى" 1980 - يىل ئۇيغۇرچە 1 -

① "بوكوخان توغرىسىدىكى راۋايەت" — دوسان تەرىپىدىن يېزىلغان "موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى" دىگەن كىتاپقا خاتىرلەنگەن. دوسان ئۆزخاتىرىسىگە بۇ راۋايەتنى خاتىرلىگەندە، بۇ راۋايەت پەيدا بولغان ئورۇننى كورگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

سانىغا قارالسۇن)

يۇقۇرقىلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى رىۋايەت-لىرى ئىچىدە تارىخىي شەخس ئالىپ ئەرتوڭا (ئەفىراسسياپ) توغرىسىدا ئوبۇلقاسىم پىردازوسىنىڭ مەشھۇر "شاھنامە"سىدە كۆپ-لىگەن رىۋايەتلەر يېزىلغان. بىز مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەردىن "تارىخىي رەشىدىيە" ①، "تارىخىي ئەمىنىيە" ② قاتارلىق ئەسەر-لەرگە قارىساق، خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆتكەن بۈيۈك تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە نۇرغۇنلى-غان رىۋايەتلەرنىڭ بارلىغىنى كورىمىز. بۇ رىۋايەتلەر تارىخنىڭ جانلىق شاھىدى سۈپىتىدە بىزنى پايدىلىق تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

(2) زور تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر:

بۇ مەزمۇندىكى رىۋايەتلەردە زور تارىخىي ۋەقەلەر رىۋايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا گەرچە تارىخىي ۋەقەلەر ئەي-نەن كوچۈرۈپ ئېلىنمىغان بولسىمۇ، رىۋايەت شەكلى ئارقىلىق تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئەكس ئېتىلىدۇ. خۇددى خەنزۇ خەلقلىرى ئارىسىدا" تەيپىن تيەنگو ئىنقىلاۋى"، "شىڭخەي ئىنقىلاۋى" قاتارلىقلار توغرىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار تارىخىدا "چوڭ كوچ" ۋە "ئىككى ئويغۇر خانلىغىنىڭ مەيدانىغا كېلىشى" دىن تارتىپ تاكى بە دولەت ھا-كىمىيىتىگە قارشى كۆرەش ھەمدە قۇمۇل دىخانلار ئىنقىلاۋىغا

---

① "تارىخى رەشىدىيە" — رەشىدى پەيزۇللا تەرىپىدىن (ھىجرى-نىڭ 1242 — 1318 - يىللىرى ياشىغان) يېزىلغان مەشھۇر تارىخ.

② "تارىخى ئەمىنىيە" — تىچلىق تارىخىي. باي ناھىيىسىدىن موللا مۇسا سايرامى يازغان تارىخىي ئەسەر.

ئائت زور تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بۇ رىۋايەتلەر شۇ دەۋر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزگە زور ياردەم بېرىدۇ.

(3) يەر، زېمىن توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. بۇنداق رىۋا-يەتلەردە يەر-زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىنىدۇ. يەنى يەر تۈزۈلۈشى، ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر، تاغۇ-دەريالارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە باشقىلار ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: تەكلىماكان توغرىسىدىكى مۇنۇ رىۋايەت-نى كورۇپ باقايلى: "شەھرى كىتىك① قۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىن قۇم ئاپتىدىن ئامان قالغان خالايىق ئايكول ۋە كو-سەن (كۇچار)دا كۈن ئوتكۈزۈشكە باشلىدى. يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئەر دەۋل②دا قۇرغاقچىلىق بالاسى يۈز بەردى. ئاچارچىلىق ئازاۋى جانغا سانجىلدى. كوسەن خەلقى توپلىنىپ ئەردەۋىلغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى خالايىق بىلەن بىللە سۇ بوغىزىد-غا كەلدى. قارىغۇدەك بولسا دەريا سۈيى ناھايىتى ئاستىن چۇشۇپتۇ. شەھەرگە سۇ چىقىرىشنىڭ ئېھتىمالى يىراق. ئاخىرى ھەممە خالايىق تاش-تۇپراق توپلاپ دەرياغا تاشلاشقا باشلىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا لىق تولدى. دەريا بولۇنۇپ سۇ ئەردەۋل تەرەپكە ئاقتى. سۇنىڭ مەۋجىدە بىر موللا بىلەن بىر موغول ئېقىپ كەتتى. خەلقنىڭ پىشۋاسى خالايىققا قاراپ: 'موللىنى تۇتۇپ ئېلىڭلار، موغۇل ئاقسۇن' دىدى. شۇندىن بۇ-

① شەھرى كىتىك — تەكلىماكاندىكى قەدىمقى بىر شەھەر-نىڭ ئىسمى.

② ئەردەۋىل— ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى نامى.

يان بۇ يەر ’ئاقسۇن‘ دەپ ئاتالدى. كېيىن ئاستا-ئاستا ’ئاقسۇ‘ دەپ ئاتىلىپ قالدى“.①

بۇ رىۋايەتنىڭ بەلگىلىك رىياللىقى بولۇپ، مەلۇم تارىخى ۋەقەلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلقىمىز ئارىسىدا توپان بالاسى ھەققىدە تەكلىماكاننىڭ سىرى ھەققىدە،... مەلۇم رىۋايەتلەر بولۇپ، ئارخىلوگىك تەكشۈرۈشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

(4) ئۆرپ-ئادەت ۋە مىللى ئومۇملۇق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە پىسخىك ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوخشاشمىغان رىۋايەتلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا توي-تۆكۈن، ئۆلۈم يىتىم، ھېيت-بايرام ۋە باشقىلار توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بۇنداق رىۋايەتلەر شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قەدىمقى رىۋايەتلەر ئىچىدە مىللەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى قەبىلىلەر ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ پەيدا بولۇشى كونكرېت نام بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان رىۋايەتلەر كوپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىز ”ئوغۇز نامە“داستانى ئىچىدىن تۆۋەندىكى پارچىلارنى كورۈپ باقايلى: ”... ئوغۇزخاقان ئەسكەرلىرى بىلەن ئىتىل دەرياسىغا كەلدى، ئىتىل دىگەن چوڭ بىر دەريا ئىدى، ئوغۇزخاقان ئۇنى كورۈپ: ’ئىتىلنىڭ سۈيىدىن

① بۇ پارچە — موللا مۇھەممەت تومۇر قاراقاش تەرىپىدىن مۇندىن 150 يىل بۇرۇن يېزىلغان ”تەزكىرە رىشات“ ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى.

قانداق ئوتىمىز؟' دىدى. قوشۇندا بىر ئوبدان بەگ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىتى ئۇلۇغ ئوردو بەگ ئىدى. ئۇ ماھىر، پاراسەتلىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، دەريا ياقىسىدا كوپلىگەن تال ۋە نۇرغۇن دەرەخلەرنىڭ بارلىغىنى كوردى - دە، ئاشۇ دەرەخلەرنى... كەستى، ئاشۇ دەرەخلەر ئۇستىدە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئوتتى. ئوغۇزخاقان بۇنى كورۇپ سۇيۇنۇپ ئىيتتى:

— ئاي - ھاي! سەن بۇ يەرگە بەگ بولغىن، قىپچاق① دىگەن بەگ سەن بولغىن."

"ئوغۇزخاقان بىر چىپار ئايغىرغا مىنەتتى ۋە بۇ ئايغىرنى بەك ياخشى كورەتتى. يولدا مۇشۇ ئايغىر يوقىلىپ قېچىپ كەتتى. بۇ يەردە چوڭ بىر تاغ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوستىدە قار، مۇز بولۇپ، چوققىلىرى سوغاقتىن ئاپپاق ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇز تاغ دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇزخاقاننىڭ ئىتى مۇزتاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئوغۇزخاقان ئۇزۇن ۋاقىت قايغۇ چەكتى. قوشۇندا بىر باتۇر بەگ بولۇپ، ئۇ ھىچنىمىدىن قورقمايتتى، ئۇ يول يۇرۇشكە، سوغاققا چىداملىق ئىدى. ئاشۇ بەگ تاغلار ئارىسىغا كىرىپ، توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇز خاقانغا ئايغىرنى ئەكىلىپ بەردى. مۇزتاغدا قاتتىق سوغاق بولغانلىقتىن، ئۇ بەگ قارغا كومۇلۇپ ئاپپاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئوغۇزخاقان خوشاللىق بىلەن كۈلدى ۋە:

— ئەي، سەن بۇ يەردە بەگلەرگە باشلىق بول، ئىتىڭ مەڭگۇ

---

① قىپچاق — تارىختا چوڭ رول ئوينىغان تۈركى قەبىلىلەردىنىڭ بىرى.

قاغارلىق① بولسۇن. — دېدى“

”ئۇرۇشتىن كېيىن ئوغۇزخاقاننىڭ ئەسكەرلىرى، نەۋكەر-لىرى ۋە خەلقى شۇنچىلىك كوپ مال-مۈلۈك ئولجا ئالدىكى، ئۇلارنى ئارتىپ ئېلىپ كېتىشكە ئات، خېچىر، ئوي ئازلىق قىلدى. ئوغۇزخاقاننىڭ قوشۇنىدا بىر ماھىر، ئىشچان، ئۇستا كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ نامى بارمالىق جوسۇن بىللىك② ئى-دى. بۇ ئۇستا بىر هارۋا ياسىدى، هارۋا ئۇستىگە مال-مۈ-لۈكنى قويدى، ئۇنىڭ ئالدىغا تىرىك ئولجا (ئەسىر)نى قاتتى ۋە تارتىپ ئېلىپ كەتتى. نەۋكەرلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى كورۇپ ئالدىراش هارۋا ياساشتى، بۇ هارۋىلار يۈرگەندە ”قاڭغا-قاڭغا“ دەپ ئاۋاز چىقىراتتى. شۇڭا ئۇلارغا ”قاڭغا“ دەپ ئات قويدى. ئوغۇزخاقان هارۋىلارنى كورۇپ كۇلدى ۋە:

—قاڭغا هارۋا بىلەن ئولۇكنى تىرىك يۈرگۈزسۇن، سېنىڭ ئېتىڭ قاڭغالۇق③ بولۇپ هارۋىنى ئەسلەتسۇن، — دېدى ۋە ئالغا قاراپ كەتتى.“

”ئوغۇزنامە“ ئىچىدىكى بۇ ئۇچ پارچە رىۋايەت ئارقىلىق بىز قەدىمقى ئۇچ چوڭ تۇركى قەبىلىسىنىڭ قاندان بارلىققا

---

① قاغارلىق — قارلۇق قەبىلىسى. تارىختا چوڭ رول ئوينىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

② بارمالۇق جوسۇن بىللىك — كىشى نامى. مەنىسى ”كېتىپ بېرىپ بىلگۇچى“ دىگەن بولىدۇ.

③ قاڭغالۇ — قاڭلى قەبىلىسىنىڭ ئاللىگورىك ئوبرازى. قاڭلى-لىقلار قەدىمقى تۇركى قەبىلىرىنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە ”گاۋچاڭ“ لىقلار دېيىلىدۇ. بۇ قە-بىلە تۇرپان ئەتراپىدا (ئىدىقۇت) ياشىغان.

كەلگەنلىكى ۋە ئۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ تارىخى چىنلىقىدا مۇقەددىمە — ئاخىر بولىدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، شۇ خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى جەھەتتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

(5) تەبىئەتتىكى جانلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. بۇنداق رىۋايەتلەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل جانلار يەنى ھايۋانلار، ئۈچار قۇشلار، قۇرۇت-قوڭغۇزلار توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. شۇنداقلا تەبىئەتتىكى ئورگانىزىملار قانداق سەۋەپلەر ئاساسىدا ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە يېتىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ مەسىلەن: دولىتىمىزدە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقىمىز ئاغزىدا ئېيتىلىپ كەلگەن "دوقمىڭ كاككۇكى" ناملىق رىۋايەت مىسال بولالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقلىرى ئىچىدە بۇنداق رىۋايەتلەر ئانچە كوپ بولمىسىمۇ، بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈلگە شەيدا بولۇشى توغرىسىدا، ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەر بار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، رىۋايەتلەر بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان خەلقنىڭ بىر خىل سەنئەت ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك تارىخىي قىممەتكە ئىگە. تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر مەلۇم جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى تارىخقا قارىغاندا خېلى كوپ تەرەپلەردە رومانتىك تۈس ئالغان بولىدۇ. يەنى رىۋايەتلەر تارىخنىڭ بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق خاتىرلەنگەن

شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەردە شۇ تارىخىي ۋەقە توغرىلىق مەلۇم تارىخىي چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا تارىخىي يادنامىلاردا خاتىرلەنمىگەن بەزى تارىخىي ۋەقەلەرمۇ خەلقنىڭ ئاغزىدا رى-ۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغاچقا، ئۇ بىزنى ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنى تونۇشىمىزدا پايدىلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى تارىخىدا سادىر بولغان ھەر خىل تارىخىي ۋەقەلەر، ئۇلارنىڭ قەدىمقى ئېتىقا-دى، ئىدىيەۋى ئىشەنچلىرى، ياشاش ئورنى، ئۆرپ-ئادىتى، ئە-سلىدىكى نامى، قىسقىسى خەلقىمىزنىڭ ئېپتىدائى ئېتنوگراپ-يىسى ھەققىدە تولۇق تارىخى خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان ياكى قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىزى يوقالغان. بۇنداق ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئاستىدا يۇقۇرقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ھەرخىل ئارخېلوگىك تەكشۈرۈشلەردىن باشقا خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئىگەللەش مۇمكىن. لېكىن رىۋايەتلەرمۇ ئوخشاشلا خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بولغاچقا، ئۇ بايان قىلغان تارىخىي ۋەقەلەر پەقەت شۇ تارىخىي ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالىلا بولالايدۇ. ھەرگىز ئەينى تارىخنىڭ ئورنىنى باسال-مايدۇ. چۈنكى رىۋايەتلەرنىڭ سيۇژېتى تارىختىكى تۇرمۇش خام-ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تارىخ چىنى-لىقى بىلەن پانتازىيە ئۆزئارا بىربىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن.

رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىدىن تاشقىرى ئۇنىڭ ئەستېتىكىلىق ئەھمىيىتىمۇ زور بولىدۇ. رىۋايەتلەر ئارقىلىق كىشى-لەر ئىجتىمائى ھايات بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىكتىن

بەدىنى لەززەت ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئالىدۇ. لېكىن، رىۋايەتلەر ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، بەزى رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولمىغان سىياسى خاھىشلاردىن خالى ئەمەس. بۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى كۆرۈشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى مۇۋاپىق باھالىشىمىز لازىم.

ئالتىنچى باپ

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

چۆچەكلەر — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە خەلق قوشاقلىرىدىن قالسا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدىغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان بىر ژانىر.

ئادەتتە، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پانتازىيىلىك ئاساستا كۆلىگىلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىي ھېكايىلىرى چۆچەك دەپ ئاتىلىدۇ. چۆچەكلەر خىيالى ۋەقەلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ھامان رېئال تۇرمۇش تۈسىنى ئالغان بولىدۇ.

چۆچەكلەردە رېئال ۋەقە ۋە رېئال ئادەملەرنىڭ روشەن بەلگىسى بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەمما چۆچەكلەر يەنىلا رېئال ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنى چۆچەكلەر گەرچە ئىنسانلارنىڭ خىيالى ياساپ چىققان ۋەقەلىگى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ خىيالنىڭ ئىچىگە بىرەر ھەقىقەت ياكى رېئال ئارزۇ-ئارمان يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە لېنىن: ”ھەر

بىر چوچەكتە ھەقىقى تۇرمۇشنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار، ئەگەردە سىلەر باللارغا تەقدىم قىلغان چوچەكلەردە خوراز بىلەن مۈشۈك ئادەمزات تىلىدا سۆزلىمەيدىغان بولسا، ئۇنداق چوچەكنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق قىزىقى بولمىغان بولار ئىدى.“ دېگەن ئىدى.

دېمەك، چوچەكلەردە مەيلى ھايۋاناتلار ياكى يىرتقۇچلار، مەيلى ئۇچار قۇشلار ياكى قۇرۇت-قوڭغۇزلار، مەيلى تاغۇ-دەريالار ياكى دەل-دەرەخ، گىيالار ئىپادىلەنگەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرگە خاس سۈپەتلەشتۈرۈلگەن مەۋجۇداتلاردۇر. ماكسىم گوركىي خەلق چوچەكلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ، چوچەكلەر ”خەلقلەرنىڭ كەلگۈسى سائادەتلىك كۈنلەرنى دەپ قىلغان ئارزۇ-ئارمىنىنى، ئۇلارنىڭ رەھىمسىزلىككە قارشى كۈرەش ھەركەتلىرىنى، ئازاتلىققا ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ“ دەپ يازدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق چوچەكلىرىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ قىسقا ۋە ئىخچام تۈزۈلۈشى، ئىككىنچىدىن، خىيالى ۋەقە ئۈستىگە قۇرۇلۇشى، ئۈچىنچىدىن، ئىچكى مەزمۇنى جەھەتتىن رىيال تۇرمۇشقا زىچ باغلىنىشىدىن ئىبارەت.

ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىجات قىلىنغان خەلق چوچەكلىرى شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، شۇ خەلقلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى، رىياللىققا قارىتا پوزىتسىيىسىنى، ئۆزىگە خاس بولغان ئىجتىمائى كۈرەشلىرىنى ۋە غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چوچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئۇزۇن بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز پىششىقلانغان بولۇپ،

باي مەزمۇنغا ۋە گۈزەل بەددىي شەكىلگە ئىگە بولغان. چوچەك-لەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن تىلى راۋان ۋە ئاممىباپ، ئىخچام، مەزمۇندار بولۇپ، ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق خۇ-سۇسىيەتلىرى بىلەن بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزغا، بولۇپمۇ ھې-كايىچىلىق تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

گەرچە ھەممە مىللەتلەرنىڭ خەلق چوچەكلىرى تۈپ خۇ-سۇسىيەت جەھەتتىن بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بايان قىلىش ئۇسۇلى ۋە تىل ئۇسلۇبى تەرەپلەردە مەلۇم پەرق-لەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىدە خەنزۇ خەلق چوچەكلىرىدىكىدەك مەلۇم ئىزغا سېلىنغان مۇقىم قائىدە بولماي-دۇ ياكى يەنە بەزى خەلقلەرنىڭكىدەك (روسلار) چوچەك ئۈ-چۈن مەخسۇس قىلىپلاشقان تىلمۇ بولمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدا سېھرگەرلىك، جادىگەرلىك خۇسۇسى-يىتىدىكى قىزىقارلىق سيۇژىتقا ئىگە بولغان پانتازىيىلىك چوچەكلەر نۇرغۇن بولۇپ، ئۇلاردا ئۇچرايدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار، جا-دىگەرلەر، ھەر خىل دىۋىلەر، ئەژدىھارغا ئوخشاش مەۋھۇم پېرسو-ناژلىق چوچەكلەردە ئانىلىق دەۋرى كوزقاراشلىرىنىڭ ئىلمىنت-لىرى بار. چۈنكى بۇنداق چوچەكلەردە ھەممىشە دىگۈدەك ئايال-لارنىڭ ئوبرازى يۇقۇرى، ئالىجاناپ سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ، يەنى كوپىنچە قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ ئەقىل-پاراستى، دانىشمەنلىكى ھەر خىل جادىگەر، يالماۋۇزلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چوچەكلەرنىڭ تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ خىيالى قۇرۇلۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەينى تارىخى دەۋر بىلەن (ئوچۇغراق ئېيتقاندا ئانىلىق دەۋرى بىلەن) زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈشتەك ئارزۇ-

ئۇمىتلىرى ۋە كېلىچەككە بولغان غايىسى ئەكس ئەتتىلگەن بو-لىدۇ. ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، قۇرۇت-قوڭغۇزلار ۋە باشقا تىلسىملىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ئوخ-شاشلا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى ھاياتى مەركىزىي نۇقتا قىلىنغان بولىدۇ، يەنى ئۇلار ئادەمسىمان مەۋجۇداتلار بولۇپ ئومۇمەن ئىجتىمائى خاراكتېر ئالغان بولىدۇ.

مۇشۇ خىل خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئوبرازلار ناھايىتى جانلىق ۋە قىزىقارلىق يارىتىلغان. يالماۋۇز، ئالۋاستىلار بايان قىلىنغان چۆچەكلەردىكى بۇ مەخلۇقلار كورۇنۇشكە ئىنتايىن قور-قۇنچلۇق، سەت، يىرگىنىشلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىشانىسىدا بىرلا كوزى بار قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ، ئۇلار چەكسىز تىلسىملىق كۈچكە ئىگە، ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك بولۇشىغا قارىماي، ھامان "ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس" قىلىپ سۈرەت-لەنگەن ھور قىزلارنىڭ ئەقىل-پاراستى تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئولۇمگە مەھكۇم بولىدۇ.

ئەركىن مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، فېوداللىق ئەدەپ-ئەخلاقىقا قارشى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان خەلق چۆچەكلىرىمۇ نۇرغۇن بولۇپ، بۇنداق چۆچەكلەردە ئاددى ئەمگەكچىلەرنىڭ سەممى ساپ مۇھەببىتى ھامان ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ۋە ساختا ئەخلاقىي كوزقارىشى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

ئومۇمەن، قايسى خىلدىكى چۆچەكلەر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ كورۇنەرلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئوپتىمىزىملىق روھىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈگىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك، خەلقنىڭ ئىرادىسى ئاخىرقى ھىساپتا قاتمۇ-قات ئېغىرچىلىق ۋە جاھالەت

ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىغا خۇشخۇشلۇق بەغىشلايدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يەنە بىر خۇسۇسىيىتى — ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى پوئېزىيىلىك ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى يەر، سۇ ۋە تىرىكچىلىك شارائىتىغا ئاساسەن شۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مىللىي ئالاھىدىلىگى، خۇلقى-مىجەزى قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلانغان، مەسىلەن: ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى دىخانچىلىق قىلىپ كەلگەن خەلق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشى ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئەمگەك مىۋىسى ھىساپلانغان ناننى مۇقەددەس نەرسە دەپ بىلىپ ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، ھەتتا ناننىڭ بىر تال ئۇۋىغىنى يەرگە تاشلاشمۇ چوڭ گۇنا ھىساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا "نان ئۇرسۇن" دىگەن سوز ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەسىمى ئاتىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇش چۈشەنچىسىدە نان تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى خېمىردىن ياسالغان قەھرىماننىڭ كۈچىگە ھېچقانداق كۈچ توغرا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئاللىگورىيەلىك ئوبرازلاردىن بىز شۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئەمگەك ئالاھىدىلىگى ۋە ئورپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى ھىس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئاساسى ئوبرازلار ئومۇملۇق تەرەپتىن شۇ خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغاندىن تاشقىرى، بەزى يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرمۇ چۆچەكلەرنى يەرلىك تۈسكە ئىگە قىلغان، مەسىلەن: قەشقەر ئەتراپىدىكى چۆچەكلەردە دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك، خوتەن رايونىدىكى چۆچەكلەردە تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپ ۋە باشقىلار، قۇمۇل رايونىدىكى

چوچەكلەردە ئوۋچىلىق، لوپنۇر بويى ئەتراپىدىكى چوچەكلەردە بېلىقچىلىق، ئىلى رايونىدىكى چوچەكلەردە دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ... قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر كۆپرەك ھىكايە قىلىنىدۇ. ياكى بىر خىل چوچەك ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئىجادىي ھالدا ئوخشىمىغان ۋارىيانتلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىدە گەرچە ئوبرازلارنىڭ پىسخىك ئۆزگىرىشلىرى، مەنزىرە، شارائىت تەسۋىرلىرى ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىكىدەك تەپسىلى بايان قىلىنمىسىمۇ، لېكىن چوچەكلەردىكى ئوبراز ئىنىقلىق، توغرىلىق ۋە كونكرېتلىق جەھەتلەردىن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. چوچەكلەردىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى ھەممىشە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئىخچام بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى مەزمۇن ئىنتايىن زور بەدىئىي ئۇمۇملۇققا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى مەزمۇنىنى بايان قىلىشتا كۆپىنچە ئۈچ مۇچىلىك بولۇپ تۈزۈلىدۇ. بۇ دىگەنلىك، ئادەتتە بىر ئادەم چوچەكلەردە ئۈچ تۈرلۈك قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچ دۈشمەننى يېڭىپ چىقىدۇ؛ ئۈچ ئەژدىھانىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ ياكى بولمىسا، بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ ئوغلى ياكى ئۈچ قىزى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەرتىپ بويىچە

ئەڭ كىچىگى بولغان ئۈچىنچىسى ئەقىللىق، دانىشمەن بولۇپ ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، دىمەك، مۇشۇنىداق ئۈچ ئامىلدىن تەركىپ تېپىپ مەزمۇننى ئىپادىلەش كوپ ھال-لاردا ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ بايان قىلىش شەكلىدىكى بىر ئورتاق قانۇنىيەتكە ئايلانغان.

فولىكلور ئەسەرلىرىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ ئېغىزدا ئېيتىلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇپ يۈرىدۇ. يازما ئەدەبىياتتەك مۇقىملىققا ۋە تۇراقلىققا ئىگە ئەمەس، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەت، ئۇلارا بېرىش - كېلىش ۋە ھەر خىل ئىجتىمائى ئالاقىلار ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولغان خەلق چوچەكلىرى ئومۇمى ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ، يەنى بىر مىللەت خەلقىنىڭ چوچەكلىرى ئىجتىمائى تۇرمۇش ئورتاقلىقى بولغان يەنە بىر مىللەت خەلقلىرى ئارىسىغا سىڭىشىدۇ ۋە ئۇلارا ئالمىشىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەزى ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى تىل، ئادەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن يېقىنچىلىقى بولغان تۈركى خەلقلىرى ھەتتا ئوتتۇرا شەرق ۋە يىراق شەرق خەلقلىرى ئىچىدە بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ياكى شۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى بويىچە ئېيتىلىنىڭ مەنبەسى بىر بولغان چوچەكلەر ھەر خىل ۋارىيانتلارغا ئۆزگەر-گەن.

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ كېچ-لىپ چىققىشى بويىچە تارىخىي ئومۇملۇققا ئىگە بولغانلىقى سە-ۋەپ بولغان: بىز يۇقۇرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، خەلق چوچەك-لىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپ، خەلقلەر-

نىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھەمرا بولۇپ كەلدى. يەنى سىنىپ ۋە مىللەت شەكىللەنمەستىن خېلى بۇرۇنلا خەلقلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن چوچەكلەر مەۋجۇت ئىدى. جۈملىدىن ھەر خىل تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خەلقلەر ئارىسىدا ئۆزئارا بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كېتىش ياكى بولۇنۇش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەردى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ تارىخىي تەسىرلىرى، خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدە ئەكس ئېتىپ، بەلگىلىك ئورتاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە خەلق چوچەكلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا، چوچەكلەرنىڭ شۇ خەلق ئارىسىغا ئومۇملىشىش ۋە ئۆزلىشىش دەرىجىسىنى ئۇنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن مۇتلەق كۆپ خەلق چوچەكلىرى خەلقىمىزنىڭ بىۋاستە ئىجادىيىتى بولۇپ، مۇنداق مۇرەككەپلىكتىن خالى تۇرىدۇ.

چوچەكلەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ تېماتىك، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا ئىككى چوڭ تارماققا بولۇنىدۇ:

## 1§ - تۇرمۇش چوچەكلىرى

تۇرمۇش چوچەكلىرى — رىيال تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بولغان چوچەكلەردۇر. تۇرمۇش چوچەكلىرىدىكى ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رىياللىققا يېقىنراق كېلىدۇ. بۇنداق چوچەكلەردىكى ئادەم ئوبرازى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي كونكرېت ئادەم بولماستىن، بەلكى سەنئەت يولى بىلەن

چوچەكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بويىچە يارالغان ئادەملەردۇر. تۇرمۇش چوچەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا تۇرمۇش چوچەكلىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ياۋۇزلىقى، رەھىمسىزلىكى، ئاچكۆزلىكى، ھىلىگەرلىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلىدۇ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى، غەيرەت-جاسارىتى مەدھىيىلىنىدۇ. تۇرمۇش چوچەكلىرىنىڭ كۆپچىلىكى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن فېئودالىق تۈزۈم شارائىتىدا پەيدا بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەجۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، روشەن ئىجتىمائىي تۈس ئالغان. تۇرمۇش چوچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ ئاساسى سالمىغىنى تۇرمۇش چوچەكلىرى ئىگەللەيدۇ، تۇرمۇش چوچەكلىرى مەزمۇن جەھەتتىن بىر قانچە خىل بولىدۇ:

(1) ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارىمۇ-قارشىلىقنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوچەكلەر. بۇنداق چوچەكلەردە فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن دىخانلار سىنىپى ئارىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت ۋە بۇ ئوخشىمىغان ئىككى خىل سىنىپنىڭ ئىدېئولوگىيە پورىمىسى روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئەقىل-پاراسەتلىك، كورەشچان، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، پومېشچىكلار سىنىپى بولسا ھورۇن، ئاچكوز، ھىلىگەر، ياۋۇز،

رەھىمىز، دوت قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، ”ئۇژمە سايـ-سى“ دىگەن خەلق چوچىكىنى ئالايلى؛ ئۇنىڭدا بىر ئاچكوز باي بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەپچىلەمنىڭ ئوبرا-زى يارىتىلغان. باي ئىنتايىن ئاچكوز ھەم رەھىمىز بولغاچقا يول ئۈستىدىكى ئۇژمە دەرىخىنىڭ سايىسىدا يولۇچىلار ۋە چاكارلىرىنىڭ بىردەم سايىدىشىغا يول قويمايدۇ. باينىڭ بۇنـ-داق بىمەنە ئىنساپسىزلىغىدىن پۈتۈن خەلق كۈچلۈك نارازى بولۇپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دىگەن ئەقىلـ-لىق ۋە باتۇر بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ قېرىنداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باينىڭ كېلىشتۈرۈپ دەككىسىنى بېرىش ئۈچۈن ھىلىقى ئۇژمىنىڭ سايىسىنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ. مال-دۇنيا دىسە جېنىنى بېرىدىغان ئاچكوز باي بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئەقلى يەتمەي ئۇژمە سايىسىنى ئۆزىنىڭ دىگىنى بويىچە ئەپـ-چىلەمگە سېتىپ بېرىپ: ”بۇ گادايلارنى يەنە بىر قېتىم باپلىدىم“ دەپ خوشال بولىدۇ. لېكىن ئىش باينىڭ ئويلىغىنىدەك چىقـ-مايدۇ. ئۇژمە سايىسىنى قانۇنلۇق ھالدا سېتىۋالغان ئەپچىلەم ئۆز ئەتراپىدىكى يوقسۇل بۇرادەرلىرى بىلەن سايە نەگە چۈشسە شۇ يەرگە بېرىپ بەھوزۇر راھەتلىنىدۇ، پۈلنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلار ھەتتا باينىڭ بېشىغا دەسسەپ ئوينايدۇ. باينى خەلقى ئالەم ئالدىدا قاتتىق مەسخىرە قىلىپ:

چىقمىز ئۇژمە سايىسىنى
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.
ھويلىسىدىن چىقالماي
ساچقان بولۇپ ياتقان باي...

دىگەندەك كۆلكىلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مۇشۇن- داق ئەقىل-پاراسەتكە تايىنىپ ئەپچىللەم ئاخىرى باينىڭ ئۈس- تىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

(2) ھۈنەر-كەسىپ توغرىسىدىكى چۆچەكلەر. ئۇنىڭدا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى قول-ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە كۈرىشى ئەكس ئېتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تا- رىخىدا دېخانچىلىقتىن قالسا قول ھۈنەرۋەنچىلىك مۇھىم تار- ماقلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جۈملىدىن چۆچەكلەردە بۇ تېما بەلگىلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن: «ياماقچى بىلەن پادىشا» دېگەن خەلق چۆچىكىدە بىر نامرات موزدۇزنىڭ كېچە-كۈندۈز مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ياماق ياماشمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يالغۇز جېنىنى باقال- مىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشانىڭ زۇلمىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى، شۇ سەۋەپتىن فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھ- لارغا ئاشكارا قارشى چىقىپ ئۇلار ئۈستىدىن ئاخىرى غەلىبە قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

بۇ چۆچەك:

دەردى يوق موزدۇز دىمە،
دەردىم ئىچىمدە بىر تولۇم،
پادىشانىڭ شەھرىدە
نەگە بارساڭ بار زۇلۇم.
دىگەن قوشاق بىلەن باشلىنىپ:
ئادالەتسىز پادىشا
ھىچبىر ئوقەت قىلدۇرماي.

زەپمۇ باپلىدى موزدۇز
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي.

دەپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

(3) فېئوداللىق دىنى بويۇنتۇرۇقلارغا قارشىلىق ئىپادىلىگەن چۆچەكلەر. بۇنىڭدا مۇھىمى فېئودالىزىم جەمئىيىتىدىكى ئەمگەكچى خوتۇن-قىزلارنىڭ ساپ مۇھەببەت ئىستىكى، نىكاھ ئەركىنلىكى يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلىنىپ، فېئوداللىق دىنى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە ئەمگەكچىلەرنىڭ پۇت-قولىغا سېلىنغان بۇ روھى كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ. مەسىلەن: ”يېرىلىك تېشىم“، ”پادىچى بالا“، ”يېتىم قىز“ قاتارلىق چۆچەكلەردە فېئوداللىق دىنى ئەھكاملارنىڭ چىرىك ماھىيىتى پاش قىلىنىپ، ئەركىنلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق، باراۋەرلىك غايىلىرى ئالغا سۈرۈلىدۇ.

(4) ئەدەپ-ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىدىغان چۆچەكلەر. ئۇيغۇرلار ئەدەپ-ئەخلاقنى سۆيىدىغان، ئادەتتىكى تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆز-ئارا ئىززەت-ئىكراملىق بولۇشنى، كەمتەر، ئېھتىياتچانلىقنى، سەممىي-راستچىللىقنى، ئادەمگەرچىلىكنى قەدىرلەيدىغان خەلقتۇر. شۇڭا خەلقىمىز ئۆز تارىخىدا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەمسىل خاراكتېرلىق كۆپلىگەن چۆچەكلەرنى ياراتتى. بۇ چۆچەكلەردە ئەدەپ-ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا ئىبرەتلىك ۋە ھېكمەتلىك پىكىرلەر ئالغا سۈرۈلىدۇ، كىشىلەرگە قانداق ياشاش ۋە نېمە قىلىش كېرەكلى-

گىنى ئۇگىتىدۇ. مەسىلەن: "بىلەرمەن"، "نىيىتى يامانىنىڭ قا-زىنى توشۇك"، "كەكلىكلەر" "ئادەم قالتىسمۇ-ھايۋانمۇ؟" قاتارلىق چۆچەكلەر بۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. "بىلەرمەن" ناملىق چۆچەكنى ئاڭلاپ باقايلى:

"بۇرۇنقى زاماندا بىر-بىرىدىن بىلەرمەن بىر ئەر-خوتۇن بولغان ئىكەن. خوتۇنى ئېرىگە بىر مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمەيلا "بىلىمەن" دەيدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە-تۈگمەيلا "بىلىمەن" دەپ تۇ-رىدىكەن. ئۇلار بىلەرمەنلىكنى ئۆيدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدى-مۇ قىلىشقا باشلاپتۇ. يۇرت-جامائەت ئۇلاردىن زېرىكىپ، "قانداقمۇ قۇتۇلارمىز" دەپ پاراڭلىشىۋاتسا ھېلىقى "بىلەرمەن كېلىپ: "بىلىمەن، سىلەر قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرىسىلەر" دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى بىلەرمەن بازارغا بېرىپتۇ. ئۇياق-بۇياققا مې-ڭىپ مال كورۇپتۇ. بىر بوۋاي "ساتىمەن" دەپ بىر چاپاننى كوتىرىپ يۇرۇپتۇ. بۇ چاپان بوۋايغا 4-بوۋىسىدىن تەۋەرۈك قالغان بولۇپ، بۇ چاپاننىڭ خىسلىتى "ئۇچ چاپىنىم" دىسە ئۇچىدىكەن، "چۈش چاپىنىم" دىسە چۈشىدىكەن "بىلەرمەن كېلىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

— بۇ چاپاننى ساتامسەن؟

— ساتىمەن تەقسىر.

— ساتىدىغانلىغىڭنى بىلىمەن، باھاسى قانچە؟ — دەپتۇ بىلەرمەن:

— بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق تەقسىر، ئون تەڭگە بەر-سىلە.

— پاھ-پاھ! سىزنىڭ شۇنداق باھا قويالىغانلىغىڭىزنى بىلمەن. تۇت تەڭگە بېرەي.

بوۋاي توققۇز تەڭگىگە چۈشۈپتۇ. "بىلەرمەن" بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ. ئەتراپىدىكى بىدىكلەر يەتتە تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويالىغانلىغىڭلارنى بىلمەن، — دەپتۇ "بىلەرمەن"، ئاخىرى تومۇردەك قاتتىقلىق قىلىپ ئالتە تەڭگىگە ئاپتۇ. "بىلەرمەن" بوۋايغا قاراپ:

— سىزنىڭ ئالتە تەڭگىنى كوزلەپ تۇرغانلىقىڭىزنىمۇ بىلەمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— تەقسىر، بۇ چاپاننىڭ بىر خىسلىتى بار... دېيىشىگە گەپنى كېسىپ:

— بىلىمەن، چاپان دېگەننىڭ نىمە خىسلىتى بولاتتى، — دەپتۇ.

بوۋاي يەنە:

— ياق، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، بۇ چاپاننى كىيىپ "ئۇچ چاپىنىم" دېسە ئۇچىدۇ. چۈشىدىغان چاغدا... — بوۋاي سوزىنى تۈگەتكىچە "بىلەرمەن" يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

— بىلىمەن، ئالتە تەڭگىلىك چاپان ئەلۋەتتە ئۇچىدۇ-دە، دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى تىڭشىمايلا چاپاننى قولتۇقلاپ ئويىگە كېتىپتۇ. ئويىگە كېلىپ ئېيتىپتۇ.

— ھەي خوتۇن: تېز بول، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم...

— ھە، نىمە دەيلا، بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئېلىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇن.
— توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ ئاسمانغا چىقىپ دۇنيا كۆرىمىز.
— ۋىيەي، تازىمۇ ئويدان چاپانكەنغۇ! بۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىغىنى بىلىمەن، قېنى كىيىپ باقسىلا! — دەپتۇ خوتۇن. باي چاپاننى كىيىپ "ئۇچ چاپىنىم" دەپتىكەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا كۆتىرىلىشكە باشلاپتۇ، خوتۇنى توۋەندە تۇرۇپ:
— باي دادىسى چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، — دەپتۇ.
— ھاي ئەخمەق، سەن دىمىسەڭمۇ بىلىمەن، — دەپ ئۆر-لەپ كېتىپتۇ. دەرەخ بويى ئورلىگەندە بېشى قېيىپ چۈشۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. "مەن چۈشۈۋالاي"، "مېنى چۈشۈرۈپ قوي" دەپ چاپانغا ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ چۈشمەي بارغانسېرى يۇقۇرى ئۆرلەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ زادى چۈشۈرەلمەپتۇ. ئاخىرى بولمىغاندىن كېيىن توۋەنگە قاراپ:
— ۋاي خوتۇن مېنى تۇتۇۋال، دەپ ۋاقىراپتۇ. خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىگە ئۆزى:
— بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەي-سەن — دەپ ئېرىگە قاراپ دوگمۇ-دوك، تاغمۇ-تاغ يۈ-گۈرۈپتۇ. ئېرى بارغانسېرى ئورلەپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ھاسى-راپ-ھۆمىدەپ، تاققا چىقىۋاتقاندا پۇتى سىرىلىپ كېتىپ تاشمۇ-تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. "ئۇچۇشنى بىلىپ چۈ-شۈشنى" بىلمىگەن دىگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش".

(5) ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ۋە يېڭى دۇنياغا بولغان ئىنتىلىشنى ئىپادىلەيدىغان چوچەكلەر. بۇنداق چوچەكلەردە بىر تەرەپتىن پىششىقەدەم دىخانلارنىڭ تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەل كېلەچەك توغرىسىدىكى غايە، تەسەۋۋۇرلىرىنى رىياللىققا تەتبىقلاپ، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ئالدىغا يېڭى مەسىلەلەرنى قويىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە "ئۇچىدىغان گىلەم"، "ياغاچ ئات" "گوھەر تۇغىدىغان توخۇ"، "ئېچىل سۇپرام" قاتارلىق پانتازىيىلىك چوچەكلەر بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق قەدىمقى خەلقىمىز دۇنيانىڭ سىرىنى ئىگەللەش ۋە تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ شىرىن تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاسمانلاردا خالىغانچە ئۇچۇشنى، دۇنياغا تېخى مەلۇم بولمىغان ھەر خىل ماددى نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى ... ئارزۇ قىلىشقان. يۇقۇرقى چوچەكلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پانتازىيە جەمئىيەت ئالدىدا تۇرغان يېڭى مەسىلىلەر، سۇپەتىدە، كېيىنكى ئەۋلاتلارنى باش قاتۇرۇپ ئىختىرا قىلىشقا ئۈندىدى. نەتىجىدە بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق شىرىن خىياللىرى تامامەن رىياللىققا ئايلاندى.

## §2 - ھايۋانات چوچەكلىرى

ھايۋانات چوچەكلىرى ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ بىر خىلى

هايۋاناتلار هەققىدىكى چوچەكلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئاددى، شەكلى ئىخچام، مەزمۇنى ناهايىتى قىزىقارلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانلار بىلەن هايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۇرۇلۇپ، ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى خەلقلەرنىڭ هايۋاناتلارنى چۈشىنىشى ۋە بىلىشى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى بىلەن يۇغۇرۇل-غان ۋە ئۇنىڭغا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيەۋى هىسسىياتى سىڭدۇرۇلگەن.

هايۋانات چوچەكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى باشقا خىلدىكى چوچەكلەرگە قارىغاندا ئۇزۇنراق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئە-مەلىيىتى ۋە ئىجتىمائى ئەمەلىيىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مول بىلىملىرىدىن ئىبارەت.

هەممىگە مەلۇمكى، ئىپتىدائى جەمئىيەتتە تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەهەتلەردە ئادەملەر بىلەن هايۋاناتلار زىچ ئالاقىدار بولدى. ئوۋچىلىق دەۋرىدە بولسا، هايۋاناتلار ئىنسانلار تۇرمۇشىدا تېخىمۇ مۇهىم رول ئوينىدى. هايۋاناتلار بىلەن ئىن-سانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت ئەمگەكچى خەلق-نىڭ سەنئىتىدە هايۋاناتلار چوچىگى بولۇپ شەكىللەندى.

هايۋانات چوچەكلىرىنىڭ پانتازىيىۋىلىكى بىرقەدەر كۈچ-لۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا هايۋاناتلارنىڭ خاراكتىرى ئىنتايىن رو-شەن سۈرەتلەنگەن هەمدە بۇ هايۋاناتلارنىڭ مىجەزى ۋە فىزىولوگىيىلىك ئالاهىدىلىكى بىلەن زىچ باغلانغان. هايۋانات چوچەكلىرى كىشىلەرگە ئوخشىمىغان هايۋاناتلارنىڭ نىمە ئۈچۈن

بۇنداق مىجەزگە ۋە تاشقى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى قىزىقارلىق ھالدا ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ.

ھايۋانات چۆچەكلىرىدە بايان قىلىنغان ھايۋاناتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گەرچە رېئال مەۋجۇدىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چۆچەكلەر يەنىلا پانتازىيىلىك توقۇلمىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدا ھايۋانات چۆچەكلىرى ئادەتتىكى تۇرمۇش چۆچەكلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا ھايۋاناتلار ئاساسىي قەھرىمان قىلىنسىمۇ، لېكىن ھايۋاناتلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇشى ئەينەن بايان قىلىنماستىن بەلكى ھايۋاناتلارغا ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتى (ئىجتىمائى ئاڭ، ئىدىيە ۋە تىل) بېرىلگەن ھەمدە ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ھايۋاناتلار ئادەملەشتۈرۈلۈپ (قىلىقلاندۇرۇلۇپ) كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەت ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلار ئەگرى-بۈگرى يوللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ-كۆلەمدە تارقىلىپ يۈرگەن ھايۋانات چۆچەكلىرىدە ئەمگەكچانلىق، سەمىمىي سادىقلىق، راستچىللىق، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەت، توغرا نىيەت ۋە كەمتەرلىك مەدھىيىلەنگەن، ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقتا، ھورۇنلۇق ۋە ياقاۋلىقتا، نەپسانىيەتچىلىك ۋە پۇرسەتپەرەسلىككە، تەلۋىلەرچە تەكەببۇرلۇق قىلىشتەك يامان ئىدىيە ۋە ناچار ئىستىللارغا قارشى تۇرۇلغان. بۇنداق ئىجتىمائى تۈس ئالغان ئىدىيە ئەسلىدە ھايۋاناتلارغا خاس نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىڭى بولۇپ، ھايۋانات چۆچەكلىرىدە ۋاستىلىك ھالدا پانتازىيە ۋاستىسى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھايۋانات چۆچەكلىرىدە، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ پەرق بولغان ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئۇچرىشىشى كۆپرەك يېزىلغان بولۇپ، ۋەھشى، ياۋۇز ھايۋان ئاقكۆڭۈل، ئاجىز ھايۋاننى ھەمىشە يەمەكچى بولۇپ خالىغانچە بوزەك ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۆچەكلەردىكى زىددىيەتلەر راۋاجلىنىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق، ۋەھشىلىك بىلەن يۇۋاشلىقتەك ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتكە ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۆتمۈش جەمئىيەتتە، ئەمگەكچى خەلق خۇددى بىگۇناھ، يۇۋاش قوزىچاقنىڭ ۋەھشى بۆرىگە يەم بولغىنىدەك، (”بۆرى بىلەن قوزىچاق) دائىم ”يەم بولۇش“ ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراش ھالىتىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھايۋانات چۆچەكلىرىنى ئىجات قىلىشتا، ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياردىمى ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنداقلا زىيانكەشلىككە، خورلۇققا ئۇچرىغان مەزلۇم-ئاجىزلارغا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ھېسداشلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. لېكىن مۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى شۇنداق بولىدۇكى؛ ئىش ھامان زوراۋانلار ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ، ئاجىز، يۇۋاشلار ھەمىشە بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ياكى ۋەھشى زوراۋانلارنىڭ ئەددىۋىنى بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ”توكۇر توشقان ۋە يولۋاس“، ”بۆرە بىلەن قوزىچاق“، ”تۈلكىنىڭ تەقسىماتى“، ”ئولاي بىلەن قاغا“، ”ئىشەك بىلەن يولۋاس“، ”ساچقانلارنىڭ سوھبىتى“ قاتارلىق چۆچەكلىرى

مانا مۇشۇنداق يېزىلغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان توكۇر توشقاننىڭ يولۋاسنى يېڭىشى، تۈلكىنىڭ ياۋۇز بورىنى يېڭىشى، ئۆلاينىڭ قاغىنى يېڭىشى، ئېشەكنىڭ يولۋاسنى يېڭىشى... قاتارلىقلار رىيال تۇرمۇشتا ئىشقا ئاشمىغى تەس بولغان ئىشلاردۇر. ئۇلار ئادەتتىكى تۇرمۇش چۆچەكلىرىدىكى خورلانغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەت غەلىبە قازانغىنىغا ئوخشاش ئىجتىمائى تۈس ئالغان بولۇپ، ھەممىسى بىر خىل ئارزۇ ۋە غايىنىڭ ئىپادىلىنىشى. ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكى ھايۋاناتلار پانتازىيىلىك بەدىئى ئوبراز بولغاچقا، ئۇ گەرچە ھايۋانات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەت دۇنياسىدا بار بولغان ئەسلىدىكى ھايۋاناتلار ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكى ھايۋاناتلار ئوبرازى يەنىلا ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن رىياللىق بىلەن پانتازىيىنى بىرىكتۈرۈشتە ھايۋاناتلارنىڭ مىجەز - خۇلقى ئومۇملاشتۇرۇلغان ھەم ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل بەدىئى ئىجادىيەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىكى ھايۋاناتلار، ئوبرازى ھەم ھايۋان ھەم ھايۋان ئەمەس؛ ھەم ئادەم ھەم ئادەم ئەمەس. ئۇ ئادەملەر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ بىرلىگى، شۇنداقلا رىياللىق بىلەن پانتازىيىنىڭ بىرلىگىدۇر.

ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكى ھەر خىل مەركىزى ئىدىيىلەر چۆچەكلەردىكى ئوخشىمىغان ھايۋانلارنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، زوراۋانلىق قىلغۇچى ياۋۇزلارنىڭ تىپى يولۋاس، بۆرە، يالماۋۇز، يىلان، قاراقۇش... ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يوۋاشلارنىڭ تىپى قوي، كالا، بۇغا، توشقان، كېيىك، ئۆلاي قاتارلىقلار بىلەن ئە-

پادىلەنگەن؛ ھىلىگەرلەرنىڭ تىپى تۈلكە، مايمۇن ئارقىلىق ئىپا-
دىلەنگەن؛ ساددا - ئەخمەقلەرنىڭ تىپى ئات ۋە ئىيىق قاتارلىقلار
ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئالا كوڭۈللەرنىڭ تىپى سىغىزخان ئار-
قىلىق ئىپادىلەنگەن؛ شۇملۇق تىلىگۈچىلەرنىڭ تىپى ھۇقۇش
ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ تىپلار ھايۋانلارنىڭ ئەسلى مىجەز -
خۇلقى بىلەن بىرقەدەر زىچ باغلانغان.

لېكىن ھايۋانات چۆچەكلىرىدە بۇنىڭ سىرتىدىكى ئەھ-
ۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزى ھايۋانلار ئوخشىمىغان شارائىتتا
ئوخشىمىغان خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: ھايۋانات چۆ-
چەكلىرىدىكى يولۋاسنىڭ ئوبرازى كۆپ ھاللاردا زوراۋان، يىرتقۇ-
چلارنىڭ تىپى قىلىنىسىمۇ، يەنە بەزى چۆچەكلەردە ئۇنىڭ
ئەلگىرى بۇغىدىنمۇ يۇۋاش، كالىدىنمۇ دوت، چوشقىدىنمۇ ساددا
ئىكەنلىگى، دائىم تۈلكىنىڭ خورلىشىغا ئۇچرايدىغانلىغى بايان
قىلىنىدۇ. ("مۇشۇك، يولۋاس ۋە چاشقان") بۇنداق ئوخشىماس-
لىقلاردا خىلمۇ-خىل سەۋەپلەر بار. ئوخشاش بولمىغان خەلقلەر،
ئوخشاش بولمىغان جايلار، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلارۋە تا-
رىخى تەرەققىيات باسقۇچلىرى كىشىلەرنىڭ بىر شەيئىگە ئوخ-
شاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتۇشىغا سەۋەپچى بولغان. شۇنداقلا
بىر ھايۋاننىڭ ھەر خىل چۆچەكتىكى ئورنى، مۇناسىۋىتى، ھەر-
كىتى ئوزگەرگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسى-
يىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: چاشقاننىڭ ئوبرازى ئا-
دەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن ئوڭرىتوقاي، سۇرتوقاي قىلىنىش بىلەن ئى-
پادىلىنىدۇ. دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇك چاشقان يەپ،
كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەن.

لېكىن كىشىلەر ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ ئالدامچىلىق

ۋاستىسىنى پاش قىلغىنىدا، دائىم مۇشۇك بىلەن چاشقاننىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتىدىن پايدىلانغاندا ۋە تەپەككۇر يۇرگۇزگەندە، مۇشۇك يالغان شەپقەتچىنىڭ ئوبرازىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، چاشقان بولسا ئالدانغۇچى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ("چاشقانلارنىڭ سوھبىتى").

دەرۋەقە، بۇنداق ئوزگىرىش چوچەك ئىجاتچىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا شۇ ھايۋاناتلارنىڭ ئوزىگەخاس مىجەز-خۇلقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. چۈنكى بىر ھايۋاننىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە خۇسۇسىيىتى ھامان كوپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ شۇڭا مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوخشىمىغان چوچەكلەردە ئوخشىمىغان تەرەپلەرنى گەۋدىلەندۇرۇشكە بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا كىشىلەر يولۋاسنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىپادىلىگەندە، ئۇنىڭدىكى مەنا ھايۋانات چوچەكلىرىدىكى يولۋاسنىڭ ئوبرازىغا ئوخشاش بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدا باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ يولۋاسنى ئاتايدۇ. خۇرازنى تاڭنىڭ ئەلچىسى سۇپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئىدىيىۋى ئىشەنچ بىلەن ئېتىقاتنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەپلىك، تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقى توتېمىزىم ئېتىقادى بويىچە بورىنى مۇقەددەس نەرسە دەپ ھىساپلاپ ئۇنى يولباشلىغۇچى، نىجاتلىق بەرگۈچى، جەسۇرلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ. ئومۇمەن دەۋرنىڭ ئوزگىرىشى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچنىڭ ئوزگىرىشى ھايۋانات چوچەكلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دىمەك، ھايۋانات ھەققىدىكى مەلۇم بىر چوچەكنى چۈشىنىشتە، ئۇنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىگى ۋە بىر خىل خاراكتىرىنىلا كوزدە تۇتماي، ۋاقىت شارائىت، ماكان-

نىڭ ئوخشىماسلىغى تۈپەيلىدىن ئاشۇ خىل چوچەكتىكى مەركە-
زى ئىدىيىنىڭ ئوخشىماسلىغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىغىنىمۇ
نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم. بۇ ھايۋاننىڭ چوچەكتە زادى قانداق
قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىغى، قانداق ئورۇن تۇتقانلىغى، قان-
داق رول ئوينىغانلىغى، ئاپتور ئۇنىڭغا قانداق ئىدىيىۋى مەنا
بەرگەنلىگى شۇ خىل چوچەكنى تەھلىل قىلىشنىڭ بىر مۇھىم
شەرتى.

ھايۋانات چوچەكلىرى گەرچە مەزمۇنى مول، بەزىلىرىنىڭ
داۋىللىرى خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ، لېكىن شەكىل ئالاھىدىلىگى
جەھەتتىكى چەكلىمىلىگى تۈپەيلىدىن، ئىپادىلەشتە تازا بىۋاستە
ۋە تولۇق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا پانتازىيە ۋاستىسى ئار-
قىلىق بەدىئى جەھەتتە ئەركىن بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتى
كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايۋانلار ئاساسى قەھرىمان
بولۇشتەك چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىغى مۇمكىن ئەمەس، گەرچە ئۇ-
نىڭغا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ
مۇئەييەن ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئىمكانىيىتى بول-
سىمۇ، لېكىن ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇناسىۋەتلىرىگە ئې-
تىۋار بەرمەي بولمايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇ رېياللىقنى ئەگ-
رى-توقاي ۋە يوشۇرۇن ھالدىلا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئەڭ مۇ-
ھىمى ھايۋانات چوچەكلىرىدىكى ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكتۇر.

ھايۋانات چوچەكلىرى يۇقۇرقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن
ئادەتتىكى چوچەكلەردىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز-
ئارا باغلانغان بولىدۇ، ۋە بەزىدە ئۆزئارا ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ، مەيلى
تورمۇش چوچەكلىرى بولسۇن، مەيلى ھايۋاناتلار چوچىگى بول-
سۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىدىيىلى-

رنى ئىپادىلەيدىغان قورال. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى بەدىي جە-
ھەتتە، ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، لېكىن يەنە بىر
تەرەپتىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىغىز ئە-
دەبىيات ئەنئەنىسى ئورتاق ئىپادىلىنىدۇ.

ھايۋانات چۆچەكلىرى، ئەمەلىيەتتە، ئەڭ ياخشى بالى-
لار چۆچىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھايۋانات چۆچەكلىرى قۇرۇلۇش
جەھەتتىن بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ.
بالىلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ، بالىلارنىڭ زېھنى قۇۋ-
ۋىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

بالىلار كىچىكىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىگىسى، بالىلار ئەدەبى-
ياتى ياش ئەۋلادلارنى ئەقلى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن تەر-
بىيىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا
بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان ھاي-
ۋانات چۆچەكلىرىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

## § 3 - چۆچەكلەرنىڭ ئەھمىيىتى

خەلق چۆچەكلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە بە-
دىي قىممىتى جەھەتلەردىن ئومۇمەن ئىنسانىيەت مەدەنىيە-
تىنىڭ ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.
خەلق چۆچەكلىرىمۇ ئۇستقۇرۇلمىغا تەئەللۇق بولغان بىر خىل
ئىدېئولوگىيە فورمىسى بولغاچقا، ئۇ ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى، روھى ھالىتى، ئىجتىمائى شارائىت ئالاھىدىلىكى،
يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىللى ئالاھىدىلىكىنى خەلق ئىغىز
ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشىمايدىغان شەكىللەر بىلەن

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلار ئۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تارىخنىڭ سىنىپىي كوزقارىشىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى بايلىقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن چوچەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسەت مەنىسى "قەدىمقى زاماندىكى خەلقلەرنىڭ ئىش ئەمگىكىنى يېنىكلىتىش، ئۇنۇملۇك قىلىش، ئادەم بالىسىنى توت پۇتلۇق ۋە ئىككى پۇتلۇق دۈشمەنلەرگە قارشى قوراللاندۇرۇش...، (ماكسىم گوركى: "1934 - يىلى سوۋېت يازغۇچىلار قورۇلتىيىدا سوزلىگەن نۇتۇق") تىن ئىبارەت.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسەن قۇللۇق جەمئىيىتى بىلەن فېئودالىزىم جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق بىرقەدەر روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كوپ ھاللاردا ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىدە يېتىم قىز، تاز يىگىت ئەقىل - پاراسەت ۋە دانىشمەنلىكنىڭ ۋەكىلى، بايلار، قىرى - روھانىلار دوتلىك ۋە كالۋالىقنىڭ ۋەكىلى، ئەژدىھار، يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار بولسا ئاچكوز زالىملار، رەھىمسىز دۈشمەنلەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چوچەكلەر ھازىرمۇ بەلگىلىك رېيال تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىدە ھەمىشە دىگۈدەك ھەققانىي كۈچلەر ھامان تەنتەنە قىلىدۇ. خۇددى رومانتىزمىنىڭ ئاساسىي رېيالىزىم بولغىنىغا ئوخشاش، خەلقىمىزنىڭ كېلىچەككە بولغان گۈزەل غايىسى ۋاستىلىك ھالدا رېيال تۇرمۇش بىلەن باغلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۇمىتۋارلىق روھ بېغىشلايدۇ، داۋاملىق ئالغا قاراشقا يېتەكلەيدۇ. ماكسىم گوركى ئوزىنىڭ چو-

چەكچى مومىسى توغرىلىق يازغان خاتىرىسىدە: "ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشتىن ئىلگىرى مەن خۇددى قاراڭغۇ جايدا ئۇخلاپ ياتقان ئىدىم، ئۇ كېلىپ مېنى ئويغاتتى ۋە يورۇقلۇققا چىقاردى" دېگەن ئىدى. دېمەك، چۆچەكلەر كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ھاياتقا ئۈمىتلىك قاراش تۇرغۇزۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق چۆچەكلىرى يەنە يازما ئەدىبىياتىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ پروزا تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۇلۇغ رۇس مىللى شائىرى پۇشكىننىڭ مۇتلەق كوپ ئىجادىي ئەمگىكى خەلق چۆچەكلىرىنى ئۈنۈملۈك ئىجادى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداقلا دۇنيادا مەشھۇر ئاتالغان قىسسە، داستانلارنىڭ ئاساسىي سيۇژېتىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن خەلق چۆچەكلىرىدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن پاكىتلار بار. بىز ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ دەسلەيكى ئۈلگىلىرىگە قارىساق، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەردىن خەلق چۆچەكلىرىگە ناھايىتى يېقىن تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇ ئەمەلىي پاكىتلار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھامان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان ياردەمچى كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يەتتىنچى باب

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ۋە مەسەللىرى

## 1§ - لەتىپىلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

لەتىپە — لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن كۈلكىلىك ھېكايە، چاقچاق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ژانىر ئىنگلىز، فرانسوز، رۇس ۋە باشقا تىللاردا ئانىگدوت (Anigdot) دېگەن ئورتاق نام بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە سالماقلىق ئورۇنغا ئىگە ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ بىرى خەلق لەتىپىلىرىدۇر. لەتىپىلەر ئۆزىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇغى، ئىستىلىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختىلىغى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈگى ۋە راۋانلىغى، ئىستېتىك تۇسىنىڭ قويۇقلۇغى، مەنتىقلىق باغلىنىشچانلىغى، ئىنتايىن قىزىقارلىغى ھەمدە تېز تارقىلىشى ۋە ئوڭاي ئەستە قېلىشتەك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

لەتىپىلەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ كومېدىيە خاراك-تېرلىق شەكلى بولۇپ، كۆچلۈك ھەجۋى، چوڭقۇر يومۇر، ئۆتكۈر

كۆلكە ئارقىلىق سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەتنى ئاچىدۇ ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە باھا بېرىدۇ. يەنە ھەجۋى كۆلكە ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ناچار ئىش-لارنى تەنقىت قىلىپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەش مەقسىدىگە ئېرى-شىدۇ. لەتىپىلەردىكى ھەجۋى كۆچ كىشىلەرنىڭ رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئالىغان سان-ساناقسىز ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بۇ ئەپچىل ژانىرىدىن ئوتكۇر قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، فېوداللىق جەمئىيەتتىكى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ھوكۇمرانلار تەبىقىلەرنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئۇلارنى ھەجۋى قامچىسى ئاستىغا ئالغان؛ جەمئىيەتنىڭ توۋەن قاتلىمى ھېساپلانغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەدھىيىلىگەن.

خەلق لەتىپىلىرى كىشىلەرگە ئىجتىمائىي رىياللىقنى چوڭ-قۇر تونۇتۇپ، ئۇلاردا ئۆزى ياشاپ تۇرغان شارائىتنى ئۆزگەر-تىشتەك ئىنقىلاۋىي روھ، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلى-دىغان جەسۇرانە غەيرەت تۇرغۇزۇشتىن تاشقىرى ئەمگەكچى خەلققە مەسلىھەت بېرىپ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن لەتىپىلەر ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ھوزۇر-راھەت بېغىشلاش، كۆڭۈلىنى جاپالىق ئەمگەكتىن چارچاپ قايتقاندا روھىي ئوزۇق بېرىپ، كوتىرەڭگۈ روھ پەيدا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

لەتىپىلەر قارىماققا تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئاڭلاشقا كۆلكىلىكتەك كورۇنسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي مەزمۇن ناھايىتى چوڭقۇر ۋە

كەڭدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەجۋى كۈلكە لەتىپىلەرنىڭ تاشقى قېپى بولسا، ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائى مەزمۇن قاپ ئىچىدىكى مېغىز ھېساپلىنىدۇ.

خەلق لەتىپىلىرىدىكى ھەجۋى قىلىشنىڭ ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن مەسخىرىنىڭ خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ھوكۇمران تەبىقىلەردىن بولغان پادىشا، ھاكىم بەگ، قازى - كالان، مۇتەئەسسىپ ئالدامچى موللىلار، پارىخورلار، جازانىخور، ئىككى يۈزلىمىچىلەر...نى ئوتكۈر ساتىرىك تىل بىلەن كۈچلۈك ھەجۋى قىلىپ خەلقىمىزدە ئۇلارغا قارشى نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا قىلسا، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى ناچار ئىللەتلەرنى يۇمۇرىستىك ۋاستە ئارقىلىق ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارغا سەممىي ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ.

خەلق لەتىپىلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتە ئىنتايىن ئىخچام ۋە قىسقا بولۇشقا قارىماي، يارقىن ئوبرازچانلىققا ئىگە. ئۇ خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك بەدىئى تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، ھەرقانداق كىشىدە روشەن ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ.

خەلق لەتىپىلىرى يۇمۇرىستىك سەنئەت شەكلى بولغاچقا تىلىنىڭ خەنجەردەك ئوتكۇر بولۇشىنى، قويۇق ئاللىگورىيىلىك تۈسكە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە، لەتىپىلەرنى بىر قېتىم ئوقۇش ياكى ئاڭلاش بىلەنلا ئەستە قېلىشىنىڭ توپ سەۋەبى — بايان قىلىش شەكلىنىڭ ئۆزگۈچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدىن تاشقىرى، سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ئىستىلىستىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىن خۇددى تۈگۈلگەن مۇشتەك پۇختا ۋە مۇس-

تەھكەم بولغانلىغىدىن ئىبارەت.

خەلق لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئى كۈچى ئۇنىڭ يىشىمىدىكى كۈلكىگە تۇگۇلگەن. كۈلكە قانچە چوڭقۇر بولسا، لەتىپىنىڭ تىغ ئۇچى شۇنچە ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئوبراز ياراتقاندا ئارتۇقچە بايان ۋە تەسۋىرلەردىن (جۈملىدىن شارائىت، مەنزىرە تەسۋىرلىرى) خالى بولۇشنى، ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەقلى كۈچىنى ئۇنىڭ يىشىمىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ لەتىپىلەرنى خەلق چوچەكلىرى ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئالاھىدە بەلگىسى.

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسى باش قەھرىمانى نەسرىدىن ئەپەندىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن لەتىپىلا بولىدىكەن نەسرىدىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىك تىپقا مەركەزلىشىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەزمۇن ۋە شەكىل تەرەپتىن لەتىپىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىلىك ۋە قىسقا ھېكايىلەر ئۇزاق قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ نەسرىدىن ئەپەندى نامى بىلەن تارقالغان لەتىپىلەر ئەدەبىيات تارىخىدا تەخمىنەن 10 - ئەسىرلەردىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ فېودالىق تۈزۈم مۇستەھكەملىنىپ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى كۈنسىرى كۈچىيىۋاتقان، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېودالىق زۇلۇمغا ۋە ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارشى كۈرەشلىرى ئۇلغىيىۋاتقان بىر دەۋر بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئۇسۇپ چىقىۋاتقان

دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ تۈنجى بىخلىرى ئەڭ دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ لەتىپە تۈرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، لەتىپىنى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلدى. مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا مەيلى نەسىردىن ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەر بولسۇن ياكى بەلگىلىك تارىخىي دەۋردە ئۆتكەن رىيال شەخسلەر (موللا زەيدىن، سەلەي چاقىقان...) نامىغا توقۇلغان لەتىپىلەر بولسۇن، بەرىبىر ئۇنىڭ ئىجادچىسى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدۇر.

## 2§ - نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە يۈلتۈزدەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر خىل يۇمۇرىستىك خەلق ھېكايىلىرى بولۇپ، لەتىپە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقلىرى ئارىسىدا جاراڭلاپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىگە ھەمرا بولۇپ كەلمەكتە. شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىمۇ كىتابخانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ۋە قىزغىن سۆيۈشىگە سازاۋەر بولماقتا. نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن باغلىق بولغان لەتىپىلەر، ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق

خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ تىپىك شەخس نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى شۇ خەلقلەرنىڭ ياخشى كۆرگەن فولكلور قەھرىمانى بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا خەلقلەر ئارىسىدا نەسىردىن ئەپەندى مىڭ ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن، دېگەن رىۋايەت بار.

رىۋايەتلەردە نەسىردىن ئەپەندىنى 12 - ئەسىردە ياشىغان رىيال شەخس دېيىشىدۇ. لېكىن ھازىرغىچە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بىبلوگىراپىيىسى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. گەرچە نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر شەخسنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرى ئىجات قىلغان يۇمۇرىستىك ھېكايەلەرنى نەسىردىن ئەپەندى نامىغا توقۇپ، خەلق فولكلورىدىكى جاھانشۇمۇل يۈكسەك بىر بەدىئى تىپقا ئايلاندۇرغان.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقلىرى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىجتىمائى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بېيىماقتا ۋە پىشىپ بارماقتا. شۇنداقلا ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس يېڭى - يېڭى لەتىپىلەر مەيدانغا كېلىپ، خەلق ياخشى كۆرىدىغان بۇ ژانىر تېخىمۇ زور بايلىققا ئايلانماقتا.

لەتىپىلەرنىڭ ئاساسى قەھرىمانى بولغان نەسىردىن ئەپەندى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆرەشچانلىق روھى بىلەن ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى، ئۆتكۈر زېھنى - قۇۋۋىتى بىلەن يۈكسەك ئەقلىي - پاراسىتىنى، روشەن مۇھەببەت - نەپرىتىنى، خۇش پېئىل ۋە ئوچۇق كۆڭۈل خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەندۈرگەن ئول-

مەس ئوبرازدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈر پىكىرلىك، ساغلام ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئىختىيارسىز ھالدا چىرايىمىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى، ئەخمەقلىق ۋە نادانلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان ئاچچىق ھەجۋى، چوڭقۇر يۇمۇر، ۋە ئۈمىتۋار ئىنتىلىش بىلەن تولغان بۇ كۈلكە خەلقىمىزگە مەنىۋى كۈچ بېغىشلايدۇ. شۇڭا قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئەپەندى لەتىپىلىرىگە قىزىقمايدىغان، ئۇنى ياقتۇرۇپ ئېيتمايدىغان كىشى ئاز تېپىلىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تېمىسى بەكمۇ كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇردۇر. بۇ لەتىپىلەر دەۋرىنىڭ زور ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىدىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە بولغان ئىنتايىن كەڭ تېماتىك مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىر خىلى، سىنىپىي خاراكتېر ئالغان لەتىپىلەر. بۇ خىل لەتىپىلەردە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قاراڭغۇلۇقى، چىرىكلىكى، ئادالەتسىزلىكى، ۋەھشىلىكى ئېچىپ تاشلىنىپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۈرلۈك ۋەكىللىرى — قانخور پادىشالار، پارىخور ئەمەلدارلار، زالىم بايلار، مۇتىھەم قازىلار، ئالدامچى روھانىلارنىڭ رەزىل قىياپىتى شەپقەتسىز تۈردە پاش قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇلارغا بولغان قارشىلىق روھى مەدھىيىلىنىدۇ. بۇ خىل لەتىپىلەردە نەسىردىن ئەپەندى ئەمگەكچىلەرگە خاس يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ جان يېرىگە كېلىشتۈرۇپ ھەجۋى نەيزىسىنى سانجىيدۇ. ئەپەندىنىڭ ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇر خىسلىتى ۋە يۈكسەك پاراستى ئالدىدا ئۇلار

ھامان يېڭىلىدۇ. بۇ خىل ئوپتىمىستىك روھ ئەپەندى لەتىپىلە-رىنى تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئەپەندىم "قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن" دەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە پادىشا ئۇنى بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ، يولدا ئۇ-لارغا بىر ۋەيرانىلىقتا سايراپ تۇرغان ھۇقۇش ئۇچراپتۇ. پا-دىشا ئەپەندىمدىن:

— قېنى ئېيتقىنا ئەپەندىم، ھۇقۇش نىمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— ھۇقۇش پادىشانىڭ زۇلمى مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئاز كۈندە شەھەرمۇ مېنىڭ ماكانىمغا ئايلىنىدۇ، دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

×

بىر كۈنى پادىشا ۋەزىرلىرى بىلەن ئەپەندىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇلار ئىسسىقلاپ كېتىپ ئۈستىدىكى چا-پانلىرىنى يېشىپ ئەپەندىمگە ئارتىپ قويۇپتۇ. پادىشا بىلەن ۋەزىر ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ئۈستىڭىزگە راسا بىر ئېشەكنىڭ يۈكىنى ئار-تىۋاپسىزغۇ. — دەپ زاڭلىق قىلىپتۇ.

— ياقسۇ تەقسىر، ئۈستۈمدىكى ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، ئەپەندىم.

×

بىر كۈنى كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دوزاققا كىرگەن ياخشىمۇ، جەننەتكىمۇ؟

ئەپەندىم ھىچ ئىككىلەنمەي:

— قەيەردە قازى بولمىسا، شۇ يەرگە كىرگەن ياخشى! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

×

"بىر بەگ بۇرنىنىڭ ئاغزىدىن بىر قوينى قۇتقۇلدۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ-دە، ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئەپەندىم قوينىڭ مەرىگىنىنى ئاڭلاپ بەگنىڭ هويلىسىغا كىرىپتۇ.

بەگ ئەپەندىمنى كۆرۈپ دەرهال:

— بۇ قوينى بۇرنىنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋالدىم، — دەپتۇ، ئەپەندىم:

— ئەمىسە نېمىشقا سىزنى قاغايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە دەپ قاغاپتۇ؟

ئەنە، ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بۇرىدىن قۇتقۇلۇپ يولۋاسقا تۇتۇلدۇم، دەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم

يۇقۇرقىلارغا ئوخشاش لەتىپىلەر ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردا تىغ ئۇچىنى بىۋاستە فېئودال هۆكۈمرانلارنىڭ زالىملىقىغا قارىتىدۇ، ئۇستىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەھشى قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

يەنە بەزى لەتىپىلەردە بولسا فېئودالىزىم جەمىيىتىدىكى هۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ دۆتلىگىنى، نەپسانىيەتچىلىگىنى، ئالدامچىلىغىنى پاش قىلىپ، ھەمىشە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ يۈكسەك ئەقلى-پاراسىتى ئالدىدا لەت بولغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن:

"پادىشا چوڭ مەدرىستە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ئەپەندىمگە ماختاپ:

— شاهزادىمىز شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭلۈمگە

پۇككەننىڭ بىلەلەيدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— پادىشاھى ئالەم، شاھزادىنى كوكۇلگە پۇككەندىن ئەمەس، ئاۋال مۇشتۇمغا تۇككەندىن بىر سىناپ كورەيلى، — دەپ ئۇزىگىنى مەھكەم سىقىملاپ شاھزادىگە كورسىتىپتۇ:

— قېنى شاھزادەم، قولۇمدىكى نىمە؟

شاھزادە نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ.

ئەپەندىم:

— بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئوزى دوگىلەك، ئوتتۇرىسى توشۇك، ئۇ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، بىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە كىرىلىپ، — قولىڭىزدىكى تۇگمەن تېشى.

ئەپەندىم دەرھال:

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، خۇددى دادىڭىزنى دوراپسىز، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.“

×

”ئەپەندىمنىڭ قوي بورداۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەھەللە بايلىرىنىڭ بالىلىرى ئەپەندىمنى ئالداپ قويىنى يەۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئۇلار ئەپەندىمنىڭ ئويىگە كېلىپ:

— ئەپەندىم، ئاخۇنۇملار ئەتە قىيامەت بولىدىكەن دەيدۇ. قويىنى بېقىپ نىمە قىلىسىز. بۇگۇنلا دەريا بويىغا چىقىپ ئولاش-چولاش يەۋتەيلى، — دەپتۇ. ئەپەندىم ماقۇل بولۇپتۇ-دە، دەريا بويىغا بېرىپ قويىنى سويۇپ قازانغا سېپتۇ. بايلار

گوش پىشقىچە ئىشتىھا راسلىماق بولۇپ، بەقەسەم چاپان، شايى يەكتەكلىرىنى ئەپەندىمگە ساقلىتىپ قويۇپ سۇغا چومۇلگىلى كىر-تىپتۇ. ئەپەندىم ئوتنى ئۇلغايتىپ ھەممە كىيىملەرنى ئوچاققا تىق-قىپ گوشنى راسا قايناتقىلى تۇرۇپتۇ. باي بالدىلىرى قايتىپ كەل-سە كىيىملىرى يوق تۇرغىدەك، ئۇلار:

— ئەپەندىم، چاقچاق قىلماي كىيىملەرنى بېرىۋېتىڭ، نەگە تىقىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەزبىرايى چاقچاق قىلغىنىم يوق، ئوتقا قالىۋەتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بۇ نېمە قىلىق، ئەمدى نېمە كىيىمىز؟ — دەپ ۋاقىرد-شىپتۇ بايلار.

— ئەخمەق ئىكەنسىلەر، ئەتە قىيامەت تۇرسا، قويىنىڭ كىرىگى بولمىغان يەردە، كىيىمنىڭ نېمە كېرىگى بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

×

قازى ھەرقېتىم ۋەز ئېيتقان چېغىدا: "ئايالىلارنىڭ چىر-چى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ھەرگىز ئايالنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭلار" — دەپ نەسھەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— قازى ئاخۇنۇم، ئايىلىمنىڭ گېپىگە كىرگىنىم ياخشىمۇ؟ كىرمىگىنىم ياخشىمۇ؟

— ئايالنىڭ گېپىگە ھەرگىز كىرگۈچى بولماڭ، — دەپتۇ قازى.

— بۈگۈن ئايلىم: بورداۋاتقان ئىككى قوينىڭ بىرسىنى قازىغا بېرەيلى دېۋېدى، خەيرىيەت، ھېلىمۇ ياخشى گېپىگە كىر-مەپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ، قازى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، سەۋرى قىل، — دەپ ئەپەندىمنى توختىتىپتۇ، —

— ئايالىنىڭ گېپىگە بەزىدە كىرىپ قويغانمۇ تۈزۈك!

— توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، قازىنىڭ گېپىگىمۇ بەزىدە كىرمىگۈلۈك!

دېمەك بۇنداق لەتىپىلەردە نەسىردىن ئەپەندى پادىشانىڭ سارايلىرىدا، مىچىت قازىخانىلاردا ھازىر بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان قارا كۈچلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ كۆرەش قىلىدۇ. نەشتەردەك ئۆتكۈر سوزلەر بىلەن ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلايدۇ، ئالتۇن تاج بىلەن يوغان سەللە ئاستىغا يوشۇرۇنغان ۋەھشى ئەمەلدار ۋە ئالدامچى موللا-ئىشانلارنى راسا مەسخىرە قىلىپ، خەلقنىڭ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئار-زۇسىنى رېياللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

يەنە بىر خىلى، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىت قىلىش مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەردىن ئىبارەت.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە، فېئوداللىق ئىدىئولوگىيە ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىدىئولو-گىيىسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىر كور-سەتمەي قالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئاممىسى ئىچىدىمۇ شەخ-سىيەتچىلىك، خۇراپاتلىق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىق، تەقدىر ئىلا-ھىيەتچىلىك قاتارلىق بەزى نۇقسانلار بولىدۇ. خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىغا مەنسۇپ بولغان بۇنداق خاھىشلارغا قارىتا نەسىردىن

ئەپەندى لەتىپىلىرىدە سەممى ھالدا تەنقىت ئارقىلىق ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىدۇ. بۇ خىل مەزمۇندىكى لەتىپىلەر-دىمۇ ھەجۋى كۈلكە مەۋجۇت. ئەمما ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ھوكۇمران سىنىپلارنى ھەجۋى قىلىشنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخ-شاشمايدۇ.

مەسىلەن:

"ئەپەندىمنى ياش چاغلىرىدا دادىسى موزدۇزغا شاگىرت-لىققا بېرىپتۇ. ئىككى يىل ئوتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭدىن:

— ئوغلۇم، موزدۇزلۇقنى ئۈگەندىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالا بېقىشنى ئۈگەندىم، خۇدا بۇيرىسا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ھويلا سۈپۈرۈپ، سۇ توشۇشنىمۇ ئۈگىنىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم."

"ئەپەندىم بىر كۈنى تويغا بېرىپتۇ، داستىخان سېلىنىپ مەزە تارتىلغاندىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر بۇرادىرى ئۆزىنىڭ يىگىنىنى ئاز دەپ، ھە دەپ داستىخاندىكى قەن-گېزەكلەرنى ئېلىپ يانچۇغىنى تولدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەپەن-دىم دەرھال چەينەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇغىغا چاي قۇيۇپتى-كەن، ھېلىقى كىشىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نىمە قىلىق، يانچۇققا چاي قۇيغان نەدە بار؟ — دەپتىكەن، ئەپەندىم.

— يانچۇغىڭىز شىرنىلىكلەردىن خېلى كوپ يىدى، بەلكىم ئۇسساپ قالغاندۇر، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ."

بۇنداق لەتىپىلەردىكى تەنقىت ئىككى خىل بولىدۇ، بىرسى بىۋاستە ھالدا ئاشۇ خىل يارىماس ئادەتلەرنى ھەجۋى قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، يەنە بىرى ئەپەندىم ئۆزىنى

"نادان" "ئەخمەق" ئورنىدا قويۇپ ئۇز - ئۇزىنى مەسخىرە قىلىش يولى ئارقىلىق ئىپىلىپ بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

"ئەپەندىم ئويدە ئولتۇرسا، بالىسى يىغلاپ كىرىپ:

— دادا، نىنىم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ.

ئەپەندىم يۈگۈرۈپ چىقىپ قۇدۇققا ئىڭىشىپ قاراپتۇ ۋە قۇدۇقتىكى ئۇز ئەكسىنى كورۇپ:

— شۇ ساقىلىڭ بىلەن كىچىك بالىنىڭ نىنىسىنى تارتىۋې-لىشتىن ئىزا تارتمىدىڭمۇ؟ — دەپ كايىپتۇ."

× ×

"نەسرىدىن ئەپەندىمنىڭ بەش توگىسى بار ئىكەن، ئەپەندىم توگىلىرىنى باققىلى ئەپچىقىپ، كەچتە بىر توگىسىنى مىنىپ، قالغانلىرىنى ھەيدەپ قايتىپتۇ. يولدا توگىلىرىنى سانى-سا توگىسى توت چىقىپتۇ. ئۇ دەرھال مىنىۋالغان توگىسىدىن چۈشۈپ، ئالدىدىكى توگىنى سانىسا، توگىسى بەش چىقىپتۇ. ئەپەندىم خاتىرجەم بولۇپ توگىگە مىنىپ يەنە بىر قېتىم ساناپ باقسا توگىسى يەنە توت چىقىپتۇ. ئەپەندىم توگىدىن سەكرەپ چۈ-شۈپتۇ - دە، يەنە توگىسىنى ساناپتۇ. قارىسا توگىسى بەش ئىكەن.

— خەير بىر توگە زىيان تارتقاندىن، توگىلەرنى پىيادە ھەيدەپ كەتكىنىم تۈزۈك ئىكەن، — دەپ توگىلىرىنى ھەيدىگى-نىچە ئويىگە كېتىپتۇ."

× ×

"ئەپەندىمنى خوتۇنى ماي ئەكىلىشكە ئەۋەتىپتۇ، ئەپەندىم يەتتە تەڭگىگە ماي ئاپتىكەن، ئاپارغان چىنىسى توشۇپ، يەنە بىر

ئاز ماي ئېشىپ قاپتۇ، ئەپەندىم چىنىسىنىڭ كەينىنى ئورۇپ:

— قېنى، قالغان ماينى چىنىنىڭ بۇ يېقىغا قۇيۇڭ، ماي زايا بولمىسۇن، — دەپتۇ-دە، ئېشىپ قالغان ماينى چىنىنىڭ كەينىگە قۇيغۇزۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ۋاي ئولەي، ئەكەلگەن مېيىڭىز مۇشۇمۇ، بۇ ماي نىمىگە يەتسۇن، — دېيىشىگە:

— ئالدىرىما، ماينىڭ تەگىدىن تولىسى مانا بۇياقتا، — دەپ چىنىنى ئورۇپتىكەن، چىنىنىڭ كەينىدىكى مايمۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ."

مانا بۇ خىل لەتىپىلەردە ئەپەندىم ھەددىدىن ئارتۇق "ئەخمەق" قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ھال ئەپەندى ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى ئەقىللىقلىق بىلەن ئەخمەقلىق، دانالىق بىلەن نادانلىق ھامان قارمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئەپەندىنىڭ ساددىلىقى، ئەخمەقلىقىنىڭ كەينىدە زور دانالىق ياتىدۇ. ئەپەندى ئوبرازىنىڭ بۇنداق ھەر خىل قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشى لەتىپە ئەدەبىياتىنىڭ رەڭگا-رەڭ، خىلمۇ-خىللىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىكتىن ئايرىلغاندا، لەتىپىلەردە بىر خىللىق، ئوخشاشلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇش كۈچى ئاجىزلاشقان بولاتتى.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئىچىدە دىداكتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە بولغان لەتىپىلەرمۇ خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەپەندى كوپىنچە يېزا-قىشلاقلاردا، شەھەر بازارلىرىدا، چايخانىلاردا ئەمگەكچى خەلق بىلەن داۋاملىق بىرگە بولۇپ ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا تەسەللى بېرىش، چارە-تەدبىر كۆرسىتىپ

ئۇمتالەندۇرۇشتىن تاشقىرى، بەلگىلىك دىداكتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ”ئەقلىيە سوز“لەر ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلققە مەسلىھەت بېرىپ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ.

مەسىلەن:

”ئەپەندىم قازى بولۇپ ئولتۇرغان كۈنلىرىدە ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ-كېتىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— يائاللا ئەپەندىم، دوستلىرىڭىز شۇنچىۋالامۇ كوپ بولامدىغان، كېلىپ-كېتىپ بارغان ئادەمنىڭ سانى يوققۇ، زادى قانچىلىك دوستىڭىز بار؟— دەپ سوراپتۇ.

— قانچىلىك دوستۇم بارلىغىنى ھازىر ئۆزەممۇ بىلمەيمەن،— دەپتۇ ئەپەندىم،— دوستۇمنىڭ سانىنى مەن قازىلىقتىن چۈشكەندە سوراڭ.“

×

”نەپسخور بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دانا ئادەمسىز، ئېيتىپ بېرىڭا، كىشى قانداق ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئازىدۇ؟

— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.“

×

”ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۈچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭا؟

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كورگەن ياخشىلىغىڭىز بولسا، ئۇلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ؛ سىز باشقىلارغا قىلغان ياخ-

شىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ!— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.»

×

بۇنداق لەتىپىلەر خۇددى «ماقال - تەمسىل» ياكى «ئەقلىيە سوز»لەرگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىشىغا تۇرتكە بولۇپ ئۇلارنى ئەقلى جەھەتتىن تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئەپەندى ئوبرازى ئەمگەكچى خەلق ئۇچۇن قانچىلىك يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولسا، فېودال ھوكۇمران تەبىقىلەر ئۇچۇن شۇنچىلىك دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇقتۇر. خۇددى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق خەلق ئەدىبىياتشۇناسى جاجى ئېيتقاندەك: «ئەپەندى ناھايىتى ئەقىللىق، پاراسەتلىك، ئوتكۇر. خىيالچان كىشىدۇر. ئۇ ئوزىنىڭ ھەقىقەتچىلىكى، راستچىللىقى، دادىللىقى بىلەن دائىم ئوزىنىڭ ھەمرايى بولغان سولتەك ئىشەككە مىنىپ، خاپىلىقتا قالغان كىشىلەرگە ھىمداشلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مۇشكۇل ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئادەم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقماي گەپ قىلىدىغان سوزمەن كىشى بولۇپ، ھوكۇمران سىنىپلارغا قارىتا قانداق يەردە بولسۇن قارشى گەپ قىلىدىغان، قەيەرگىلا بارسا ئاممىنىڭ ئىززەت - ھورمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان ئاددى خاراكتىرلىق، ساددا دىل، ئوچۇق كوڭۇل، يىقىملىق ۋە قەدىرلىك ئادەمدۇر. بىر جۇملە سوز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ مېھنەتكەش خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوتكۇر زېھىنلىك، پاراسەتكە باي بولغان تىپىك شەخستۇر.»

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇكى: ئەپەندى لەتىپىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ بەلگىلىك تارىخى چەكلىمىلىكتىن خالى

ئەمەس. ئۆتمۈشتە فېئوداللىق ئىدىئولوگىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، بەزى لەتىپىلەرگە ساغلام بولمىغان ئىدىيىۋى خاھىشلارمۇ ئارىلىشىپ قالغان. بۇنداق فېئوداللىق شاكاللارغا قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەر بويىچە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى دېموكراتىيىلىكى ۋە ئىنقىلاۋىلىقى بولغان خەلق لەتىپىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەر پەيدىن-پەي يازما ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ساتىرا ۋە يۇمۇر ژانىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. خەلق لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى جەڭگىۋارلىق، دەلمۇ-دەللىك، پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق ۋە ئىزچىللىق، مەجازى ۋاستىلەرنىڭ مەنتىقىلىقى، تىلىدىكى ئۆتكۈرلۈك، ھەجىم جەھەتتىكى ئىخچاملىق، بەدىئىي قۇرۇلۇشىدىكى مۇكەممەللىك ۋە كومىكىلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆلگە قىلغان نۇرغۇن ھەجۋىي ئەسەرلەر — ھازىرقى زامان لەتىپىلىرى بارلىققا كېلىپ كىشىلەرنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشى مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ لەتىپىلەر يالغۇز شۇ دائىرە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ باي غەزىنىسىگە قىممەتلىك بىر ئۈلۈش بولۇپ قېتىلدى، جۇملىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا لەتىپە ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى.

## 3§ ـ موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققاننىڭ لەتىپىلىرىمۇ ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ، بۇ لەتىپىلەرنىڭ قەھرىمانلىرى — موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققاندىن ئىبارەت رىيال شەخسلەردۇر.

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى يۇقۇرى چېكىگە يېتىپ، قالالايمىقان ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە چىرىك فېودالىزىم تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىدىغۇسىز جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئازاتلىق كۆرەشلىرى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان 19 ـ ئەسىردىكى تارىخى رىياللىق ئەڭ دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن لەتىپىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بولۇپمۇ موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى لەتىپىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن مەزمۇنىنى بېيىتتى.

موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققان تارىخى شەخسلەر بولۇپ، موللا زەيدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاننىڭ لۈكچۈن دىگەن يېرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەلق ھېكايىچىسىدۇر. ئۇ تاھايىتى خۇش پىل، چاقچاقچى، سوزمەن، سەزگۈر ھەم پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، ئاساسەن ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش بىلەن شۇ ئەتراپتا شوھرەت تاپقان بىر خەلق سەنئەتكارى ئىدى. موللا زەيدىن كەمبەغەل بولۇپ، كوپىنچە توي ـ توكۈنلەردە، خەلق توپلاشقان سورۇنلاردا لەتىپىچىلىك ۋە سازەندىچىلىك بىلەن

جاھاندارچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي ياشاش ئۇرنى كۆپلىگەن لەتىپىلىك ھېكايىلەرنى ئىجات قىلىشىغا ئاساس بولغان ئىدى. موللا زەيدىن تۇرپاندا ياشىغاچقا ئۇنىڭ لەتىپىلىرى قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە، بولۇپمۇ ئۈكچۈن ۋاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەسىلەن:

"ئۈكچۈن ۋاڭى خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن خەلققە زىياپەت بەرمەكچى بولدى. بۇ زىياپەتكە موللا زەيدىنمۇ قاتنىشىپ قالدى. زىياپەتنىڭ ئەتىسى موللا زەيدىننىڭ بەدىنى قىزىپ ئاغرىپ قالدى. بىر دوستى يوقلاپ كېلىپ:

— نىمە بولدىلا موللا زەيدىن؟ — دەپ سورىدى.

موللا زەيدىن:

— ھالال قېنىمغا تۇنۇگۈن قوشۇلغان ھارام قان سىڭمىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى."

×

"بىر كۈنى تۇرپان ۋاڭى ئۆزىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىگە تىل تەككۈزگەن موللا زەيدىننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ جىنايىتى ئۈچۈن قەھرىستان سوغاقتا ئوردىنىڭ ئەڭ يۇقۇرقى پەشتىغى ئۈستىدە يالاڭ كىيىم بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇپ جازالىماقچى بولدى. موللا زەيدىن بۇ ئىگىز راۋاق ئۈستىدە تۇرغان يىراق تاشنى تاڭ ئاتقىچە ئۇيياقتىن ـ بۇياققا دۇگىلىتىپ يۈرۈپ مۇزلاش ئورنىغا تەرلەپ كەتتى. ئەتىسى ۋاڭ ئۆزىنىڭ چاكىرىغا:

— ھېلىقى نائەھلى موللا زەيدىن مۇزلاپ قالدىمۇ ـ قانداق؟ كورۇپ كەلگىن، — دەپ تاپشۇردى.

ۋاڭنىڭ چاكىرى راۋاقتىن قايتىپ چىقىپ:
— بىگىم، موللا زەيدىن چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىپ- تۇ، —دەپ خەۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن ۋاڭ موللا زەيدىننى ئالدىغا چاقىرىپ بۇنىڭ سىرىنى سورىدى.
موللا زەيدىن:
—تەقسىر، جانابى ئالىيلىرىنىڭ پەقىرگە بولغان مېھرى- شەپقىتىنىڭ تەپتىدە تەرلەپ كەتتىم، —دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ سۆزدىن مەغرۇرلانغان ۋاڭ خوشال بولۇپ كېتىپ موللا زەيدىن- نىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ۋاڭ مول- لا زەيدىننىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ ھويلىسىدىكى ئۈزۈمنىڭ شېخ- نى چوڭقۇرنى ئېچىپ قويۇپ ئاستىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغىدەك.
—ھەي ئەخمەق، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟—بۇنداق قىلساڭ چوڭقۇر قانداق قاينىسۇن؟ —دەپ ۋاڭ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ.
موللا زەيدىن:
—تەقسىر، سىلىنىڭ مېھرى - شەپقەتلىرىنىڭ تەپتى 150 گەز ئېگىزلىكتىكى راۋاقتا تۇرغان موللا زەيدىننى ئىسسىتىپ تەرلىتىۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىدىلا - يۇ، ئوتتىن 5 گەز يىراقلىقتىكى چوڭقۇرنىڭ قاينىشىغا ئىشەنمەمدىلا؟ —دەپ جاۋاپ بەردى.

×

"موللا زەيدىن بىرسى بىلەن دەۋالىشىپ قالدى. دەۋانى ھەل قىلىش ئۈچۈن قازىخانىغا بېرىشنىڭ ئالدىدا موللا زەيدىن قوينىغا لىق تاش تولدۇرۇپ ئالدى. قازى سوراق سوراۋاتقاندا موللا زەيدىن ئاستا قوينىنى شەرەتلەپ كورسىتىپ قويدى. قازى: "موللا زەيدىن ماڭا كوپ سوغا ئەكەلگەن بولسا كېرەك"—دەپ ئويلاپ، ھوكۇمنى موللا زەيدىننىڭ پايدىسىغا چىقاردى. دەۋا تۈگىگەندىن كېيىن قازى موللا زەيدىننى ئېلىپ قېلىپ:

—ئەمدى بايا شەرەت قىلغىنىڭىزنى چىقارمامسىز؟—دىدى.
موللا زەيدىن:
—قازاخۇنۇم، ھىلىمۇ بەختىڭىز بار ئىكەن، ئەگەر ھوك-
مىڭىز مېنىڭ پايدامغا بولمىسا، مۇشۇ تاش بىلەن ئۇرىسەن،
دەپ شەرەت قىلغان ئىدىم،—دەپ قوينىدىكى تاشنى كورسەتتى.»

×

«بىر كۈنى ۋاڭ موللا زەيدىندىن سوراپتۇ:
—نىمە ئۈچۈن ئاي ھەر دائىم بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇ-
نىۋالىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن كۈن ھەر كۈنى تاغنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ
كېتىدۇ؟ — موللا زەيدىن جاۋاپ بېرىپ:
—ئاخشىمى ناھراتىلارنىڭ باللىرى: «ئانا، قورسىقىمىز
ئېچىپ كەتتى، نان بەر»—دەپ زارلايدۇ. ئاي باللارنىڭ بۇ
مۇڭلۇق زارىنى ئاڭلاپ، كوڭلى بۇزۇلىدۇ-دە، ئۆزىنى كورسەت-
مەي بولۇت ئارقىسىغا ئوتۇۋالىدۇ. كۈندۈزى بولسا، كۈن بايلارغا
ئىشلەۋاتقان چاكارلىرىنىڭ چىلىق-چىلىق تەرلەپ، ئىسسىق
دەستىدىن نەپسى بوغۇلۇپ كەتكەنلىگىنى كورىدۇ. كۈن ئۇلارغا
ھىسسىداشلىق قىلىپ سالقىن پەيدا قىلىش ئۈچۈن دائىم تاغ-
نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىدۇ—دەپ جاۋاپ بەردى.

× × ×

مەشھور قىزىقچى، لەتىپىچى سەلەي چاققان 19-ئەسىر-
نىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (تەخمىنەن 1816-

يىلدىن 1905 ـ يىلغىچە) قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئوپال رايونىدا ئۆتكەن.
ئۇ ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىدىن تارتىپلا خەلق ناخشا ـ سازلىرىغا، ئويۇن ـ مەشرەپلىرىگە قىزىققان. خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ھازىر جاۋاپلىق، قىزىقچىلىق، سوزمەنلىك خىسلەتلىرىنى ئۆگۈنۈپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭۈل ـ قارنىنى ئېچىپ، قايغۇ ۋە خوشاللىقتا ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ كەلگەن سەلەي چاققانىمۇ خۇددى موللا زەيدىنگە ئوخشاش خۇش چاقچاق، راستچىل، پاراسەتلىك، دىلكەش كىشى بولۇپ ئۆز ئۆمرىدە خېلى كوپ لەتىپىلەرنى ئىجات قىلغان. ئۇ سوزگە كەلگەندە تاپانچىدەك چاققان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا "سەلەي چاققان" دەپ نام بېرىشكەن. ئۇ مۇشۇ نام بىلەن كىشىلەر قەلبىدە ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە.
سەلەي چاققاننىڭ لەتىپىلىرىمۇ موللا زەيدىن لەتىپىلىرىگە ئوخشاش يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، كوپىنچە ئەمەلدارلار، بايلارنى، ئالدامچى دىندارلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.
سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تۇرمۇش رېياللىغى كۈچلۈك بولۇپ ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئاساسەن ئۇزىنىڭ بېشىدىن ئوتكەن رېيال تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە ئۇزى ياشىغان دەۋر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.
مەسىلەن:
"بە دولەت چوڭ بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ:
— مېنىڭ دەۋرىمدە قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋىلايدىغان بولدى،— دەپ ماختىنىپتۇ.
— راست ئېيتتىلا تەخسىر،— دەپتۇ سەلەي چاققان،— چا ـ

نابى ئالدىلىرىنىڭ زامانىسىدا تورغاي ئۇۋىلاشقا پەقەت قوينىڭ دۈمبىسىلا قالدى.“

سەلەي چاققانمۇ موللا زەيدىنىگە ئوخشاش ئۆتكۈر تىللىق، زاۋانداراز، هازىر جاۋاپ قىزىقچى كىشىدۇر. ئۇ چوڭ سورۇنلار-دا يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ، چىڭ خاندانلىغى هاكىمىيىتىنىڭ قول چوماقلىرى بولغان ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ يىرگىنىشلىك تەبىتى ۋە ئەخمەقلىغىنى مەسخىرە قىلىدۇ.

مەسىلەن:

”بىر كۈنى زوھۇرىدىن هاكىم خوتۇنلىرى ئۈستىدە شىكا-يەت قىلىپ، سەلەي چاققانغا:

—سەلەي دۇنيادا نىمە ئەڭ سوغاق دىسە، مېنىڭ چوڭ خوتۇنۇمنى كورسەتسە بولىدۇ، — دەپتۇ.

—شۇنداق تەقسىر،— دەپ ئۇنىڭ سوزىگە قوشۇلۇپتۇ سەلەي چاققان. تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە زوھورىدىن هاكىم يۇرت موتىۋەرلىرىنى مىھمانغا چاقىرتىپتۇ. مىھمانلار كېلىپ ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا:

—ۋاي هاكىم، يامان ئۇسساپ كەتتۇق، ئاۋال بىزگە سوغاق بىر نەرسە ئىلتىپات قىلسىلا،—دەپتۇ.

— هەي سەلەي، — دەپتۇ هاكىم، — ماڭ، ئاشخانىغا يو-گۇر، مىھمانلارغا سوغاق نەرسە ئېلىپ چىق.

— خوپ، دەپتۇ سەلەي چاققان، يۈگرەپ سىرتقا چىقىپتۇ ۋە بىر پەستىلا قايتىپ كىرىپ:

— تەقسىر، ئويدىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغاق بىرنەرسە يادىمغا كېلىپ قالدى. شۇنى ئەكىرەيمۇ؟ — دەپ سو-راپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى، چاپسان ئەكىر، — دەپتۇ ھاكىم، مېھ-مانلارغا قاراپ ماختىنىپ.

شۇ ئارىدا سەلەي چاققان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ھاكىمنىڭ چوڭ خوتۇنىنى سورەپ كىرىپتۇ.

×

"بىر كۈنى ئامبال ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن سە-لەي چاققاننى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. سەلەي چاققان بوسۇغىدىن قەدەم ئېلىشىغا ئامبالنىڭ كارۋىتى ئاستىدا ياتقان بىر ئىت قاۋىغان بويى كېلىپ سەلەي چاققاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ. سە-لەي چاققان چاققانلىق بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر تەپكەن ئىكەن، ئىت يۇمۇلغان پېتى كارۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ، غىڭ قىلالماي قاپتۇ.

— ھەي، سېنى سەلەي، سەلەي دەپ قويساق نېمانچە بوغىناپ كەتتىڭ، — دەپتۇ ئامبال ئاچچىغلىنىپ، — يۈز-خاتىرە يوقمۇ؟ سەن زادى ھېچكىمدىن قورقماسەن؟!

— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

دەررۇ تالاش-تارتىش باشلىنىپتۇ.

— كىمدىن قورقىسەن؟

— پاششاپتىن.

— پاششاپ كىمدىن قورقىدۇ؟

— بەگدىن.

— بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟

— ئامبالدىن.

— ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟

— ۋاڭدىن.

— ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ؟

— خاندىن.

ئامبال قىزىپ كېتىپ يەنە سوراۋېرىپتۇ:

— خان كىمدىن قورقىدۇ؟

— تەڭرىدىن.

— تەڭرى كىمدىن قورقىدۇ؟

— بوراندىن.

— بوران نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئەسكى تامدىن.

— ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

— چاشقاندىن.

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟

— مۈشۈكتىن.

— مۈشۈك نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئىتتىن.

— ئىت نېمىدىن قورقىدۇ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەلەي چاققان ئالدىرىماي بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ:

— ئىت مەندىن قورقىدۇ، — دەپ كارۋات ئاستىنى كۆرسىتىپتۇ.»

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە سۆز ئارقىلىق ھەجۋى كۈلكە پەيدا قىلىشتىن كۆرە، كىچىك ھەرىكەت ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىپ

ھاكىم، ئەمەلدارلارنى ھەجۋىي قامچىسى ئاستىغا ئېلىش ئاساسى ئورنىدا تۇرىدۇ.

قىسقىسى، موللا زەيدىنمۇ، سەلەي چاققانمۇ ھەر قاچان غالىب قەھرىمانلاردۇر. شۇ جايلاردىكى ئەمگەكچى خەلق ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى بەخش ئەتكەن. شۇڭا ئۇلار فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىلىرىنىڭ ئۆز يولىغا قويغان توزاقلىرىنى بىردەك بۇزۇپ ئۆتۈپ، قارا كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىمۇ نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە خەلق ئاممىسىنىڭ توي - تۆكۈن، مەشرەپلىرى ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئەمگەكچى خەلق بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. شۇڭلاشقا موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققاننىڭ لەتىپىلىرىنىمۇ توپلاپ رەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىن مۇناسىپ ئورۇن بېرىشىمىز لازىم.

## § 4 - خەلق مەسەللىرى

ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول قاتارلىق بەدىي ۋاسىتىلەرى ئارقىلىق بىرەر ئىبرەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان لەتىپە خۇسۇسىيەتلىك ئىخچام ھېكايىلەرنى خەلق مەسەللىرى دەيمىز. خەلق مەسەللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا كىنايە قىلىش يولى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنا ئىشارە

قىلىدۇ، تەمسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ.

خەلق مەسەللىرى ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئوبرازلارنىڭ ئىپا-دىلىنىشى جەھەتلەردىن ھايۋاناتلار، توغرىسىدىكى چۆچەكلەر بىلەن خەلق لەتىپىلىرىگە ئوخشاۋراق كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشمۇ قىيىنراق. لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلغاندا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئۆزىگە خاس بەلگىلىك خۇ-سۇسىيەتلەرگە ئىگە.

(1) خەلق مەسەللىرى ئاساسەن ھەر خىل ھايۋاناتلار، دەل - دەرەخ، گۈل، گىيالار، ئۇچار قۇشلار...نى ئوبراز قىلىپ مەجازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەيلى ئۇنىڭدا قانداق ئوبراز يارىتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ يەنىلا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى مەركەز قىلىدۇ. ئەمما ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى باللار چۆچەكلىرىگە ئوخشاش كەڭ دائىرىدە تەپسىلىي سۈرەتلىمەستىن پەقەت بىرەر ھايۋان ياكى ئۇچار قۇشلارنىڭ بەلگىلىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىجتى-مائىي ھاياتتا تەجرىبە - ساۋاق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىبرەتلىك مەنانى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

(2) خەلق مەسەللىرىدىكى ئوبراز كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئىشارىلىك بەلگىسىدىن ئىبارەت. خەلق مەسەللىرىدىكى كىنايى-لىق ئىشارە ئاساسەن ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ۋە سىمۋوللاش-تۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ ۋە ئاشۇ ئىستىلىستىك ۋاس-تىلەرگە تايىنىپ ئىبرەت قىلىشقا تېگىشلىك ئابستراكت ئۇ-قۇملار كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كىشى خەلق مەسەللىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن

تەمسىل خاراكتېرلىق ئىشارىلىك مەنانى دەرھال ھېس قىلا-لايدۇ.

(3) مەسەللەر قۇرۇلۇش جەھەتتىن ناھايىتى ئىخچام، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ ھېكمەتلىك خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. مەسەللەردە ھېكايىلەر-دەك تەسۋىرى ئىبارىلەر كوپ قوللىنىلمايدۇ. ئۇنىڭدا ھەجۋى، كۈلكە خەلق لەتىپىلىرىدەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ، بەلگىلىك دە-رىجىدە مەسخىرە خاراكتېرى بولىدۇ.

(4) مەسەللەر خىيالىي ئۇستىگە قۇرۇلۇپ، تۇرمۇش رې-ياللىقىغا باغلىنىدۇ. يەنى رومانتىك خىيال ئارقىلىق رېيالىزىمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسەللەردىكى خىيالى تەسەۋۋۇر ھامان ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە ئاساسلانغاچقا، ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر-گە قارىغاندا تېخىمۇ جەڭگىۋار بولىدۇ.

مەسىلەن:

"كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس، بورە، تۈلكە بىرلىشىپ ئوۋ-غا چىقىپ بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل، بىر كىيىكنى ئوۋلاپ كەپتۇ. ئۇنى قانداق تەقسىم قىلىپ يېيىش ئۇستىدە گەپ قى-لىپ، يولۋاس بورىگە:

— سەن بۇ ئولجىلارنى تەقسىم قىل! — دەپ ئەمىر قىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ بورە، — توشقان كىچىك جانۋار ئىكەن، ئۇنى ئوز ھالىغا قاراپ تۈلكە يېسۇن؛ قىرغاۋۇلنى مەن يەي، جاناپلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن، كىيىكنى يېسىلە.

بۇ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس ئاچچىقىغا پايلىماي، بورىنى بىر ئۇرۇۋېتىكەن، ئۇنىڭ بىر كوزى چاچراپ چىقىپ كې-تىپتۇ. ئاندىن يولۋاس تۈلكىگە:

— ئەمدى سەن تەقسىم قىلىپ باققىنا! — دەپتۇ.

— خوش، — دەپ تەقسىم قىلىشقا كىرىشىپتۇ تۈلكە، — توشقان جانابى ئالىلىرىنىڭ ناشتىلىغى بولسۇن؛ قىرغاۋۇل چۈشلۈكلىرى بولسۇن، كىيىك كەچلىك تاماقلىرى بولسۇن، جاناپلىرىدىن ئاشقىنىنى بىز يەيلى، بولمىسا مەيلى. — دەپتۇ. تۈلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا بەك يېقىپ كېتىپ:

— مۇنداق توغرا تەقسىماتنى سەن نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە دەررۇلا:

— بورىنىڭ چاچراپ چىققان كوزىدىن ئۆگەندىم تەقسىر! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.“

بۇ مەسەل خۇسۇسىيەت جەھەتتىن خەلق لەتىپىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئىچىدە پەم - پاراسەت بولسا، ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەنلەرنىمۇ يېڭەلىگىلى بولىدىغانلىغى، سەممىمى - راستچىل بولۇش كېرەكلىگى، قىسقىسى ئىنسانلارنى ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان كۆپلىگەن مەسەللەر بار. خەلق مەسەللىرى يالغۇز نەسرى يول بىلەن بايان قىلىنىپلا قالماستىن، شېئرى يول بىلەنمۇ بايان قىلىنىدۇ.

خەلق مەسەللىرىمۇ خەلق لەتىپىلىرىگە ئوخشاش مىللى ئەدەبىياتىمىزدا ساتىرا ژانىرىنى پەيدا قىلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇنداق مەسەللەر خەلق ئەدەبىياتىغا ناھايىتى يېقىن بولغاچقا، كىتاپخانىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىمۇ بىر مەھەل مەسەلچىلىك خېلى تەرەققى قىلىپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر ژانىرىغا ئايلاندى.

# سەككىزىنچى باپ

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان، مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ژانىرلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر خەلقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزىسىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئەسىرلەر داۋامىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ دەۋرىمىزگىچە كېلىۋاتقان بۇ ماقال - تەمسىللەر خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى، دۇنياقارىشىنى، پەزىلەتلىرىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە مىجەز خۇلقىنى، جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر كۆپ ئەسىرلىك تۇرمۇش ۋە كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، يەنى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن ھاسىل قىلغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولغاچقا، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ناھايىتى زور.

ماقال ۋە تەمسىللەر خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا چەمبەرچەس باغلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا زىچ تەتبىقلانغانلىقى، جۈملىدىن ئۆزى

كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي شارائىتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، شۇ خەلقنىڭ تارىخىنى، تىلىنى، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ پوئېتىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئىستىلىستىك رولى ناھايىتى زور بولىدۇ. ئۇلار تىلنىڭ بەدىلىكىنى، ئاممىباپلىقىنى، ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ، تىلغا ئېنىقلىق بېرىدۇ، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ، پىكىرنى ئىخچام، ئوبرازلىق ئىپادىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ”ئەر كۆركى-ساقال، سۆز كۆركى-ماقال“ دەپ ناھايىتى ئورۇنلۇق باھا بەرگەن.

ماقال ۋە تەمسىللەر بىر ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ئىجادى بولماستىن، پۈتۈن بىر كوللېكتىپنىڭ تەپەككۇر مەھسۇلاتى بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنتىقلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش ماقال ۋە تەمسىللەردە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرى، تىلەك-خاھىشلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولغان قاراشلىرى، ئىلىم-پەن ۋە ھۈنەر-كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلىرى، ئەمگەك ۋە ئەمگەك سۆيۈش، كوللېكتىپ ۋە كوللېكتىۋىزملىق توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى. قىسقىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ماقال ۋە

تەمسىللەرنىڭ ئىجتىمائى، سىياسى، تەربىيىۋى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا، ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ ئاممىۋىلىقى ۋە ئاممىباپلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى ماقال ۋە تەمسىللەردىن زادىلا خالى ئەمەس. چۈنكى ماقال - تەمسىللەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ قايمىقى بولغاچقا، ھەرقانداق كىشى ئۆز پىكرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىدىنى توغرا ھەم دەل - جايىدا ئىزاھلاش مەقسىدىدە ھامان ماقال ۋە تەمسىللەرگە مۇراجەت قىلماي قالمايدۇ.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىسى لېنىن خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىپ: "...ناھايىتى ساز، ناھايىتى ياخشى، ئەنە شۇلاردىن يازغۇچىلىرىمىز ئۆگەنسىلا بىر جۈملە بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ تاشلايدىغۇ... چوڭ بولغان ماقال ۋە تەمسىللەر توپلىمىنى تۈزۈش كېرەك. بۇ بولسا، يازغۇچى ۋە ناتىقلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر غەزنە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ" دېگەن ئىدى. («لېنىن ئەسەرلىرى» 20 - توم 299 - بەت)

لېنىن يەنە خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئىدىيوملارنىڭ رولىنى تەكىتلەپ: "شۇ خىل ئىدىيوم سوزلەرمۇ باركى، مۇنداق سوزلەر غايەت مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدۇ" دېگەن ئىدى.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي خەلق ئېغىز ئىجادىغا بولۇپمۇ ماقال - تەمسىللەرگە يۇكسەك باھا بېرىپ: "ئەڭ ئۇلۇغ دانالىق سوزنىڭ ساددىلىقىدادۇر. ماقال - تەمسىل-

لەر دائىم قىسقا بولىدۇ. ئۇلاردا پۈتۈن - پۈتۈن كىتاپلارنىڭ مەزمۇنىغا تەڭ كېلىدىغان پىكىر ۋە سەزگۈلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ". دېگەن ئىدى. (گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 - توم.)
شۇنداقلا ئۇ يەنە: "ئومۇمەن ماقال - تەمسىللەر، ئەمگەكچىلەر ئام- مىسىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي تەجرىبىلىرى- نى نەمۇنىلىك سۈرەتتە شەكىللەندۈرىدۇ. يازغۇچى سۆزلەرنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈككەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۆگىتىدىغان مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تونۇشۇش كېرەك" دەيدۇ.
ئا. س. پوشكىن خەلق ماقاللىرىنى كوزدىن كوچۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئەبەدى گۈزەللىككە قايىل بولغان ۋە ئوز ئىجادىي ئەمگىكىدىمۇ ماقال - تەمسىللەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. ئۇ: "ھەر بىر ماقالىمىز قانچىلىك مەنىدار! قانچىلىك چىرايلىق!! قانچىلىك مەزمۇنلۇق! ئالتۇندە، ئالتۇن!!!... ئۇلارنى ئىجات قىلىش ئاسان گەپ ئەمەس" دەيدۇ.
ئومۇمەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ئوتكەن بارلىق مۇتەپەك- كۇرلار، بۈيۈك سەنئەتكارلار...نىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئىجا- دىغا بولۇپمۇ ماقال - تەمسىللەرگە كوپ مۇراجەت قىلىغان ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك كۈچىگە قايىل بولغان. ھەقىقەتەن ياخشى تال- لانغان ۋە جايىدا قوللىنىلغان ماقال - تەمسىللەر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خۇددى "ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كوز" دەك مەنا ۋە شەۋكەت بېغىشلايدۇ.
ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمى خەلق بولۇش بىلەن بىللە، خەلق ئېغىز ئىجادىغا، بولۇپمۇ ماقال ۋە تەمسىل- لەرگە ئىنتايىن باي. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە، قەدىمقى

زامانلاردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تاۋلىنىپ ئىسىل ئەدىبىي مە-
راسلار قاتارىدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كەلدى ۋە بې-
يىپ مۇكەممەللەشتى. مەسىلەن، 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناسى مەھمۇت قەش-
قەرى ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسىدا قەدىمقى
ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ماقال ۋە تەمسىل-
لەردىن ناھايىتى كۆپ نەمۇنىلەرنى كەلتۈرگەن. ئەنە شۇ ماقال-
تەمسىللەرنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا
تۈرلۈك ۋارىيانتلاردا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.
مەسىلەن:

"كىشى ئالەسى ئىچتىن
يىلقى ئالەسى تاشتىن"
(ئادەم ئالىسى ئىچىدە، مال ئالىسى تېشىدا)
"ئىر سوزى بىر"
(ئەرنىڭ سوزى بىر)
"ئەگمىگۈنچە ئۈنمەس"
(تېرىمىسا ئۈنمەيدۇ)
"ئەمگەك ئەكمزە قالماس"
(مېھنەت يەردە قالماس)
"ئاش تاتىغى تۇز"
(ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن)
"قۇت بىلگۇسى بىلۇگ"
(بىلىم بەخت بەلگىسى)
قورقمۇش كىشىگە قوي

باشقۇش كورۇلەر
(قورقۇنغا قوش كورۇنەر)
"كىنگەشلىك بىللىك ئارتاماس"
(كىنگەشلىك تويى تارقىماس)

"بورىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىنىڭ يىغاچ باشىدا"
(بورە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ ئۇچىدا)
"ئالىمچى ئارسلان، بىرىمچى سىچقان"
(ئالغۇچى ئارسلان، بەرگۈچى چاشقان)
"ئاتاسى ئاچىغ ئالمايسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار"
(ئاتىسى ئالما يىسە ئوغلىنىڭ چىشى قاماپتۇ)

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا خەلقنىڭ ئەنە شۇنداق كوپلىگەن ماقال - تەمسىللىرى نەمۇنە قىلىنغان.

ماقال - تەمسىللەردىن يالغۇز بەدىي ئەدەبىياتتىلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى تارىخىي ۋە پوبلىستىك ئەسەرلەردە، ھەرخىل ئىدىيىۋى ۋە سىياسى ماقالىلاردىمۇ كەڭرى پايدىلىنىدۇ. بىز ئادەتتە گېزىت ۋە ژۇرناللاردىكى باش ماقال ۋە ئىدىيىۋى پىكىرلۇنلارنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى كوپ ماقال - تەمسىللەرنىڭ بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

خۇلاسىلىغاندا، ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى توۋەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 - ئىجتىمائى ۋە تەربىيىۋى رولى. ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ئىجتىمائى تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا،

كىشىلەرنى سىياسى، ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ. كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەر يالغۇز ئۇيغۇر دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە قارىتىلغان بولماستىن بەلكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولغان ئادەملەر، كوللىكتىپلار، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ھەتتا ئەخلاق، دىن، سىياسىي، قانۇن قاتارلىق ئىدىيىۋى قاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدە، "ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى ـ رويۇڭ سامان بولماس"، "يۇرت قوغدىساڭ ئۇسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن"، "ئانا يۇرتۇڭ ئالتۇن بوشۇك"، "ئەل ئامان ـ شەرىڭ ئامان" "ئەلگە باققان خار ئەمەس"، "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول"، "ئۆز يۇرت ـ تۇغقان ئانا، كىشى يۇرتى ئوگەي ئانا" دىگەنگە ئوخشاش ۋەتەنگە مۇھەببەت ۋە ساداقەت ھىسلىرى بىلەن تولغان ماقاللار بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەردە ئىجتىمائىي ھايات ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەكس ئېتىدۇ. ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارغا ۋە ئېكسپىلاتاتورلارغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى بايان قىلىنىدۇ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ خەلققە سالغان جەۋرى ـ زۇلۇملىرى دەلىۇ ـ دەل پاش قىلىنىدۇ. مەسىلەن "ئوگدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە"، "ھاۋۇنى ھىم كىم يەر، تاياقنى يېتىم." "بايدىن ئاياق سورىساڭ ئۇ ساڭا تاياق بېرىدۇ." "پېرىشتە سانىغى توققۇز،

ئېلىشتا سانىغى ئۇتتۇز" "بېگىگگە يەتكىچە بىلىك ئۇشتۇلار"، "خوجامىنىڭ قوسىغى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق"، "ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇخرا ياقالمايدۇ چىراق"، "كىم چاپانىنى يېڭى كەيسە، باي خوجامىنىڭ ئوغلى شۇ، كىم چاپانىنى كونا كىيسە تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ" قاتارلىق ماقاللار كىشلەرنى سىنىپىي كۈرەش روھىدا تەربىيىلەيدۇ.

"قازى ئاچ قالسا بازار كېزىدۇ، سوپى ئاچ قالسا مازار"، "ئىشانىنىڭ قوسىغى بەشتۇر، بىرى دائىم بوشتۇر"، "يىلان-چايان ئىزلىسەڭ، قازىنىڭ گورىنى ئاچ" قاتارلىق ماقال-تەمسىللەردە چىرىك فېودالىق دىنى ھاكىمىيەتنىڭ رەزىل ئەپتى بەشىرىسى پاش قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، مۇشۇ خىلدىكى ماقال-تەمسىلەر روشەن سىيا-سى خاھىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى ناھا-يىتى زور بولىدۇ. قىسقىسى ھەر بىر مەزمۇندىكى ماقال-تەمسىلەر شۇ ساھەدىكى ئىجتىمائى ھايات تەجرىبىسىدىن يەكۈنلەن-گەچكە، ئۇ شۇ ساھە بويىچە كىشىلەرگە قانداق قىلىش كېرەك-لىكىنى ئۆگىتىدۇ.

2-تارىخىي ئەھمىيىتى. ماقال ۋە تەمسىلەر جەمئىيەت تارىخىي تەجرىبىلىرىنى تېپىكلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن بايانى بول-غاچقا، بىز ئۇ ئارقىلىق ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى بىلىپ ئالالايمىز. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ما-قال-تەمسىللىرى شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلانغاچقا، ماقال-تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، ئۇنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئۇنىڭ شۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدى-لىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مولچەرلەشكە بولىدۇ. ئادەتتە

ياشاش شارائىتى، تىل ۋە مىللى ئالاھىدىلىكى ئوخشاپراق كېتىدىغان خەلقلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنى بىر - بىرىدىن پەرق - لەندۇرۇش قىيىنراق كورۇنىدۇ، تازا ئىنچكە مۇلاھىزە قىلغاندا، ئۇنىڭ شۇ مىللەت خەلقىغە خاس بولغان مىللى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى كورۇۋېلىش مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى، قانداق ئىجتىمائى شارائىتلاردىن ئوتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىجتىمائى شارائىتلارغا بىۋاستە مەنسۇپ بولغان ئاڭ - سېزىمىنىڭ دەرىجىسىنى كوزدىن كوچۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەمما تەبىئەت ھادىسىلىرى، مېھنەت، ھۈنەر، بىلىم ۋە ئەقلىيە سوز خا- راكتېرىدىكى خېلى كوپلىگەن ماقال - تەمسىللەر مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ.

3 - بەدىئى ئەھمىيىتى. ماقال - تەمسىللەر خەلق تى- لىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تاللىنىپ ۋە تاۋلىنىپ چىققان جەۋھىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىستېتىكلىق قىممىتى ناھايىتى زور بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ماقال - تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ يۇ- رىكىگە تەسىر قىلالايدۇ. ماقال - تەمسىللەر ئىنتايىن ئىخچام، ئاممىباپ، ئوبرازلىق، رىتىملىق ۋە كوپىنچە قاپىيىلىك تۈزۈل - گەچكە، كىشىلەرگە يۇكسەك بەدىئى زوق بېرەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ماقال - تەمسىللەرنى بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇكسەك نەمۇ- نىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ بەدىئى قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇستەھكەم، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك، شەكلى خىلمۇ - خىل بولغاچقا، خەلقىمىز ماقال - تەمسىللەرنى ناھايىتى ياخشى كورىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە سوزلەر، شۇنچىلىك

ئىخچام ۋە جىپسىلاشقان بولىدۇكى، بىرەر سوزنى قوشۇپ قو-يۇشقىمۇ، ئېلىۋېتىشكىمۇ ۋە ياكى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: "جاپانى كىم تولا تارتسا، گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن"، "ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن ئاتلاپ باش"، "يامغۇر بىلەن يەر كوكىرەر، ئەمگەك بىلەن ئەر"، "مال سەمرىسە ياغ بولىدۇ، يەر سەمرىسە باغ"، "سېغىز يەر — مېغىز يەر، شور يەر — پور يەر"، "ھەق ئىگىلەر سۇنماس"، "ياش توك-كىچە مۇش تۇگ" قاتارلىق ماقال - تەمسىللەرنى ئالساق گۈزەل بەدىمى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىر يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان. بۇنداق ماقالىلار بىزگە شېئرى لەززەت بېرىدۇ، خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك كىشىلەر ئارىسىغا تەبىي ھالدا سىڭىشىپ ئۇزلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئەدىبى - سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئوستۇرۇشتە، ئەدىبي تىلنى را-ۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن ئې-لىپ ئېيتقاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۇرلىرىگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەرمۇ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگە-كىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ماكسىم گوركي: "سوز سەنئىتى — ئادەملەرنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى نەتىجىسىدە ئەڭ قەدىمقى زاماز-لاردىن تارتىپ پەيدا بولىدى، بۇ شۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ ئوزىنىڭ ئىش - تەجرىبىلىرىنى كوڭلىدە ئوڭاي ۋە پۇختا ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن سوز شەكلىدە، يەنى "بېيىت"، "ماقال"، "تەمسىل"، "ئەمگەك قوشاقلىرى" شەكلىدە رەسىملەشتۇر-گەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ئىدى" دەپ كورسىتىدۇ. (م. گوركي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 - توم)

خۇلاسە قىلغاندا، ماقال - تەمسىللەر، بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھاياتىدىن كېلىپ چىققان ھېكمەتلىك سوز - لەردىن، ئىككىنچىدىن، ناخشا - قوشاق، ھېكايە - چوچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىم شەكىللىرىدىن، ئۈچىنچىدىن، ئېغىز ئەدەبىياتىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەدەبىي پارچىلاردىن تەشكىل تاپتى. خەلقىمىز ئەنە شۇ "ماقال ۋە تەمسىل" دەپ ئاتالغان ھېكمەتلىك سوزلەر ئارقىلىق ئۆزى - نىڭ كوپ ئەسىرلىك ئەمگەك تەجرىبىسى بىلەن كۆرەش ھەر - كەتلىرىنى ئىپادىلىدى.

ماقال - تەمسىلەر، جۈملىدىن خەلقنىڭ ئىدىيوم سوزلىرى ئوخشاشلا فرازىئولوگىيىلىك (ئورپ - ئادەت سوزلىرى) سوزلەر قاتارىغا كىرىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا بۇلارنى بىر - بىرى بىلەن ئارىلاش - تۇرۇۋەتمەستىن، پەرقىنى ئوبدان ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماقال — خەلقنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە - قەلەرنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبرەت بولى - دىغان، ئۆزىگە خاس ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ۋە شېئىرىيەتتە بولىدىغان قاپىيە، ۋەزىن، تۇراقلارغا ئىگە ئاھاڭداشلىق فورمى - سىدىكى ئەقلىيە سوزلەردۇر. مەسىلەن: "ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا"، "ئويناپ سوزلىسەڭمۇ ئويلاپ سوزلە"، "ئەلنىڭ قۇلىغى ئەللىك"، "دوستنى يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇغى، تاماقتىن يا - مانلىغان قوساقنىڭ توقلۇغى" "ئىلىملىك - نۇر، ئىلىمسىز - خور"، "ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن" دېگەنگە ئوخشاش.
تەمسىل بولسا، ھاياتتىكى بىرەر ھادىسىنى ئېنىق ۋە ئوروۇنلۇق

گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدىغان قىياپى ئىبارىدۇر، يەنى تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك ھادىسىلەرنى كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان خۇسۇسىيەت - لىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالىتى بىلەن تەققاس قىلىنغان (سىلىشتۇرۇلغان) كوچمە مەنىدىكى تەسۋىرى سوزلەر تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ. تەمسىللەردە شۇنىڭ ئۇچۇن تەجرىبە - ساۋاق، ئۇلگە ياكى ئىبرەتلىك مەنا بولمايدۇ. مەسىلەن: "موزاينىڭ يۇگۇرىشى سامانلىققىچە"، "پايپاققا نالە قاقاقاندەك"، "قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئوز كوڭلىنى شات ئېتىدۇ". "قاغا بالام - ئاپپاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام"، "توشۇك يىرتىقتىن كۇلەر" "چاش - قاننىڭ ئۇلگىسى كەلسە مۇشۇكنىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەر"، "ئىتنىڭ ساددىلىغىدىن تۇلكە تورگە چىقىۋاپتۇ" "مۇشۇكنى ھارۋىغا قاتساڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سورەيدۇ" "توخۇ داڭگال چۇشەر، ئوشكە جاڭگال"، "ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق"، "ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا - قۇيرۇق"، "ئوزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غىرىچ" "بىر پىلەكتە مىڭ خەمەك" دىگەنگە ئوخشاش.

قىسقىسى، ماقالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىلەن تولۇق بېرىلسە، تەمسىلدە، ئۇنىڭ ئىشارىسى بېرىلىدۇ، يەنى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دىمەكچى بولغان پىكىر ئىشارە قىلىنىدۇ.

ئادەتتە جانلىق تىلدا، ماقالنى تەمسىل ئورنىدا، بۇنىڭ ئەكسىچە تەمسىلنى ماقال ئورنىدا ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن، مەسىلەن: "ئاتتىن چۇشسىمۇ ئۇزەڭگىدىن چۇشمەپتۇ" دىگەن تەمسىل ئوزد - نى تەكەببۇر تۇتىدىغان، بۇرۇنقى مەنسەپ، مەرتىۋىسىدىن ئايرى - لىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا مەنمەنلىكىدىن قالمىغان، ھالىغا باقماي ئوزىنى باشقىلاردىن يۇقۇرى تۇتىدىغان ئادەمنىڭ قىيا -

پى تەسۋىرى، ئەمما بىز بۇ تەمسىلنى"ئاتتىن چۈشسەڭ ئۈزەڭگـ -
گىدىنمۇ چۈشسەن" دەپ ئايلاندۇرساق، ئۇنداقتا بۇ تەمسىل
ماقالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا باشقىلارغا ئىبرەت،
ساۋاق، بولىدىغان تولۇق ئاياقلاشقا پىكىر بار.

يەنە بىر تەرەپتىن ماقال شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن-
مۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ماقال خەلق ئارىسىغا
ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ماقال ئىپادىلەيدىغان پىكىر،
مۇلاھىزە، ئادەتتە تۇرمۇشتا كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنىڭ قىسقىچە
ۋە ئېنىق خۇلاسىسى. بۇ خۇلاسە نەچچە مىڭ يىللار داۋامىـ-
دا ئەۋلادلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ سىنالغان، مۇكەممەللەشكەن.
شۇڭلاشقا ماقالدا ئېيتىلغان پىكىرنى ئىنكار قىلىش ئاسانلىقچە
مۇمكىن ئەمەس. ماقالنى كىشىلەر تۇرمۇش ساۋىقى سۈپىتىدە
قەدىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈن
كەڭ كولەملىك پايدىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك ئەمەل
قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا
كۆرگىنىمىزدەك ئىنتايىن باي ۋە خىلمۇ - خىلدۇر. يەنى ئۇ،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ تا ھازىرقى
دەۋرىمىزگىچە بولغان بارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. مەسىلەن: ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەمگەك ۋە ئەمگەك
سۆيۈش، كوللىكتىپ ۋە كوللىكتىۋىزىملىق، سىنىپ ۋە سىنىپلار
مۇناسىۋىتى، ئىتتىپاقلىق، ئۇملۇك ۋە يەككىلىك، دوستلۇق ۋە
دۈشمەنلىك، باتۇرلۇق، مەرتلىك ۋە قورقانچاقلىق، ئىلىم - پەن،
ھونەر ۋە نادانلىق، ۋاقىت مەزگىل ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى،
ئەقىل - ئىدرەك، كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق،

راستچىلىق ۋە يالغانچىلىق، دانالىق ۋە نادانلىق، مۇھەببەت ۋە ۋاپا-دارلىق، سەمىمىيەتلىك، دوستلۇق، يولداشلىق، ئىقتىسات ۋە ئىقتىدا-ساتچانلىق؛ ئارزۇ - ئۈمىت ۋە ئىشەنچ، ياشلىق ۋە قېرىلىق، تازىلىق، ساغلاملىق، كېسەللىك ۋە ئۆلۈم - يېتىم، ھۇشيارلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق، بېخىللىق ۋە ئاچكۆزلۈك، مىجەز، خۇلۇق ۋە پەزىلەت، ئائىلە-تۇرمۇش، تاماق ۋە يېمەك - ئىچمەك، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، سېخىلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە ئىنساپ، سودا - سېتىق، ۋە ئىلىم - بىلىم، ئېتىقات ۋە ئىشەنچ، پەندى - نەسىھەت ... قاتار-لىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى، خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا دۇچ كېلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماقال ۋە تەمسىل شەكلىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

ماقال ۋە تەمسىللەر مەزمۇن جەھەتتىن روشەن سىنىپىي خاھىشقا ئىگە بولغاچقا، ئۆتمۈش كونا جەمىيەتتە ھوكۈمران ئور-رۇندا تۇرغان ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بەزى ما-قال - تەمسىللەرگە سىڭىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ماقال-تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ پەسكەش روھىي دۇنياسىنى، ئىدىيالىستىك پىكىر ئېقىملىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: "ئېرىقنىڭ يېنىنى ئال، چاكارنىڭ جېنىنى (ئال)"، "قوم، يىغىلىپ تاش بولماس، قول يىغىلىپ باش"، "قۇل ئات مىنسە چىقمىغان دوگى قالماس"، "ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا"، "خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا" قاتار-لىق، ئۇرۇقچىلىق، قۇللۇق، ۋە فېودالىق خۇراپىي ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان ماقال - تەمسىللەرنى خەلقنىڭ ئىلغار پىكىر-لىك ماقال - تەمسىللىرىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك، مۇنداق

ماقال ـ تەمسىللەردىنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سەلبىي ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ شەكلى ۋە پوئېتىك خۇسۇسىيىتى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرى شەكىل جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى بىردەك بولمايدۇ. بەزىبىر ماقاللار پەقەت ئۆز ـ مەنىسىدىلا قوللىنىلسا، بەزىلىرى ھەم ئۆز مەنىسىدە ھەم كۆچمە مەنىلەردە ياكى پەقەت كۆچمە مەنىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىدىكى بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ ـ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەسىلەن: "تەن ساقلىق — پادىشالىق"، "قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يە"، "ياخشى ھاۋا، تەنگە داۋا"، "ئانارنى چولگە تىك، ئەنجۈرنى كولگە"، "ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى —ئامبۇر"، "ساھ ـ ساق ـ ئۇنى، يىمگەننىڭ تېنى ساق"، "ئادەمنىڭ تەمى سوز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن"، "يەر تويمىغىچە ئەر تويماس" قا ـ تارلىق ماقال ـ تەمسىللەر پەقەت ئۆز مەنىسىدىلا قوللىنىلىپ، ئۆز مەنىسىدىن باشقا نەرسىلەرگە تەتبىق قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىش دائىرىسى چەكلەنگەن.

ئۇنىڭ ئەكسىچە: "قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ ئۈچى

ئارتۇق“، ”ئىككى ئات تېپىشسە ئارىدا قالغان ئېشەككە زىيان“، ”سەن بورىنى ئايىساڭ، بورە سېنى تالايدۇ“، ”چۈمۈلە بىرلەشسە شىرنىڭمۇ تېرىسىنى شىلىۋالىدۇ“، ”ئۆز يېرىدە قۇغۇنەك ھەم غاز ئالار ھەم ئۇدەك، كىشى يېرىدە بوزلاچىن نە غاز ئالسۇن نە ئۇدەك“، ”ئېتى ئۇلۇغ — سۇپىرىسى قۇرۇق“، ”ئىككى نان تاپ-سا بىرىنى داپ چاپتۇ“. ”مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق“ ”سەۋزىدىن خەۋەر، يوق گۈرۈچ دەم يەپتۇ“، ”بۇغدايىنىڭ باند-سىدا قارىمۇق سۇ ئىچەر“، ”ئاغزى يۇمشاق مۈزاي قوش ئەم-چەك ئېمەر“، ”چۈجىنى كۈزدە ساناڭ“ ”ئېشەنگەن تاغدا كى-يىك ياتماپتۇ“ ”ھەسەن ئاكام ئاچچىق، مىغىزلىرى تاتلىق“... قاتارلىق ماقال-تەمسىللەر گەرچە ئەينى مەزگىلدە بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسىگە ئاساسلانغان ھالدا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ھا-زىر پەقەت كۆچمە مەنىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇدۇل مەنىسى بويىچە تۇرمۇشقا تەتبىقلىنغاندا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەقلىيە تۇسى بول-مايدۇ. ئۇنىڭدىكى مەنتىق پىكىر پەقەت ئۇ قارىتىلغان ھادىسە ۋە شەيئىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

يەنە بەزى ماقاللار باركى، ئۇلار ھەم كۆچمە مەنىدە ھەم ئۆز مەنىسىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن: ”ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا يۈز قام-چا“، ”سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ“، ”بورە يۈگىنى پاخپايتىپ ئورۇقلۇغىنى بىلدۈرمەس“، ”ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر“، ”پاختا ئىچىگە كىرىۋالغان تىكەن قول-غا بەك سانچىلىدۇ“ ”پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولمايدۇ“... بۇنداق ماقاللارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە شارائىتىغا قاراپ ئايرىپ ئېلىش كېرەك. چۈنكى

يۇقۇرقى ماقاللار، ئوزىنىڭ ئودۇل مەنىسىدىمۇ ئىشلە-تىلىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇس ئالغاندا ئۆز مەنىسىدىن باشقا كۆچمە مەنادىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق ماقاللار مەنا جەھەتتىن مۇقىملىقتا ئىگە ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرى ئىچىدە مۇنداق شەكىلدىكى ماقاللارمۇ باركى، بەزىلىرىنىڭ مەنىسىنى يەككە ھالەتتە ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئۇ، مەلۇم كونكىرېت ئوبيېكتقا قارىتىپ ئىپتىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ بەلگىلىك مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەنا كۆپىنچە شۇ ماقال ياكى تەمسىل قارىتىلغان ئوبيېكتقا تامامەن ئەكسىچە تەئەددى قىلىش، زەردە قىلىش، تەنە قىلىش يولى بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: "ياز بولسا قىش بولمسا، ئاش بولسا ئىش بولمىسا"، "ئېتىڭ ھارسا دوڭگە چاپ"، "ئۇسسىساڭ تالقان كاپ ئەت" "مۇزلىساڭ مۇز يە"، "ئالسام بەرمىسەم" قاتارلىق ماقال- تەمسىللەرنىڭ يەككە مەناسىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت بەلگىلىك ھادىسە ۋە نەر-سىلەرگە قارىتىلغاندىلا مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەپ پەندى- نەسىھەت مەزمۇنىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ماقال- تەمسىللەرنى ھەجۋى مەنىدە قوللىنىلىدىغان ماقاللار دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن كۆپىنچە ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە تايىنىدۇ. يەنى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋۇل، جانلاندۇرۇش، مىتافورىلاش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرىگە جانلىق مەزمۇن ۋە بەدىئى كۈچ بېغىشلايدۇ.

مەسىلەن: "قىشنىڭ ئاپتىۋى دۈشمەننىڭ كۈلكىنچە بار"، "قىشنىڭ گۈلى — ئوت"، "بىر قالىغاچ كەلمەك بىلەن باھار

بولماس"، "تېغىز — دەرۋازا، سوز — شامال"، "يالغان گەپنىڭ ئات ئىگىرى توقۇغلۇق"، "ئىشقى يوق ئىشەك، دەردى يوق كىسەك"، "بالىلىق ئۆي — بازار، بالىسىز ئۆي — مازار"، "گۈلنىڭ تونى قىرىق ياماق، يوپۇرماقلىرى يىرتىق بولسىمۇ ھوسنى پاك". يەنە بەزى ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: "قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغىقى ئەتىياز"، "ئاش پەيغەمبەر، نان — ئەۋلىيا"، "پولو قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن"، "ئۈگرە ئەتسەڭ تۈزۈك ئەت، ئىتەلىمىسەڭ ئۈزۈپ ئەت"، "ئانار چولدە، ئەنجۈر كولدە" مۇنداق ماقال - تەمسىللەر شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مىللى ئالاھىدىلىگى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغىلا تەتبىقلىغىلى بولىدۇ.

ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ ئىجاتچىسى كەڭ خەلق ئاممىسى بولغاچقا، ئۇلارنى ھەربىر كىشى ئۆز سوزىگە تېخىمۇ جىپسىلاشتۇرۇپ يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىدىدە لازىم تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ئەسلى شەكلىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىدۇ.

مەسىلەن: "ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس" دىگەن تەمسىلنى ئادەتتە بەزى ھاللاردا "ئاچنىڭ دەردىنى توق نەدىن بىلسۇن!" دەپ ئۆز سوزىگە ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىش مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال شېئىرلاردا كوپ ئۇچرايدۇ. شېئىرلاردا ماقال ۋە تەمسىللەر نەقىل كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق فورمىسى بۇزۇلۇپ، سوزلەر ئۆز ئارا ئورۇن ئالمىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى بولىدۇ، ھەتتا بەزى جۈملە، مىسرالاردا بىر پۈتۈن ماقال - تەمسىلنىڭ پەقەت بىر بولىگى، بىر پارچە -

سىلا ئېلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ئەسلى ماقال تەمسىلنىڭ مەنىسىنى بىرەلەيدۇ.

مەسىلەن: قولۇم قامچا، پۇتۇم ئاتتى ئۇكا بىر چاغلار،
ماگالمايمەن قېنى هازىر ئىشەنگەن تاغلار.

بۇ ئەسلىدە "ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ" دىگەن ماقالنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

"ئۇزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئوز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھۇ-جەندە مەن"
(ت. ئىلىيوپ)

قۇترىدى ھە دەپ شاپاشلاپ، ھورپىيىپ دەھشەت سىلدىپ،
دىيىشىپ: "بازار شۇنىڭ كىم ماگسا چاققان ئالدىدا"
(ت. ئىلىيوپ)

بۇ ئىككى پارچە شېئىرنىڭ بىرىنچىسىدە "كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئوز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول" دىگەن ماقال، ئىككىنچىسىدە "بازار چاققاننىڭ" دىگەن تەمسىل شېئىرى پىكىر بىلەن ئوزلەشتۇرۇلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ شەكلىنى قىسمەن ئوزگەرتىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى ئۇچۇن بەزى ماقال-تەمسىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بىر نەچچە خىل ۋاريانتلىرى پەيدا بولغان ھەم ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى كونىرد-

غان سوزلەر ئورنىغا دەۋر تەلەۋىگە ماس كېلىدىغان ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك سوزلەر ئېلىنىپ، بارا ـ بارا سىلىقلىشىپ مۇكەممەللىشىپ بېرىشىغا سەۋەپ بولغان.

مەسىلەن: 1. تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بوز خالتاڭنى قويۇپ بار.

2. تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.

3. تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

4. تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋا ـ توقا كىيىپ بار.

يۇقۇرىدىكى 4 ماقالنىڭ 1 ـ قۇرلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، 2 ـ قۇرلىرى شەكىل جەھەتتىن ئوزگەرگەن. بۇنىڭ سەۋەۋى، ماقال ـ تەمسىللەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كوچۇپ تۇرلۇك ئىجتىمائىي قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىنى سىڭدۇرۇۋاانلىغىدىن بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر يەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئورپ ـ ئادىتى ۋە تىل شىۋىلىرى ئاز ـ تولا پەرقلىنىدىغانلىغى ئۈچۈن بىر مەزمۇندىكى ماقال باشقىچە سوز ئاتالغۇلار بىلەن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

مەسلەن: 1 . ھەسەلنى كوپ يىسەڭ ئەمەن تىتىيدۇ،
2 . ھالۋىنى كوپ يىسەڭ زاڭ تىتىيدۇ.

1 . سادىن نار چىقىپتۇ.
2 . سادىن لاچىن تۇغۇلۇپتۇ.

1 . بىلىملىك ئۇزار،
بىلىمسىز توزار.

2 . بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى.

3 . بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ،
بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ.

4 . بىلىملىك — نۇر
بىلىمسىز — خور

1 . قورققان يەردە جىن بار،
2 . قورققانغا قوش كورۇنەر.
كولەڭگۈسى بەش كورۇنەر.

1 . ئەقىل بولمىسا كوز تام توشۇگى.
2 . كوڭۇل بىلەن قارىمىساڭ كوز تام توشۇگى.

1 · سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا.
2 · سەن سالا، مەن سالا ئاشقا پۇرچاقنى كىم سالا.

يۇقۇرقى سەۋەپلەر بىلەن ئوزگىرىپ، تۇرلۇك شەكىل ئالغان ماقال ـ تەمسىللەر خېلى كوپ ئوچرايدۇ. بۇنىڭ بىرى ئاساس، قالغان خىللىرى ۋاريانت بولىدۇ. ۋاريانتلار مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، ئورۇن ۋە پەيتكە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

يەنە شۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدىكى، دىمەكچى بولغان بىر خىل مەقسەت قارىمۇ ـ قارشى مەزمۇندا تۇزۇلگەن بولىدۇ.

مەسىلەن:

1 · ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما.
2 · ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن.
3 · چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ.
4 · بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ.
5 · بورە قېرىسىنى ئالدايدۇ.
6 · كوپ قېرىنىڭ ئىچىدە بىر بالا بولسا دانا بولار،
كوپ بالا ئىچىدە بىر قېرى بولسا، بالا بولار.

1 · قېرىق هۇنەر — هۇنەر ئەمەس،
ئەسلى هۇنەر — چويلىچىلىق.
2 · ئەر كىشىگە يەتمىش تۇرلۇك هۇنەرمۇ ئاز.
1 · گەپكە كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما،

2 . ئاغزىمغا كەلدى دەپ دىمە.
ئالدىمغا كەلدى دەپ يىمە.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىدىكى مۇنداق قارىمۇ ـ قار- شىلىقىنىڭ بولۇشى، ھەرقانداق ھادىسە ۋە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر مەسىلىنىڭ قايسى تەرد- پىگە دۇچ كەلسە شۇ توغرىدا تەجرىبە ھاسىل قىلغان ۋە شۇ مەزمۇندا ماقال كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى كوپىنچە ئىككى بولەك- تىن تۈزۈلىدۇ. ھەربىر بولىكى بىر ـ بىرىگە بەزى خۇسۇسىيەت- لىرى بويىچە يېقىن تۇرغان نەرسە ياكى ھادىسىلەرگە قارىتىل- غان بولىدۇ. مۇنداق ماقاللارنى ئىشلىتىشتە توغرا كەلگەندە ئىككى بولەكنى بىردەك تولۇق ئېلىشمۇ مۇمكىن، ياكى بىر بولۇ- گىنىلا ئېلىپ ياردەمچى مەنا بېرىدىغان بولۇگىنى قالدۇرۇپ قويۇ- شىمۇ مۇمكىن.
مەسىلەن:

يامانغا ياغ ياراشماس، ئوشكىگە يۇمغاقسۇت...
دوست سوزىنى تاشلىما، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.
ئىككى ياخشى ئىچىدە قىل ئۈزۈلمەس،
تومۇر زەنجىر ئۈزىدۇ ئىككى بىلمەس...
تاما ـ تاما كول بولار، تامماي قالسا چول بولار.
ئالماقىنىڭ بەرمەكى بار، چىقماقىنىڭ چۈشمىكى-
تەڭ يىگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يىگەن بەرگە (سىڭەر.)
يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،چېڭى چىقسىمۇ دىكى چىقماس.
ئىككى بولەكتىن تۈزۈلگەن مۇنداق ماقاللارنىڭ بىرسى

ئاساسى بولەك بولۇپ، ئىككىنچىسى ئاشۇ بولەكنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش، جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاساسى بولۇگىنى ئىشلەتسىمۇ شۇ ماقالىنىڭ ئومۇمى مەنىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

"باللىق ئوي ـ بازار
بالىسىز ئوي—مازار"
"يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولار"
"ئوزەڭنى مەھكەم تۇت
خوشناڭنى ئوغرى تۇتما"
"بىلىملىك — ئۇزار،
بىلىمسىز — توزار"
"ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق
ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق"
ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش
ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتلاپ باش"

قاتارلىق ماقالىلارمۇ ئىككى بولەكلىك بولۇپ، ھەر ئىككى بولىگى مۇستەقىل مەناغا ئىگە. لېكىن ماقال سۆپىتىدە ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ بىر بولىگىنى ئىشلىتىپ يەنە بىر بولىگىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ماقاللىق تۇسى ئوزگىرىپ كېتىدۇ.

بۇنداق ئىككى بولەكتىن تۈزۈلگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ھەممە ۋاقىت تۇراقلىق بولۇۋەرمەيدۇ. بەلكى

پات ـ پات ئورۇن ئالمىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق ھالدا ئىمكانىيەت بار سىنتاكسىلىق قانۇنىيەت بويىچە ئىگە ۋە خەۋەر شەكلىگە كەلتۈرۈپ تۈرۈش لازىم. چۈنكى ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىن 1 ـ بولىگىدە شەرت ـ شارائىت بېرىلسە، 2 ـ بولىگىدە نەتىجە ۋە خۇلاسە بېرىلىدۇ. يە ـ نى بىرىنچىسى ئىگە، ئىككىنچىسى خەۋەر ھالىتىدە تۈزۈلىدۇ يا ـ كى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە، جە ـ مىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋاملىق يېڭى ماقال ـ تەمسىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ رولـ ـ نى يوقىتىپ ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلمەستىن قالىدۇ، يەنە بەزىلىرى گەرچە پۈتۈنلەي ئىشلىتىلمەستىن قالمىسىمۇ، ئەسلىدىكى مەنالىرى ـ دىن ئايرىلىپ يېڭى مەنا ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغان ھالدا قىسـ ـ مەن ئۆزگەرتىلىپ قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

"كۆرەش قىيىن، غەلىبە شىرىن"
"ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق،
پۇخرا ياقالامىدۇ چىراق."
"خەلق قوزغالسا تۆمۈر مۇنارمۇ گۇم بولىدۇ"
"كىشىنىڭ تامىغىنى يەپ تىلىڭ قىسقىرىدۇ
كىشىنىڭ سوغىسىنى ئېلىپ قولۇڭ قىسقىرىدۇ"
"سۆيگىن ئاما ئىشىنى، مەھكەم تۇتقىن پىشىنى."
كادىر بولساڭ سىلىق بول، سۇغا چۈشكەن بېلىق بول"

"ياندا قويساڭ ئۇتتۇز تەڭگەڭ توققۇز بولار،
بانكىدا قويساڭ توققۇز تەڭگەڭ ئۇتتۇز بولار"

قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر بۈگۈنكى دەۋر روھىغا ماس هالدا، يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئارىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

هەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە ماقال - تەمسىللەرمۇ تەبىي هالدا ئۆزئارا سىڭىشىدۇ. بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن شەكىللەنگەن قويۇق مىللىي دوستلۇق ۋە هەمكارلىق نەتىجىسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ خېلى كۆپ ماقال - تەمسىللىرى خەلقىمىز ئارىسىدا سىڭىشىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭرى پايدىلىنىلماقتا.

مەسىلەن:"دەرەخ يىقىلسا مايمۇن توزۇپتۇ"، "ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ."، "دەرت تېغى ئاستىدا ئويغىنىپ پارتلىمىساڭ ئاخىرى يەنجىلىپ ئۆلىسەن"،" ۋەتەنسىز كىشى — ناخشىسىز بۇلبۇل"، "ئاغزىڭ قانغا تولسىمۇ دۈشمىنىڭ ئالدىدا تۈكۈرمە"
"ئاۋايلاپ ئۇچمىغان قۇش قانىتىدىن ئايرىلىدۇ"،
"ئاغمىخانىنىڭ توخۇنى هېيتلىشىدا ياخشى نىيەت يوق"
"كۈرەش قۇربانسىز بولماس، كۈرەشسىز ئازاتلىق بولماس"
"بورە يۈگىنى پاخپايتىپ ئوغرۇقلۇغىنى بىلدۈرمەس."
"بورىنىڭ قوي يېيىشى قوينىڭ گۇناهكارلىغىدىن ئەمەس"
"دۇنيادا هوشيارلىقدىن ئارتۇق چېگرا يوق"

قاتارلىق كۆپلىگەن ماقال - تەمسىللەر تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزلەشكەن بولۇپ تەدرىجى هالدا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ تەركىۋى قىسمىغا ئايلانماقتا، يەنە بىرمۇنچە

ماقال ـ تەمسىللەر باركى، ئۇلار قىرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنى "سېنىڭ"، "مېنىڭ" دەپ تالىشىش ھاجەتسىز.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ شەكلى جەھەتتىن يەنە بىر ئالاھىدىلىكى باركى، بەزى ماقال ـ تەمسىللەر تولۇق ناخشا ـ قوشاق تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇنى ھېكمەتلىك قوشاقلار دەپ ئاتاش مۇمكىن.

مەسىلەن:

سۇغا سالسا سۇ كوتەرمەس، مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۈلنى.

ئوتمە نامەرت كوۋرۇكىدىن،
سەل سېنى ئاقتۇرسىمۇ.
ئىچمە نامەرت ئاشىنى،
ئاچلىق سېنى ئولتۇرسىمۇ.

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى تارتمىغان ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

كىم يامانلىق ئويلىسا
تاپماس يامانلىقتىن ئامان.
ئۇ يامانىنىڭ ئاپىتى
يانغاي ئوزىگە شۇ زامان.

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گوھەر ئالغىچە تاشتىن،
نى سەۋدا ئوتىدۇ باشتىن.

بۇ خىلدىكى ماقال ـ تەمسىللىك قوشاقلارنىڭ شېئىرى خۇسۇسىيىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، باشقا مىللەت خەلقلىرىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كورۇشكە بولىدىكى، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بايلىغى ۋە گۈزەللىگىگە ماس ھالدا، ئوزىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە شەكلى ئىنتايىن جانلىق ۋە خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، مەزمۇن تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇن ئەسىرلىك ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىكى بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان ھالدا تىل ۋە ئەدەبىيات غەزىنىمىزدىكى بىباھا گوھەر ھىساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا باي ۋە رەڭدار بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە ئىسىل ئەدەبى مىراس سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۇزلۇكسىز ھالدا بېيىتىشىمىز لازىم.

# توققۇزىنچى باپ

## ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى

تېپىشماق دىگەن سوزنىڭ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇ "تېپىش"، "ئويلاش"، "ئىزلەش" دىمەكتۇر. تېپىشماقلار شەكىل جەھەتتىن ئىنتايىن قىسقا ۋە يىغىنچاق تۈزۈلگەن بولۇپ، ماقال-تەمسىللەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن مەنا تەرەپتىن تامامەن ئوخشىمايدۇ.

تېپىشماقلارمۇ ماقال-تەمسىللەرگە ئوخشاش نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە. يەنى، ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىگىگە ماس ھالدا داۋاملىق ئىجادىي بېيىپ ماڭىدۇ ۋە يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. جەمىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان يېڭى شەيئىلەر ھامان خەلقىنىڭ تېپىشماقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ.

ئومۇمى مەنىدىن ئېيتقاندا تېپىشماقلارنىڭ ئىجاتچىسى كەڭ خەلق ئاممىسى بولغاچقا، ئۇ ئەلۋەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە خەلق ئىچىدە مەخسۇس تېپىشماق ئىجات قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. يەنى بەزى يازغۇچى-شائىرلار خەلق تېپىشماقلىرىنى ئۈلگە قىلىپ داۋاملىق

تۇردە يېڭى تېپىشماقلارنى ئىجات قىلىپ تۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تېپىشماقلار ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ ماڭىدۇ.

بىز قەدىمقى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە نەزەر سالساق، بەزى شېئىرلارنىڭ موئەممە شەكلىدە (مەنىسى يوشۇرۇن، تېپىشماق شەكلىدە) يېزىلغانلىقىنى كورىمىز. بۇ ھال تېپىشماقلار ئەزەلدىن خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە يازما ئەدەبىياتقا سىڭىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇرژۇئا تەتقىقاتچىلىرى تېپىشماقنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى پەقەت كوڭۈل ئېچىش، ئويۇن-چاقچاق ۋە كۈلكە پەيدا قىلىش دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىقۇرۇلمىلىق خاراكتېرىنى ۋە زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە، ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سەنئەتنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. چۈنكى تېپىشماق خەلقنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى ۋە زېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل بەدىئىي ۋاستە بولۇپ، تېپىشماق ئارقىلىق كىشىلەر ئوزلىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئوستۇرىدۇ، ئەقىل-ئىدرەك ۋە پەم-پاراسىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، تېپىشماقلار تولۇق مۇكەممەل ئاساستىكى يوشۇرۇن ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇ يۈكسەك تەسەۋۋۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا ئۇ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە، ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ زېھنىي-قۇۋۋىتى ۋە زېرەكلىكىنى يېتىلدۈرۈشنى ئوزىنىڭ ئىجتىمائىي مەقسىدى قىلىدۇ.

ياش ئوسمۇرلەر دەۋرىمىزنىڭ مۇناسىپ ئىز باسارلىرىدۇر. كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى بولغان ياش بوغۇنلارنى تەربىيەلەشنىڭ

ۋاستىلىرى ئەلۋەتتە ھەر خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىنى ئىگەللىتىش ئۈچۈن، ئىلىم-پەنگە ئائىت ھەر خىل ساۋاتلارنى ئوقۇتۇشتىن تاشقىرى بۇ جەھەتلەردە تېپىشماقلارنىڭ رولىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك؛ چۈنكى بالىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تېپىشماق خاراكتېرلىق نەرسىلەرگە ئالاھىدە قىزىقىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تېپىشماقلارنىڭ تىلى ناھايىتى راۋان ھەم ئاددى بولۇپ، ئۇ ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى. شۇڭلاشقا تۆت-بەش ياشلىق بالىلارمۇ بىرەر تېپىشماق ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا دەرھال يېپىشىدۇ ۋە ئېسىدە قالدۇرالايدۇ، بالىلارغا خاس مىڭە سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. بۇ، تېپىشماقلار يالغۇز بالىلارغىلا خاس سەنئەت تۈرى دېگەنلىك ئەمەس، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە چوڭ كىشىلەر ھەتتا ياشانغان بوۋاي-مومايلارنىڭمۇ ئۆزئارا تېپىشماق ئېيتىشىدىغانلىقىنى داۋاملىق ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ تېپىشماقلارنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان بىر خىل سەنئەت تۈرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تېپىشماقلار كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە زېھنى قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈرۈش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇشتىن تاشقىرى، ئۆزىدىكى جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە ماددىي دۇنياغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىشكە ئىنتىلدۈرىدۇ. گەرچە تېپىشماقلاردىكى ئىدىيە ۋە سىياسىي خاھىش خەلق ئېغىز ئەدە-

بىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىكىدەك روشەن ۋە كۈچلۈك خاراكتېر
ئالغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس دەرىجىدە
ئىدىيىۋىلىك ئەكس ئېتىلىدۇ.

مەسىلەن: پەيدا بولۇش تارىخى ئۇزۇنراق تېپىشماقلار-
دىن "باينىڭ بالىسى تۈلكە تۇماقچان — ئۇ نىمە؟" (قومۇش)
دىگەن تېپىشماق بىر تەرەپتىن ئوتمۇشتە تۈلكە تۇماق پەقەت
بايلارغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن
ئوزىنىڭ جاۋابى ئارقىلىق بايلارنىڭ ئەسلى سىنىپىي ماھىيىتى
قومۇشقا ئوخشاش ئاجىز ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. "بىر
رەنا، 12 دەنا، 30 ئانا — ئۇ نىمە؟" (يىل، ئاي، كۈن) دىگەن
تېپىشماقنى ئالساق، خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە ۋاقىت بىباھا گوھەر
ھېساپلانغاچقا، ئۇنى رەناغا، دەناغا، ئانىغا تەقلىت قىلىپ گۈزەل
ئوخشىتىشلار ئارقىلىق سۈپەتلىگەن.

بولۇپمۇ يېڭىدىن ئىجات قىلىنغان تېپىشماقلاردا ئىدىيە-
ۋىلىك تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىدۇ ۋە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە
ئىگە مەنتىقى پىكىرلەر ئالغا سۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

"بىر نەرسەم بار قاتمۇ-قات، بىلمىگەننى بىلدۈرەر، ئەگەر
ئۇنى دوست تۇتساڭ، مىرادىڭغا يەتكۈزەر" (كىتاپ)، "بىر مەھ-
سۇلات بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئەسلى قار ئىكەن، ئۇ بولمىسا
جانلىقلار، ھالاك ئىكەن-خار ئىكەن، تىرىكمىنلەنىسە ئۇنىڭدا،
نازۇ-نىمەت بار ئىكەن" (سۇ)، "ئۈچ بۇرجەكلىكى بار ئۇنىڭ،
رەڭگى ئوتقاش قان ئۇنىڭ، بىر مەركەزگە چىگىلگەن، ئەلدە
نامى بار ئۇنىڭ، يېقىن دوستى ئوسمۇرنىڭ، ئاڭا ئىشقىم بار
مېنىڭ" (گالىستوك) قاتارلىق تېپىشماقلار ئەلۋەتتە روشەن ئىدى-
يىۋى خاھىشقا ئىگە. چۈنكى، تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائى

مەنبەسىدىن قارىغاندا، تاپماقچى بولغان تەسۋىرى ئوبرازىنىڭ ئارقىسىدا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ روشەن ھاياتى ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى مەلۇم دەرىجىدە سىڭىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ مەزمۇنى ماقال - تەمسىل - لەرگە ئوخشاش كەڭلىككە ۋە ھەر تەرەپلىملىككە ئىگە. ئومۇمەن ئىجتىمائى ھادىسىلەردىن تارتىپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددى نەرسىلەرگىچە، ئاسماندىن تارتىپ يەر - زېمىنغىچە، دېڭىز - ئوكياندىن تارتىپ تاغۇ - دەريالارغىچە، ئوسۇملۇك، دەل - دەرەخ - لەردىن تارتىپ ھايۋانات، قۇرۇت - قوڭغۇز، جاندارلارغىچە، تۇرمۇش لازىمەتلىرىدىن تارتىپ، يېمەك - ئىچمەك بۇيۇملىرىغىچە، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تارتىپ ماددى ۋە مەنىۋى مەۋجۇداتلار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىگىچە... تەرىپلەيدۇ ۋە شۇ شەيئىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن خىلمۇ - خىل تېپىشماقلار بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: "بىر ئوزى، مىڭ كوزى؟" (غەلۋىر)، "تېشى ئۇزۇق، ئىچى قوزۇق؟" (جىگدە)، "پاكار - پاكار بويى بار، يەتتە قەۋەت تونى بار؟" (پىياز) قاتارلىق تېپىشماقلاردا شۇ شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىياسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. "بېشى بوغان قاپاقتەك، پۇتى ئىنچىكە ساپاقتەك، ئۇچىيى قوساق تىشىدا، قۇلىغى پۇتى بېشىدا؟" (دۇتار)، "ئانىسى ئوگدا ياتىدۇ، بالىسى پىلتىڭلايدۇ؟" (ئاشتاختا، قىغۇچ)، "ئاغزىدا يۇزلەپ چىشى، بىرنى ئىككى قىلماق ئىشى؟" (ھەرە) قاتارلىق تېپىشماقلار شۇ شەيئىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە ھەركىتىنى ئوزىگە مەزمۇن قىلغان بولۇپ، قىلمىقلاندۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق جانسىز نەرسىنى جانلىق نەرسىگە ئايلاندۇرغان. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماق -

لىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇنداق تەقلىت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىدۇ.

تېپىشماقلار ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن پەيدا بولغان قانۇنىيەتلىك يەكۈنگە ئاساسەن، ئابستراكت نەرسىلەرنى كونكرېت، ھېسسى نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ كىشىلەردە گۈزەل ئوبرازى تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: "بىر تۈپ دەرەخ، ئون ئىككى شاخ، ئوتتۇز يوپۇرماق، بىر يۈزى قارا، بىر يۈزى ئاق؟" (يىل، ئاي، كۈن، كېچە ۋە كۈندۈز)، "ساندۇقۇمدا جىق ئوق، ئەتىسى قوپسام بىرىمۇ يوق؟" (يۇلتۇز). مۇنداق تېپىشماقلار مېتافورىلاش ئارقىلىق ياسالغان. يەنى يىلغا قىياسەن دەرەخنى، ئايغا قىياسەن دەرەخ شېخىنى، كۈنگە قىياسەن ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى.... يۇلتۇزغا قىياسەن ئوقنى مېتافورا قىلغان.

ئادەتتە مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىرى ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن تېپىشماقلاردا مېتافورىلاشنىڭ شەكىللىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا شەيئىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك خۇسۇسىيەتلىرىنى پۇختا بىلمەي تۇرۇپ تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ ئېجاتچىلىرى تۇرمۇش ئاساسىغا پۇختا بولۇشى كېرەك، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بەلگىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئىگەللەشكە ماھىر بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۇستۇرۇشلىرى كېرەك. شۇ چاغدىلا تېپىشماقلارنىڭ مەزمۇنى قۇرۇق، ئابستراكت بولماستىن، بەلكى رېئاللىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇشكە پايدىلىق بولىدۇ.

تېپىشماقتىكى مەۋھۇم نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشىتىل-

غانىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بىرىنچە مەزمۇن جەھەتتىن يېقىنلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىغا قارىساق بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلگەن. مەسىلەن: "بىر ئۆيگە كىرسەم بېلى باغلاغلىق قىز ئولتۇرۇپتۇ" بۇ تېپىشماقتا سۈپۈرگىنى قىزغا تەقلىت قىلغان. ئادەتتە "قىز" سۈپۈرگىگە تەڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلغاندا ئىجابى تەرەپتىن سۈپۈرگە بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مەزمۇن باغلىنىشى بار. چۈنكى سۈپۈرگىنى كۆپ ھاللاردا قىزلار ئىشلىتىدۇ. شۇڭ- لاشقا تەمتىرىمەستىن بۇ تېپىشماققا "سۈپۈرگە" دەپ جاۋاپ بېرەلەيدۇ.

جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئۆزگىرىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش تەجرىبىسى ئۈزلۈكسىز ئوسۇپ بارىدۇ. بۇ ھال يېڭىدىن-يېڭى تېپىشماقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇكى، تېپىشماقلار تېماتىك مەزمۇن جەھەت- تىن ئۈزلۈكسىز بېيىپ بارىدۇ. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان يېڭى شەيئىلەر ھامان تېپىشماقلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن: رادىو، ئايروپىلان، پاراخوت، كومبايىن، ئېلېكتىر، سائەت، ماشىنا... قاتارلىقلار يېقىنقى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار خەلق تېپىشماقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپتى.

مەسىلەن:

يۇلتۇزمىكىن دىمەڭلار،
يىراق ئەمەس يۇلتۇزدەك.

يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچسا،
كېچە بولار كۈندۈزدەك.
(ئېلېكتىر چىراق)

گاھ ئۈستەلدە گاھ تامدا،
گاھ بىلەكتە، گاھ ياندا،
چىكىلدايدۇ يېقىملىق،
كېرەكتۇر ھەرقاچاندا.
(سائەت)

كۆزى ماڭار ئىزى يوق،
ماڭلىيىدا كوزى يوق.
(كىمە)

يېشىل كىمخاپ يېپىنغلىق،
بىر - بىرىگە چېتىغلىق.
لوم - لوم ئۈنىڭ كارۋىتى،
يولۇچىلار يېتىغلىق.
يول ئۈستىدە پۇشقۇرۇپ
شامال كەبى چېپىغلىق؟
(پويىز)

سۇيۇپ دېڭىز بېتىنى،
يېرىپ دولقۇن قېتىنى،
يېقىن قىلار ۋەتەنگە،

دېڭىز ـ ئوكيان چېتىنى.
ئېغىر يۈكتىن قورقمايدۇ
ئويلاپ تېپىڭ ئېتىنى؟
(پاراخوت)

يول ماڭمايسەن يىراققا،
ئالساڭ دەرھال قۇلاققا.
جاۋاپ كېلەر شۇ ھامان،
سەن سورىغان سوراققا.
ئوخشاش ئۈنىڭ سۈرئىتى
شەھەر، سەھرا ھەم تاققا؟
(تېلېپۇن)

خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەدىي شەكلى { ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى شەكىل جەھەتتىن ئالاھىدە خاراكتېرلىق كىچىك تىپتىكى شېئىرىيەت ھېساپلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ئومۇمەن شېئىرى ئامىللار ھازىرلانغان بولىدۇ. تېپىشماقلار ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىت قىلىش، مىتافورا، مۇبالىغە، مىتانومىيىگە ئوخشاش بەدىئى ۋاستىلەرگە كۆپرەك تايىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ماددىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ياكى پەقەت بىرلا نۇقتىسىنى كورسىتىپ، شۇ ئاساستا كىشىلەرنى ئويلاندۇرىدۇ. دىمەك، تېپىشماقلار بەدىي قۇرۇلۇش جەھەتتىن شەيئىلەرنىڭ خاسلىغى ۋە ئومۇملىغىغا ئاساسلىنىدۇ. خاسلىق بىلەن ئومۇملۇق ئارىسىدىكى دىئالىكتىكلىق مۇناسىۋەت بەدىي

ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىپ تېپىشماقلارنى شەكىللەندۇرىدۇ.

مەسىلەن: "كىچىك چېغىمدا توت پۇتلۇق، چوڭ بولغاندا ئىككى پۇتلۇق، قېرىغاندا ئۈچ پۇتلۇق، ئۇ نىمە؟" بۇ تېپىشماق ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇش، چوڭ بولۇش ۋە قېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ مەزگىلدىكى ئادەملەرگىلا ماس كېلىدىغان خاسلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئادەمدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئومۇملۇقىنى كورسەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلار پىسخولوگىيىسىدە بولىدىغان تۇغۇلۇش، چوڭ بولۇش، قېرىش ھالەتلىرى باشقا جاندارلار ئۈچۈنمۇ ئومۇمى قانۇنىيەتتۇر.

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى "بۇ كىم؟ ئۇ نىمە؟" دىگەن يوشۇرۇن سوئاللارغا جاۋاپ .تېپىش شەكلىدە تۈزۈلىدۇ، تېپىشماقلارغا بېرىلگەن جاۋاپ تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. تېپىشماقلارنىڭ ئاساسى ئوبرازى — مىتافورىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەسىلەن: "تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاغلىق—ئۇ نىمە؟" (ئانار) "تاياق، تاياق ئۈستىدە ئاياق، ئاياق ئۈستىدە ماياق؟" (ئاپتاپپەرەس) "دادىسى تولغىماش بوۋاي، بالىسى شىرىن-شەكەر؟" (ئۈزۈم) "ئاش يىمەيدۇ مۇشۇگۇم، سۇ ئىچمەيدۇ مۇشۇگۇم، تاۋا-دۇردۇن ئۈستىدە، يورغىلايدۇ مۇشۇگۇم؟"(دەزمال) "ئاخشىمى كېلەر ئەگلىكىم، كۈندۈزى كېتەر ئەگلىكىم؟"(ئاي) يۇقۇرقى تېپىشماقلاردا شۇ شەيئىنىڭ قىياسەن تەسۋىرى ئاستىغا "—" قويۇلغان مىتافورلار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

يەنە بەزى تېپىشماقلاردا شەيئىلەرنىڭ تاشقى تەسۋىرى ئاساس قىلىنماستىن، ئۇنىڭ ھالىتى ياكى ھەركىتى ئاساس قىلىنىدۇ.

مەسلەن :

ئۇزۇن كەتكەن بىر كىمىر،
تۇگىلىگى مىجىر - مىجىر،
ئايىغىدا گۈل ئېچىلۇر
بېشى شورتاگىلىق ئىدىر؟

(كارىز)

”كومسەم كومۇلمەس، تەپسەم تەۋرىمەس، ماگسام ماگىدۇ،
تۇرسام تۇرىدۇ؟“(سايە)

ئاق كېمە، ئاپپاق كېمە،
سۇدا ئۇزەر بۇ كېمە.
سىردىق تۇمشۇق كەك تاپان،
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نىمە؟

(ئودەك)

ئۇ كاچىتىمغا ئۇرىدۇ
بۇ كاچىتىغا ئۇرىدۇ،
مەن هىچ گۇنا قىلمىسام
مېنى نىمىشقا ئۇرىدۇ؟

(ئەگلەك)

تىرىك بېرىپ ئولۇكتىن نان سورايدۇ،
ئولۇك قوپۇپ تىرىكتىن جان سورايدۇ؟

(تاختا مۇشۇك، قاپقان)

قوسغىدىن يەپ، دۈمبىسىدىن چىقىرىدۇ، — ئۇ نىمە؟
(رەندە)

يەنە بەزى ئۇيغۇر تېپىشماقلىرى بىرقانچە بولەكتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى بولەكلىرى مەناغا ئىگە بولمىغان تەسۋىرى ئىبارىلەردىن ياكى شېرى تۇسكە ئىگە قىلىش ئېھتىياجى ئۇچۇن ئېلىنغان ئاھاڭ قايتارمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، تېپىشماقلارنىڭ جەلپ قىلىش كۇچىنى ئارتتۇرىدۇ. مۇنداق تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىشتا نەزەر دائىرىنى شۇ شەيئىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئاساسى بولەككە قارىتىش كېرەك.

مەسىلەن: "ھولو - ھولو ئالامەت، ئىچى قىزىل قىيامەت؟"
(تونۇر)

"بىلىم - بىلىم - بىلىمات، بىلى سۇنۇق تورۇق ئات؟"
(چۈمۈلە)

"توت لاپ - لاپ، ئەگرى ساپلاپ
ئىككى دىڭ - دىڭ، بىر شىپ - شىپ؟"
(توگە)

"ياپىر، بوينى كىر، ئاغزى ئىككى، تۈۋى بىر"
(ئىشتان)

"ئاخشىمى كىلىدۇ لەك ـ لەك،
ئەتىسى كېتىدۇ سەك ـ سەك؟"
(تۈگۈلۈك ياپقۇچ)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئوبىكىت ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بىرى ئادەم ۋە نەرسىلەر بولۇپ، يەنە بىر خىلى تەبىي ۋە ئىجتىمائى ھادىسىلەردۇر. ئەمما ھادىسىلەر توغرىلىق ئېيتىلغان تېپىشماقلارغا قارىغاندا ئادەم ۋە نەرسىلەر توغرىلىق ئېيتىلغان تېپىشماقلار كوپرەك ئۇچرايدۇ. قىسقىسى، تېپىشماقلاردا جانسىز ئوبرازلار جانلىق ئوبرازلار دەرىجىسىگە كوتىرىلىپ، كىشىلەردە روشەن بەدىئى تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ. لېكىن تېپىشماقلاردا ئەدىبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش روشەن تېپىك ئوبراز يارىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىزگە يولۇقىدىغان شەيئىـ لەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى خۇسۇسىيەتلىرى ھەر خىل بولغاچقا، تېپىشماقلاردا تەسۋىرلەشنىڭ خىللىرىمۇ كوپ بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بەلگىلىك شەيئىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بەلگىسى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزىسى ۋە كۆزىتىشى بىردەك بولمايدۇ. چۈنكى، بەزىلەر مەلۇم بىر شەيئىنىڭ سىرتقى شەكلىگە قاراپ تېپىشماق تۈزسە، يەنە بەزىلەر شۇ شەيئىنىڭ ئىچكى ھالىتى ياكى ھەركىتىگە قاراپ تېپىشماق تۈزۈشى مۇمكىن. شۇ سەۋەپـ تىن ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ ۋارىيانتى كوپ بولىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 1. تېشى سىرلاغلىق، ئىچى مىخلاغلىق. | ئانار |
| 2. كىچىككىنە ساندۇقچە، ئىچىدە جىق ئۇگۇنچە. | |
| 3. كىچىككىنە دومبۇلاق، ئىچى تولا قومبۇلاق. | |

قەلەم
1. ئۆزى بىر غىرىچ، تىلى مىڭ غىرىچ؟
2. ئۆزى ئورۇق، ئۇچى يورۇق، مۇزدا يۈگرەيدۇ؟
3. پۇتى يوق ماڭىدۇ، تىلى يوق سوزلەيدۇ؟
4. كىچىككىنە سايىنىم، بەش ئات ئۇنى تارتىدۇ؟
5. ئاپپاق يەرگە رەت بىلەن رەڭلىك ئۇرۇق سالىدۇ؟

تۇخۇم
1. ئاپپاق يۇمىلاق بىر كورا، ئىچىدە ئىككى خىل دورا؟
2. دوپ دوگىلەك بىر قۇتا، ئوتقا سالسام مۇز تۇتا؟
3. ئولۈكتىن تىرىك چىقتى، تىرىكتىن ئولۈك؟

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەدىمى تۈزۈلۈشىدە بىرلىككە كەلگەن مۇقىم ئۆلچەم بولمايدۇ. لېكىن ئەسىرلەردىن بېرى جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېپىشماقلارنىڭ شەكلىمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن گۈزەللىككە قاراپ راۋاجلىنىپ ماڭىدى. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئىجات قىلىنغان تېپىشماقلار تېخىمۇ مۇكەممەل شېرى تۈسكە ئىگە بولماقتا.

يەنە بەزى تېپىشماقلار باركى: ئۇلار ھېكايە قىلىش شەكلى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ چوچەكلىك تېپىشماقلار دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق تېپىشماقلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر بىر قەدەر مۇرەككەپرەك بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئوستۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئوستۇرۇشكىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

مەسىلەن:

بۇرۇنقى بىر زاماندا،
يىراق چول - باياۋاندا،

بىلىنمەيدۇ، بىر ئاتقا
بىر ئەر، بىر قىز مىنىپتۇ.
بۇ كىم؟ — دەپ سورىسا
شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

جىنىمنىڭ جاناسى، يۈرىگىمنىڭ سەكپارسى، بۇ ئادەمنىڭ ئانىسى، مېنىڭ ئانامنىڭ قىنانىسى. قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇلار زادى قانداق تۇققان؟ (ئاتا ـ بالا)

جاۋابىنى ماتىماتىكا ئۇسۇلى بىلەن ھىساپلاش ئارقىلىق تېپىشقا بولىدىغان تېپىشماقلارمۇ يۇقۇرقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. مەسىلەن: توخۇ، توشقان قىرىق سەككىز، پۇتلىرى يۈز سەككىز، توخۇ قانچە، توشقانچۇ؟

×

كېلىپ چۈشتى ئونبەش ئۆدەك كولچەككە،
زايىت چىقىپ مىلتىق ئاتتى ئۆدەككە.
بىر پاي ئوقتا يىقىلىپتۇ ئالتىسى
ھايات قالدى شۇ كولچەكتە قانچىسى؟

×

تۇت بولۇگدا تۇت مۇشۇك، ھەر مۇشۇكنىڭ ئالدىدا، ئۈچتىن مۇشۇك، ھەممىسى قانچە مۇشۇك؟ ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلۇشىدا باشقا خەلقلەرنىڭ تېپىشماقلىرىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك بار، يەنى بەزى ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنداق تېپىشماقلارغا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرلا جاۋاپ تاپالايدۇ. باشقا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇنداق تېپىشماقلارنىڭ تېپىشماقلىق خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. مەسىلەن:

"سەن" دە بىرلا، "مەن" دە بىرلا،
ئىزلىسەم "ئالەم" دە يوق.
"شام" غا بېرىپ ئۇچنى تاپتىم،
"مىسىر" غا كەلسەم بىرسمۇ يوق — ئۇ نىمە؟

بېيجىڭدىن ئالسام توققۇز ياغاق،
ئۈرۈمچىدە قاپتۇ ئۇچلا ياغاق؟
(ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىكى "چېكىت"

بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەن ياكى
ئۇچلا ھەرپ قوشۇلۇپ.
ئەنە يۇرەر ئالدىڭدا
مەيدان ئارا يۇگۇرۇپ؟

(توپ — ت. و. پ)

"بىرى" دېۋىدىم ئىككى تاغ ئۇرۇشتى،
"ئىككى" دېۋىدىم يىراق تۇرۇشتى؟
(كالپۇك)

"ئىگىز بىلەن "پەس" نىڭ
ئوتتۇرىسىدا نىمە بار؟
("بىلەن" سوزى)

ئول نىمىدۇر، ئادىمگە قىشى - ياز لازىم ئىمىش،
بېشى بىردۇر، بىلى ئالتە، قۇيرۇغى توت يۇز ئىمىش.

بۇ ئوت (ا و ت) بولۇپ، كونا ئەبجەت ھىساۋى بويىچە "ا" — بىرگە، "و" — ئالتىگە، "ت" — توت يۇزگە تەڭ بولىدۇ. ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئالاھىدىلىگى بىلەن كونا ئەبجەت ھىساۋىدىن خەۋىرى يوق كىشلەرنىڭ بۇ تېپىشماقنى چۇشىنىشى ۋە جاۋابىنى تېپىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

يۇقۇرقىلاردىن كورۇشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەدىئى قۇرۇلۇشى خىلمۇ - خىل بولۇپ، ئۇ جانلىق بەدىئى تەسىرلەندۇرۇش كۇچىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۇچۇن تارىختىن بېرى كوپلىگەن ئالىملار ۋە ئەدىپلەر تېپىشماقلارغىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۇرلىرىگە ئوخشاش ئېتىۋار بىلەن قاراپ كەلدى ۋە ئوزلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلىرىدە خەلق تېپىشماقلىرىدىن بەزى ئۇلگىلەرنى خاتىرە قالدۇردى.

نوۋەتتە تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى ۋە بەدىئى

ئالاھىدىلىگى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئوستۇرۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر خەلق تېپىشماق-لىرىنىمۇ توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەس-تايىدىل ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم ھەمدە يېڭى شەيئىلەرنىڭ خۇ-سۇسىيەتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان جانلىق تېپىش-ماقلارنى كوپلەپ ئىجات قىلىپ ياش ئەۋلاتلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە يېقىندىن ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

## ئونىنچى باپ

# يېڭى خەلق قوشاقلىرى ۋە قوشاقچىلار

## 1. يېڭى خەلق قوشاقلىرى

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇغى ۋە رەھبەرلىگىدە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئېغىز ئەدەبىياتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئىستىخىيىلىك خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئاڭلىق تۈردە خىزمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندى.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە خەلقچىللىق ۋە دىموكراتىك مەزمۇنغا ئىگە تىرادىتسىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خەلق ئىچىدە داۋاملىق تۈردە زور ھاياتى كۈچىنى جارى قىلىپلا قالماي، دەۋر ئۆزگىرىشى بىلەن خەلق ئىچىدە ھەر خىل ژانىردىكى يېڭى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مەيدانغا چىقتى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، مەتبۇئات ۋە تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن

ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ كوللىكتىپ ئىجات قىلىنىشى، ئېغىزدا تارقىلىشى، ۋاريانتلىق بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىمۇ بەزى مۇھىم ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

هازىرقى زامان ئېغىز ئەدىبىياتى ئىچىدە ئەڭ گۈللەنگەن، تارىخىي رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان شەكىل خەلق قوشىقى بولدى. زامانىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا يېڭى هاياتىي كۈچ بەردى. يېڭى خەلق قوشاقلىرى يېڭى ئىدىيە، يېڭى هېسسىيات ۋە يېڭى ئۇسلۇپ بىلەن مەيدانغا چىقىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پوئېزىيىسىگە غايەت چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۆتمۈشتىكى تىرادىتسىيەلىك خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى — قايغۇ - ھەسرەت، ئىسيانكارلىق بولسا، بۈگۈنكى يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى — خوشاللىق، تەنتەنە، قەسىدىدىن ئىبارەت.

يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

1 - يېڭى خەلق قوشاقلىرى — دەۋرىمىزنىڭ ئەينىكى ۋە سىگنالى سۈپىتىدە، ئازاتلىقتىن بۇيان پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر بىر ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە، خەلق تۇرمۇشى ۋە كۈرىشى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا مەيدانغا چىقىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇستۇردى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى جەمئىيەتكە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئاشۇردى.

يەر ئىسلاھاتى — ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىق قەد كۆتىرىش ھەرىكىتى، بۇ بوران - چاپقۇنلۇق ئاممىۋى كۆ-

رەش ئارقىلىق پومىششىكلار سىنىپى يوقىتىلىپ، دىخانلار يەر-گە ئىگە بولىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ روھى جۇشقۇن ۋە كو-تىرەڭگۇ بولدى. شۇڭا يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا مەيدانغا چىقق-قان قەد كوتىرىش قوشاقلىرىدا غەلىبە خوشاللىغى، تەنتەنە كەي-پىياتى جاراڭلاپ تۇرىدۇ.
مەسىلەن:

گۇڭچەنداڭنىڭ زامانى،
كەمبەغەلنى هور قىلدى.
قاراڭغۇنى يورۇتۇپ،
ئولكىمىزنى نۇر قىلدى.

قوش، كالا، ئۇرۇق بىزنىڭ،
يەر - سۇ ۋە هوقۇق بىزنىڭ.
گۇڭچەنداڭ بار ئومۇرلۇك،
كوڭلىمىز يورۇق بىزنىڭ.

يەر ئىسلاھاتىدا مەيدانغا چىققان قوشاقلار ئاشۇ جىددى ۋە هالقىلىق كۇرەش ئەمەلىيىتىنىڭ ئىنكاسى بولغاچقا، ئۇ يۇك-سەك جەڭگىۋارلىققا ئىگە:

كىۋەزلىكنىڭ ئىچىگە،
ئۇنۇپ قاپتۇ تاش كاۋا.
بىزنى ئەزگەن زومىگەرنىڭ،
سىرى بولدى ئاشكارا.

ئالملىق باققا كىرىپ،
ئالملارنى ئىغاتتۇق.
زومگەر - پومششكنى،
ھەر بۇلۇڭدا يىغلاتتۇق.

يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا مەيدانغا چىققان يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلغانلىقى، دىخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغانلىقى چوڭقۇر ئەكس ئەتتى:

دەرتنى تارتقان دەرتمەنلەر،
ئومىلىشەيلى بەرىمىز.
لاپقۇتلىشىپ ئىشلىسەك،
بوشقا كەتمەس تەرىمىز.

يېزا ئىگىلىگىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ ھەركەت جەريانىدا مەيدانغا چىققان خەلق قوشاقلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ يەككە ئىگىلىكتىن قۇتۇلۇش، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىش تەلىۋى، ئىرادىسى مەركەزلىك ھالدا چوڭقۇر ئىپادىلەندى. بۇ مەزگىلدىكى قوشاقلاردا يەر ئىسلاھاتىدا مەيدانغا چىققان قوشاقلارغا ئوخشاش جۇشقۇن كەيپىيات، جەڭگىۋار روھ ئىپادىلىنىش بىلەن بىرلىكتە دىخانلار ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاك سەۋىيىسى روشەن ئەكس ئەتتى. كوپىراتسىيىلىشىش مەزگىلدە مەيدانغا چىققان قوشاقلار ئازاتلىق مەزگىلدە

ۋە يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە چىققان قوشاقلاردىن ئالاھىدە پەرق قىلىدۇ:

بۇلبۇل ئامراق گۇللۇككە،
بىز ئامراقمىز ئۇملۇككە.
ئىرىشتۇردى ماۋ جۇشى،
ئېلىمىزنى ھورلۇككە.

سانائەت ساھەسىدىكى ئۇتۇقلارنى مەدھىيىلەش، يېڭى ئەۋلات ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ خوجايىنلىق ئىپتىخارىنى، يېڭى-لاش غەيرىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى بىر يېڭىلىق بولدى:

ئولكىمىزنىڭ بايلىغى،
بولدى نېفىت مايلىغى.
چىققسۇن يەنە كوپلەپ كان،
ئوسسۇن دولەت بايلىغى.

گۇدۇك توۋلاپ ھەركۇنى،
ئىش ئورنىغا چاقىرار.
جاسارەتلىك ئىشچىلار،
ئىش ئورنىغا ئالدىرار.

مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى ئېلىپ بېرىلغان 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو خەلقى لىن بياۋ ۋە

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" تىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇيىقەستـ-
چىلەر گۇرۇھىغا قارشى شىددەتلىك، كەسكىن ۋە مۇرەككەپ
كۈرەش ئېلىپ باردى. يېڭى خەلق قوشاقلىرى بۇ كۈرەشنىڭ
غەلىبىسىنى ناھايىتى تېز، دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدى:

بوران چىقىپ قوغلىدى،
ھاۋادىكى بۇلۇتنى.
گورگە تىقتى پارتىيە،
توت زەھەرلىك قۇرۇتنى.

يېڭى ئاچقان بوز يەردە،
ھارۋا - ھارۋا ئاش بولدى.
قارا نىيەت "سىرىنباك"
گۇمران بولدى، پاش بولدى.

روشەنكى، سوتسىيالىستىك يېڭى خەلق قوشاقلىرى خەلق
ئاممىسىنىڭ ئوتمۇشتىكى پاجىئەلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى ئەمەس،
شۇنداقلا يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ روھىي - ھىسسىياتىنىڭ
ئىنكاسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولغان
ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ خوشاللىق ناخشىسى، قەھرىمانلىق
ناخشىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ
خوجايىنلىق ئىپتىخارلىغى، جەمىيەتنى ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش
يولىدىكى جاسارىتى، كېلىچەككە بولغان قىزغىن ئۈمىدى ئىپادىـ-
لەندى. يېڭى خەلق قوشاقلىرى بۇ جەھەتتىن ئىرادىتسىيىلىك
قوشاقلار بىلەن تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ.

2 - يېڭى خەلق قوشاقلىرى — سوتسىيالىستىك تۈزۈم، پار-تىيە، ماۋجۇشى توغرىسىدىكى تەسىرلىك قەسىدىدىن ئىبارەت. خەلق ئاممىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى سوتسى-يالىزم يولىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى، شۇڭا ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن ئەڭ گۈزەل ئوبراز ئىچىدە سوتسىيالىزمىنى، پار-تىيىنى، ماۋجۇشىنى مەدھىيىلىدى.

مەسىلەن:

ئاتام مۇنچە كۆلمەيتتى،
ئانام مۇنچە كۆلمەيتتى.
پارتىيىمىز بولمىسا،
بەختىم مۇنچە كۆلمەيتتى.

دولقۇنلار ياساپ تارىم،
باغلارغا ئاقار دائىم.
پارتىيە ئېلىپ كەلگەن،
ئۆمرىمىز باھار دائىم.

يېڭى خەلق قوشاقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ماۋجۇشىغا بولغان مۇھەببىتىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريا-نىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە بىلەن مۇستەھكەم باغلىدى. شۇڭا يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، ھىسسى-ياتى چوڭقۇر، ئىشىنەرلىك، ساپ ۋە ساغلام بولۇپلا قالماي، بەل-كى تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ چوڭ:

شىكەر بولدى نېنىمىز،
ناۋات بولدى نېنىمىز.
ئاقارسەلدەك ئۇلغىيىپ،
پارتىيىگە مېھرىمىز.

بۇلبۇل چاڭ - چاڭ سايرايدۇ.
گۈڭشې بېغى بوستاندا.
گۈڭشېچەنداڭنى كۈيلەيمىز،
ناخشىمىزدا، — داستاندا.

3 - يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك روھ تولۇپ تاشقان. بۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەتنە، كوممۇنىزىملىق گۈزەل غايىگە بولغان ئىشەنچتە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن:

تاتلىق ئىكەن بال ئىكەن،
يېڭى باغنىڭ ئۈزۈمى.
كوڭلىمىزگە بەك ياقتى،
سوتسىيالىزىم تۈزۈمى.

بۇ يىل ئەجەپ ئوخشىدى،
بېغىمىزنىڭ ئانارى.
بىزگە بەخت ئەپكەلدى،
سوتسىيالىزىم باھارى.

ئاينى كورسەممۇ يورۇق،
كۈننى كورسەممۇ يورۇق.
ئۇملەشكەچكە ھەممىمىز،
يولىمىز كۈندىن يورۇق.

4 - يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولغان يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى خىسلەت روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى خىسلەتنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى:

① يېڭى خەلق قوشاقلىرى ئەمگەكنى مەدھىيىلىدى ۋە ئەمگەكنى گۈزەللەشتۈردى. ئۆتمۈشتىكى خەلق قوشاقلىرىدا ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى جاپا - مۇشەققىتى، دەرت ئەلىمى تەسۋىرلىنەتتى. بۈگۈنكى خەلق قوشاقلىرىدا دۆلەتنىڭ خوجىسى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەكنى شەرەپ دەپ بىلگەنلىكى، ئەمگەك جەريانىدىكى خوشاللىغى، غەيرەت - شىجائىتى تەسۋىرلەندى:

دۇتتار - راۋاپ تارى بىز،
يىگىتلەرنىڭ يارى بىز.
ئىسسىق - سوغدا چېنىققان،
ئەمگەكچىنىڭ يارى بىز.

ئېتىزلىقتا ياڭرايدۇ،
ئەمگەكچىنىڭ ناخشىسى.
ئەمگەك قىلماق، ئوقۇماق،
ھەممە ئىشنىڭ ياخشىسى.

ئىشلەپ ناخشا ئېيتىمىز،
چاڭ كەلتۈرۈپ ھاۋانى.
كوپلەپ ئېلىپ دارامەت،
كەيمەكتىمىز تاۋانى.

② يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا يەنە كىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە كوممۇنىستىك مۇناسىۋەت ئىپادىلەندى. بۇ ھال مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈيلىگەن قوشاقلاردا ئالاھىدە كورۈنىدۇ:

گوممىنداڭلار گۇم بولدى،
ھەجەپ ياخشى كۈن بولدى.
كومپارتىيە دەۋرىدە،
ھەممە مىللەت ئوم بولدى.

بولدى چىڭ ئويۇلتاشتەك،
مىللەتلەرنىڭ دوستلۇغى.
سىغماي كەتتى ئالەمگە،
قەلبىمىزنىڭ خوشلۇغى.

③ يېڭى ئىدىيە، يېڭى خىسلەت يېڭى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ ئالاھىدىلىك ئەمگەك بىلەن مۇھەببەتنىڭ ھەقىقى بىرلەشكەنلىگى، ئوز - ئارا بىر بىرىگە ئىلھام بېرىدىغان كۈچكە ئايلانغانلىغىدا ئىپادىلىنىدۇ.

يارىمنىڭ ئېتى ئىشچان،
هورۇننىڭ ئېتى مىشچان.
مېنىڭ سۆيگەن گۈل يارىم،
ئىش - ئەمگەك بىلەن پىشقان.

ئۇستەڭلەرگە ياسىدىم،
مەر - مەر تاشتىن تاش كوۋرۈك.
بۇ ئالەمدە بارمىكىن،
سەن يارىمدەك ئاي يۈزلۈك.

دېمەك، بۈگۈنكى ياش ئوغۇل - قىزلار ئەمگەك بىلەن مۇ-ھەببەتنى بىرلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى سوتسىيالىستىك ئىجادىي ئەمگەكتىن يارالغان بەخت ئىچىگە سىڭدۈردى. بۇ ئالىجاناپ روھ ۋە كوممۇنىستىك پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى.

يېڭى خەلق قوشاقلىرى سوتسىيالىزملىق ئىدىيە، كوممۇ-نىزملىق غايە بىلەن تولغانلىقى، كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزى-لەتنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكى، جۈملىدىن بۇ يېڭى روھ يېڭى خىسلەت ئەمگەك بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى خەلق قوشاقلى-رى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىس-مى سۈپىتىدە كۈچلۈك تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ قەسىدىلىك خاراكتېرى ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىگى ۋە ئاساسى ئېقىمى. لېكىن خەلق مەنپە-ئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندا، خەلقنىڭ دېموكراتىك هوقۇقى دەپ-سەندە قىلىنغاندا، خەلق ئۆزىنىڭ قوشاقلىرى ئارقىلىق كۈرەش

قىلدى، ئۇزلىرىنىڭ خوشاللىقى، قايغۇسى ۋە نەپرىتىنى قوشاق ئارقىلىق ئاشكارا بايان قىلدى.

ئايرىۋالدۇق شامالدا،
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
هۇشيار بولۇپ بايقايمىز،
ياخشى بىلەن يامانىنى.

× × ×

ئېتىزدىكى يانتاقنى،
چاپتۇق كەتمەن ـ چوت بىلەن.
لىن ئوغرىنىڭ زەھىرى،
ئورتەنمەكتە ئوت بىلەن.

خەلق ئاممىسى ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى ناچار ئىدىيەۋى خاھىشلارنى، ناچار ئىستىللارنى تەنقىت قىلىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنىڭمۇ ئاممە ئىچىدىكى تەربىيەۋى ئەھمىيىتى چوڭ. مەسىلەن:

كوردۇممەن بىر هورۇننى،
پوتىسى بوينىدا.
ياتار يېرى ئوچاق ئالدى،
تىزى قوينىدا.

ياز كۈنلىرى چاپمىنىڭ،
يېگىنى ساپمايدۇ.
قىشتىن ئەسلا غېمى يوق،
بېشى قاتمايدۇ.
ئەگەر ئاڭا بەش نان بەرسەڭ،
قارنى تويمايدۇ.
قازان بىلەن ئاشنى قويساڭ،
بىر تال قويمايدۇ.
ئىش ۋاقتىدا ئۇنى كورسەڭ،
هالى ياماندۇر.
قىش كۈنلىرى جاي تاپالماي،
رەڭگى ساماندۇر.
سېرىق سوگەت سايىسىدا،
يازبويى ياتقان.
قىش كەلگەندە نان تاپالماي،
كاللىسى قاتقان.
ئىش قىل دىسەڭ يوغان سوزلەپ،
پاختىنى ئاتقان.
قىش كەلگەندە ئون پۇللۇقنى،
بىر پۇلغا ساتقان.
شۇڭا قىشتا كىيەي دىسە،
يوقتۇر چاپىنى.
هورۇنلۇقتىن يېرىلغاندۇر،

ئۇنىڭ تاپىنى.
ياز كۈنلىرى ئىشلىسەڭ سەن،
نىمە بولاتتىڭ.
ئەل قاتارى تاغارلاپ ئاش،
پۇلمۇ ئالاتتىڭ.
دارامەتنى ھىچكىم سەندىن،
تارتىۋالمايتتى.
قىش كەلگەندە تەنلىرىڭ
ئوچۇق قالمايتتى.

ئۇيغۇر يېڭى خەلق قوشاقلىرى — تىرادىتسىيىلىك قوشاقلار ئاساسىدا تەرەققى قىلغان. يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا كونا خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبرازنىڭ ئېنىقلىقى، تىلىنىڭ جانلىقلىقى، رىتىم، ۋەزىننىڭ گۈزەللىگى، شەكلىنىڭ ھەر خىللىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر كەڭ جارى قىلىنىپلا قالماي، بۇ خىل بەدىي ۋاستىلەر يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭدىكى شېئىرى ئوبراز بىرقەدەر ئوچۇق ۋە ئېنىق. كونا جەمىيەتتە خەلق ئاممىسى ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىغى ئۈچۈن خەلق ئاممىسىدا سۆز ئەركىنلىگى بولمىغاچقا كونا خەلق قوشاقلىرىدا ئالىغا سۈرۈلۈۋاتقان پىكىر كۆپ ھاللاردا يوشۇرۇن بېرىلەتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن بولسا خەلق دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولدى، مەنىۋى ئازاتلىققا ئېرىشتى، سۆز قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدى. شۇڭا يېڭى خەلق قوشاقلىرىدىكى پىكىر ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىنتايىن ئوچۇق ۋە كۈچلۈك:

ئازات قىلىپ قۇللۇقتىن،
بەخت بەردى گۇڭچەنداڭ.
خوجا قىلىپ دۆلەتكە،
ھوقۇق بەردى گۇڭچەنداڭ.

ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ
بېيجىڭ دىگەن تەختى بار.
گۇڭچەنداڭنىڭ دەۋرىدە،
ئەمگەكچىنىڭ بەختى بار.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كونا خەلق قوشاقلىرىدا كوپ ئۇچرايدىغان ئۇسۇل ئىدى، يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا بۇ خىل ئۇسۇلنى تېخىمۇ ئاكتىپ قوللىنىپ، بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى خىل شەيئىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى دەل، توغرا ئىپادىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كونا جەمىيەتكە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، يېڭى جەمىيەتكە بولغان سۇيگۇ مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ئىپادىلىدى:

گۇڭچەنداڭ كېلىپ مۇندا،
گۇل ئۇندۇردى يۇرتلارغا.
ئوتتۇك كەيدۇق خۇرۇمدىن،
چورۇق كەيگەن پۇتلارغا.

× × ×

قۇشنى پەرۋاز قىلدۇرغان،
ئۇنىڭ ئىككى قاناتى.

گۇگچەنداگسىز خەلقىنىڭ،
يوقتۇر جېنى — ھاياتى.

ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بۇ بەدىي ئىپادىلەش ۋاستىسىمۇ يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ يېڭى مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى:

تاققا چىققتۇق دولدۇلدەك،
باققا كىردۇق بۇلبۇلدەك.
گۇگچەنداگنىڭ نۇرىدا،
ئېچىلدۇق قىزىل گۇلدەك.

× × ×

كوتىرىلدى پامىردەك،
گۇگشىمىزنىڭ قامىتى.
ئېقىپ كەلدى دەريادەك،
ھەممىمىزنىڭ ئامىتى.

يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى ئەنئەنىۋى قوشاق شەكلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يېڭى مەزمۇننى ئىپادىلەش تەلىۋى ئاساسىدا يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى تېخىمۇ ئەركىن، جانلىق تۇس ئالدى:

گۇگشىمىزنىڭ يېرى كەڭ،
قوينى چىمەندۇر.

گۈزەللىكنى كۆرسىتىدۇ. گۆكشىمىزدا ئەزالارنىڭ،
روھى تىمەندۇر.
قىسقىسى، يېڭى خەلق قوشاقلىرى ــ سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ۋە مىللى شەكىلگە ئىگە بولغان ئىخچام ۋە جانلىق خەلق ئىجادىيىتىدۇر.

## II خەلق قوشاقچىلىرى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ــ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللىكتىپ ئىجادى. تارىختىن بويان خەلق ئاممىسى ئىچىدە بەلگىلىك سەنئەت تالانتىغا، بىرقەدەر ئىلغار پىكىرگە ئىگە، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي، كۆرەشچانلىقى ئۈستۈن خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆتكەن.

خەلق سەنئەتكارلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە سەنئەت مىۋىسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. ئۇلار ھەم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئىجاتچىسى ھەم تارقاتقۇچىسى شۇنداقلا مىللى مەدىنىيەتنى ساقلاپ قالغۇچى، جارى قىلدۇرغۇچى، راۋاجلاندۇرغۇچى بولۇپ، ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپلىگەن خەلق قوشاقچىلىرى، مۇقامچىلىرى، لەتىپىچىلىرى، مەدداھلار ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ ئۆتۈشى، بولۇپمۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زىيانكەشلىكى،

ئۇزۇن يىللىق قاراڭغۇ ئوتمۇشتە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋاتسىز قىلىنىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان خەلق سەنئەتكارلىرى-نىڭ نامى، ئەسەرلىرى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى دىرەكسىز يوقالغان. تارىخي ھوجەجەتلەردە جۇ خاندانلىغى دەۋرىدە (561 - ۋە 570 - يىللار) كۇچارلىق قوشاقچى ۋە مۇقامچى سۇجۇپىنىڭ چاڭئەنگە بېرىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-ئۇسۇل ۋە مۇزىكىسىنى كەڭ تارقاتقانلىغى، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچارلىق ئاقارىماندا (بەيمىڭدا) نىڭ چاڭئەندە ياشاپ ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسۇل ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىغى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى خاتىرىلەن-مىگەن. دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ، خەلق ئىچىدە داۋاملىق چوڭقۇر تەسىر كورسىتىپ كېلىۋاتقىنى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەندى سادىر پالۋان بىلەن نوزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىدىن ئىبارەت.

## 1. سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

### ① سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ كۇرەشچان ھاياتى

سادىر پالۋان 1798 - يىلىنىڭ باھار پەسلىدە غۇلجا شەھرىگە يېقىن موللا توختى يۇزى يېزىسىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

سادىرنىڭ دادىسى خۇشنەخمەت مانجۇ ئىستىبداتچىلىرى خوتەندىن مەجبۇرى يوتكەپ چىققانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1760 - يىلى ئىلىغا چىققاندىن باشلاپ مانجۇلارنىڭ

دارخانلىق تۇزۇمدە ئىشلەيتتى. (دارخانلىق ــ قۇمۇل ۋاڭلىرى دىخانلارغا قاراتقان كىرىپوستنويلۇق تۇزۇم بولۇپ، بۇ تۇزۇم بويىچە دىخانلار ھەر ھەپتىدە 6 كۇن ۋاڭلار ئۇچۇن، بىر كۇن ئوزى ئۇچۇن ئىشلەيتتى. مانجۇلار 1766 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلىدىمۇ مۇشۇ تۇزۇمنى قوللانغان.)

سادىر كىچىكىدىن تارتىپ، تىتىك، خۇشخۇي، ئەقىللىق، راست سوزلۇك، كەسكىن مىجەزلىك، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئۇچۇق بالا بولۇپ ئوستى. ئۇ باللىق چىغىدىن باشلاپلا، مەھەللىسىدىكى بوۋاي ۋە مومايلاردىن نۇرغۇن ھىكايە ۋە چوچەكلەرنى، قوشاق ۋە تىپىشماقلارنى ئاڭلاپ يادلىۋالدى ھەمدە خەلق ناخشىلىرى، ھىكايىلىرى ۋە نەغمىلىرىگىمۇ مۇھەببەت باغلىدى. سادىر 15 يىشىدىلا باليمان، نەي، راۋاپ قاتارلىق سازلارنى ئۇگەندى ۋە ئۇستا غەزەلچىمۇ بولدى. بولۇپمۇ سادىرنىڭ ياش قەلبىگە خەلقىنىڭ مۇڭزارلىق ناخشىلىرى ۋە نەغمىلىرى چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ زۇلمىنىڭ كۇنسىرى كۇچىيىشىگە ئەگىشىپ ئىلى خەلقىنىڭ ئادالەتسىزلىك ۋە مىللى زۇلۇمغا قارشى نارازىلىغى بارغانسىرى كۇچىيىشكە باشلىدى. سادىرنىڭ ئاتىسى خۇشئەخمەت مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ ئىغىر زۇلمى دەستىدىن ۋاپات بولدى. دادىسىنىڭ ئولىمى ۋە يۇرتىدا بولۇۋاتقان قاباھەتلىك ئىشلار باللىق چىغىدىن باشلاپلا خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كىلىۋاتقان سادىرغا كۇچلۇك تەسىر قىلدى.

مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ زۇلمى يالغۇز ئىلىدىلا ئەمەس، مەم- لىكىتىمىزنىڭ ھەممىلا يىرىدە چىكىدىن ئاشقان ئىدى. ئاخىرى زۇلۇمغا چىدىيالمىغان خەلق 1851 ـ يىلى ئۇلۇغ ”تەيپىن-

تيەنگۇ" قوزغىلىڭىنى قوزغىدى. بۇ قوزغىلاڭ تېزدىن گۇيجۇ، شەنشى، يۇننەن، سىچۇەن، گۇاڭشى ۋە گەنسۇلارغىچە كېڭەيدى. "تەيپىڭ تيەنگۇ" قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ كەينى-كەينىدىن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلاپ چىقتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ بېشىدىكى ھەر خىل سېلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، شۇنىڭ بىلەن مانجۇ ئىستىبدات ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر سېلىقلىرىنى تۆلەشكە چا-مىسى كەلمىگەن، جەبرى زۇلمىغا چىداشقا تاقىتى قالمىغان سا-دىرنىڭ يۇرتداشلىرى ھاياتلىق يولىنى ئىزلەپ، يۇرتىنى، ئۆيىنى تاشلاپ، تاغ-باياۋانلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. سادىرمۇ ئاشۇ يوقسۇل نامراتلار قاتارىدا مانجۇ ھۆكۈمران گۇرۇھلىرىغا قارشى پۈتمەس-تۈگىمەس غەزەپ-نەپرەت بىلەن تاغقا قېچىپ چىقىپ، تاغلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن باش-پاناسىز كەمبەغەللەرنى ئۇيۇش-تۇرۇپ تەشكىللەپ 1861-يىلى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىسى سادىر ئىدى.

ئۇلار تاغلارنى ماكان قىلىپ شۇ دەۋرنىڭ قوراللىرىدىن بولغان ئوقيا، نەيزە، ئايپالتا، چوقماق، كالتەكلەر بىلەن قوراللى-نىپ مانجۇ ھەربى كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. سادىر ئۇرۇشتا مىسلىسىز قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭغا "پالۋان" دەپ نام بەردى. سادىرنىڭ قوشۇنى كۈنسىرى كۆپەيدى، سېپى كېڭەيدى، تاققا چىقىپ سادىرنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدىغانلار كۆپىيىپ، بىرنەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەت-تى. ئىلى ۋىلايىتىدە باشلانغان خەلقنىڭ ئازاتلىق قوزغىلىڭىدا سادىر خەلق ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتتى. مانجۇ ئىستىب-داتلىرىنىڭ "يۈرىگى" ھېساپلانغان باياندايى قەلئەسىنى ئېلىش

(1864 ـ يىلى بولغان) كورىشى بىلەن كۆرە قورغىنىنى ئېلىش كۆرىشىگە سادىر ئۆزى يولباشچىلىق قىلدى ۋە بۇ كۆرەشتە ئاجا ـ يىپ باتۇرلۇق كورسەتتى.

مانجۇ ئىستىبداتلىرى سادىرنى ”كوزىمىزگە قادالغان مىخ“ دەپ قارىغاچقا داۋاملىق سادىرنىڭ پېيىدا يۈرۈپ بىرقانچە قېـ تىم قولغا ئالدى، ئىلى رايونىدىن يىراق جايلارغا پالىدى ۋە زىندانلارغا تاشلىدى. لېكىن باتۇر، چاقىقان، پەم ـ پاراسەتلىك، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان سادىر ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن زىندانىنى ئېشىپ، قېچىپ چىقىپ ئادالەتلىك كۆرەشنى قەتئى داۋاملاشتۇردى. گەرچە ئۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقاندا ئىككى بالىسى بار بولسىمۇ، لېكىن يۇرتى، ماكانى ۋە بالا ـ چاقىـ لىرىغا تاتىشماي، كۆرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى. بەختكە قارشى سادىر پالۋان 1871 ـ يىل ماي ئايلىرىدا 73 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئومرىنىڭ تولىسىنى خەلقنىڭ ئازاتلىق كۆرىشى يولىغا سەرپ قىلغان ۋە بۇيولدا ئوچمەس قەھرىمانلىق كورسەتكەن خەلق پالۋانى سادىرنى خەلقىمىز مەڭگۇ ياددىن چىقارمايدۇ.

## 2 سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىگى

سادىر پالۋان ئۇيغۇر تارىخىدا دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ قەھرىمانى ۋە خەلق قوشاقچىسى سۈپىتىدە مەلۇم بولۇپ، ئۇ ـ نىڭ ئىنقىلاۋى پائالىيىتى ۋە ئەدەبى ئىجادىيىتى ئىلىدا مەنـ چىڭ ئىستىبداتىغا ۋە يەرلىك فېوداللىق زۇلۇمغا قارشى كوتە ـ

رىلگەن كەڭ كولەملىك دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ دېموكراتىك ئې-
قىمى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى
يالغۇزلا ئۇنىڭ هايات سەرگۈزەشتىسى بولۇپلا قالماي، شۇ ۋا-
قىتتىكى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى دەپ قا-
راش مۇمكىن. سادىرنىڭ قوشاقلىرىدا ئالدى بىلەن ئوتكەن
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللى زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلا-
تاتسىيە چوڭقۇر ئەكس ئېتىدۇ:

ئوستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئوتمەيدۇ.
زالىم تۈڭچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

مانا بۇ دېخانلار قوزغىلىڭى هارپىسىدىكى مىللى زۇلۇم
ۋە سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى. سادىر پالۋان قو-
شاقلىرىدا سادىر ۋە ئۇنىڭ كەمبەغەل قېرىنداشلىرىنىڭ مەنچىڭ
هوكۈمرانلىرى ۋە يەرلىك فېوداللارنىڭ دەهشەتلىك زۇلمى ئاس-
تىدىكى سەرسانلىق-سەرگەردانلىق تۇرمۇشى، قوزغىلاڭ هارپىسى-
دىكى ئىسيانكارلىق پائالىيىتى يارقىن ئىپادىلەنگەن:

تاغمۇ-تاغ ئېشىپ يۇرۇپ،
پۇتلىرىم يېغىر بولدى.
شالۋۇرنى كاۋاپ قىلسام،
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.

سادىر ۋە ئۇنىڭ ئىسيانكار دوستلىرى مەنچىك ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغاندىن كېيىن، ئادەم ۋە قورال جەھەتتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان مەنچىك ھاكىمىيىتى ئۇلارغا قارشى كەڭ كولەملىك ھۇجۇم بىلەن زەربە بەردى. سادىرنى بىر قانچە قېتىم تۇتۇپ يامۇلغا سولىدى. لېكىن سادىر ئەپچىللىك بىلەن يامۇلنى تېشىپ قېچىپ، يەنە تاغ ئارىسىدا ئىسيانكار دوستلىرى بىلەن تېپىشىپ كۈرەشنى داۋام قىلدۇردى. بۇ ھال سادىر قوشاقلىرىدا مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن:

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قوچاق بولدى.
يامۇلنى تېشەر چاغدا
قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى،
ئىگىز قارىغاي چەنزە.
يامۇلدىن قېچىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

يەتتە مىڭ چېرىك چىقتى،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

سادىرنىڭ قوزغىلاڭ ۋاقتىدىكى قەھرىمانلىقلىرى توغرىسىدا خەلق ئىچىدىكى قوشاقچىلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان "بايانداي

ئۇرۇشى" دىگەن تاخماق شەكىللىك قوشاق ئالاھىدە ئەھمىيەتـ
كە ئىگە. بۇنىڭدا قوزغىلاڭچىلار باياندايى سىپىلنى قورشىۋالـ
غان بولسىمۇ لېكىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشنىڭ ئېپىنى تاـ
پالماي تەمتىرەپ قالغاندا، سادىرنىڭ يول تېپىشى بىلەن ئوـ
ڭۇشلۇققا ئېرىشكەنلىكلىرى بايان قىلىنىدۇ:

قالدى ئەسكەر قايغۇرۇپ،
باتۇر سادىر قاڭرۇق.
قولىغا ئالدى تېشىنى:
—يەر ئاستىدىن تېشىلى.
دورا بىلەن ئوت ياقاي،
ۋەيران بولسۇن سېپىلى.
مەسلىھەتىمۇ شۇ بولدى،
سېپىللىرى گۇم بولدى.
ئاندىن لەشكەر يۈگۈرۈپ،
دۈشمەنلەرگە تىغ ئۇردى.
قۇۋۋەت تاپتى قوزغىلاڭ،
ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى.
ئىككى ياقنىڭ ئۆلىگى،
سېپىل بىلەن تەڭ بولدى.
جاڭجۇن باشلىق چوڭلىرى،
توت ئىشىككە يۈگۈرۈپ.
يېتىپ باردى ئالدىراپ،
ھەم ئۆلۈمگە ئۈلگۈرۈپ.

شۇ كۆتىلا سەكىزىنى،
بىر - بىرىنى چىپىشتى.
تالقان يىگەن تارانچى،
نېمەتلەرگە يېتىشتى.
ئازات بولۇپ زۇلۇمدىن،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.

بۇ قوشاقلار سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سادىر قوشاقلىرىدا ئەكس ئېتىلگەن سادىرنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تېخىمۇ ئاچىدۇ، تولۇقلايدۇ.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا ئۇنىڭ تاغ - ئوڭكۈرلەردە ۋە سۇرگۈنلەردە ئۆز يېرىنى، ئوي - ئىچىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىمۇ خېلى كوپ. بۇ قوشاقلاردا تۇغۇلۇپ ئوسكەن يېرىنى، ئائىلىسىنى، بالا - چاقلىرىنى سېغىنىش ئوزىنى شۇ كۈلپەتلەرگە گىرىپتار قىلغان ھوكۇمران گورۇھلارغا بولغان ئوچمەنلىك، ئىنتىقام روھى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەسلەن:

ئىسسىت ئومرۇم ئوتۇپ كەتتى،
زالىملارغا قۇللۇقتا.
ھىچ راھەت كورەلمىدىم،
زۇلمەت ئىچرە زورلۇقتا.
بىز قۇمۇلغا پالاندۇق،
شەۋانخان توقاچ يېقىلىك.
بىزدىن قالدى بەش بالا،
تىنەتمەي ئوبدان بېقىلىك.

ياموُلدىن قېچىپ چىقسىمە
موُڭلار چوُشتى بېشىمغا،
پىچاق ـ چاقمىغىم خالتا،
شەۋانخان ئاداشىمغا......

سادىر مەنچىلىك ھاكىمىيىتى ۋە يەرلىك فېودال بايىلارغا قارشى كوُرەشتە، قېرىنداش مىللەتلەر ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زوروُرلوُگىنى تونوُغان ۋە ئوُنى ئەمەلىيەتتە جارى قىلغان. سادىر شۇۋە ئەمگەكچىلىرى بىلەن دوست بولغان ۋە بىللە كوُرەش قىلغان. شوُنىڭدەك ئوُ ياموُلدا ياتقان چاغلىـ ـرىدا، ئىلغار پىكىرلىك خەنزوُ ۋە مانجوُ ئەسكەرلىرى (گوُندىپايـ ـلىرى) بىلەن يېقىنلىشىپ، ئوُلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بوُ:

ياموُلدىن قاچار ۋاقتىتا،
لوسىشى① ئامال تاپتى.
سىپىلنى تېشىپ قويوُپ،
توُشوُكنى چاپان ياپتى.

دىگەن قوشىقىدا ئوُز ئىپادىسىنى تاپقان.

مەن ياموُلدىن قاچقاندا،
بىر مانجوُ بىلەن قاچقان.
سالاسوُنگە سولاپ قويسا،
قوُلوُپ تولغاپ ئىشىك ئاچقان

① لوسىشى ـــ سادىرنىڭ ياموُلدا بىللە ياتقان خەنزوُ دوستى.

دىگەن قوشاقلاردىمۇ ئاشۇ مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ. سادىرنىڭ مۇشۇ خىل مەزمۇندىكى قوشاقلىرى قاچانلا بولسۇن ھەرقايسى مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە قەلبى بىر ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تارىخىي ھەقىقەت سادىر قوشاقلىرىدا تولىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سادىر پالىنىپ بېيجىڭگىمۇ بارغان، خان ئۇنى ئوردا ئەتراپىدىكى بىر زىندانغا سولىغان، لېكىن بەزى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا زىنداندىن بوشىتىلىپ، كوچىلارغا چىقىش ئەركىنلىگىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل كوكتاتچىلىقمۇ قىلغان، ئۇنىڭ:

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيۇ.
جان باقماق ئۇچۇن ساتىم،
بېيجىڭ شەھرىدە ياڭيۇ.

دىگەن قوشىغى ئەنە شۇ چاغدىكى كۆڭلىرىنىڭ خاتىرىسى دىيەلىدۇ.

بىز ھازىرچە سادىرنىڭ پالىنىپ، بېيجىڭغا بارغانلىغى توغرىسىدا ئۇچۇق تارىخىي ھۆججەتكە ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن ئۇنىڭ بېيجىڭغا بارغانلىغى، ۋە ئۇ يەردىكى ھاياتى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ مەلۇم ئەھمىيىتى بار. بۇ رىۋايەتلەردىكى بەزىبىر نۇقتىلار مەسىلەن، ئۇنىڭ ئوردا ئەتراپىدىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن زىنداندىن چىقىرىلىپ كوچىلارغا چىقىش ئەركىنلىگىگە ئېرىشىش، كوكتات سېتىپ يۈرگەن چاغدا خېرىدارلارغا ئۆز سەيلىرىنى خەنزۇچە

قوشاقلار بىلەن تەرىپلەشلىرى سادىرنىڭ خەنزۇ ۋە باشقا قېرىن-داش مىللەتلەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈ-رىدۇ. كىشىلەر ئىچىدە "سادىر خەنزۇچىمۇ قوشاق توقۇشنى بىلىدىكەن"، دىگەن سۆزلەر خېلى كوپ. سادىر قوشاقلىرىدىكى:

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى،
ئىگىز قارىغاي چەڭزە.
سادىر دىگەن خوخەنزە،
قولىدا قېلىچ نەيزە.

ۋاڭزى پۇلنى دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نىمە لازىم.
يارخالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تازىم.

دىگەندەك نۇرغۇن قوشاقلاردا خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئورۇنلۇق ئىشلىتىلىشى بۇ سۆزلەرنىڭ ئاساسىز ئەمەسلىگىنى ئىسپاتلايدى-غان جانلىق بىر پاكىت.

چوڭ قوزغىلاڭدىن كېيىنكى سادىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئانچە كوپ مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ شۇ نەرسە ئېنىقكى، قوز-غىلاڭنىڭ غەلىبە مىۋىسى يەرلىك فېودال-بايلار تەرىپىدىن بۇ-لاپ كېتىلىپ، سادىر پاۋان چەتكە قېقىلىغان. لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى كۆرىشى ۋە جەڭگىۋار قوشاقلىرى بىر ئەسىردىن كوپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلقنىڭ يۈرىگىدە قەھرىمانلىق قەسىدىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە.

سادىر پالۋان قوشاقلىرى — سادىرنىڭ كۈرەشچان ھاياتى-نىڭ خاتىرىسى. سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ كوپچىلىگى سادىر-نىڭ قىلغان كۈرەشلىرى جەريانىدا توقۇلغان، خەلق تەرىپىدىن داۋاملىق تولۇقلىنىپ داستان خاراكتېرىنى ئالغان. سادىرنىڭ قوشاقلىرى ئىنتايىن كوپ، بىز پەقەت سادىر پالۋان قوشاقلىرى-نىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن بىرقانچە مىساللىرىنى كور-سەتتۇق.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇمىتۋارلىق — ئوپتىمىستلىق روھى ئىنتايىن كۈچلۈك. سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا سادىرنىڭ پالۋانلىق روھى، كوز ئالدىدىكى ھەرقانداق دۈشمەندىن ئەيمەنمەيدىغان، مەغلۇبىيەت ئالدىدا ھەرگىزمۇ چۈشكىنلەشمەيدىغان ئەمگەكچىلەرگە خاس ئالىجاناپ پەزىلىتى ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى بۇ روھى كۈچ، ئىسىل خىسلەت ئۇنىڭ زالىملارغا بولغان چوڭقۇر غەزەپ-نەپرىتى ۋە ئوچمەنلىگى، ھەقىقەت ئىگىسى بولغان جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا، كۈچ-قۇۋۋىتىگە بولغان مۇس-تەھكەم ئىشەنچىسىدىن تۇغۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، قولغا چۈشكەن ۋە ئېغىر قىيىن-قىستاقلار ئىچىدە تۇرغان پەيتتىمۇ زالىملارغا پىسەن قىلمايدۇ، ئۇلارغا يېلىنمايدۇ، ئوز تەقدىرىدىن نالە قىلمايدۇ:

كۈرە يولىدا مېڭىپ،
مەپەك سۇندىمۇ شەڭگەن.
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كوڭلۇڭ تىندىمۇ شەڭگەن.

تىيانشان تاغلىرى دەيدۇ
مېنىڭ ياتقان ماكانىمدۇر.
نىمە قىلساڭ قىل، شەنگەن
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا ھېسسىيات ساپ ۋە تەبىي. كەمبەغەل دېھقانلارغا خاس ئىشقى-مۇھەببەت، سەمىمى ھېسسىيات جانلىق بايان قىلىنغان، شۇڭا سادىر پالۋان قوشاقلىرى ئىنتايىن تەسىرلىك. بۇ ھال سادىر پالۋاننىڭ ئەل-يۇرتىنى بالا-چاقىلىرىنى ۋە يارى-بۇرادەرلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىدا تولىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن:

ئاتاسىدىن يېتىم قالغان،
ئاناسىدىن يېتىم قالغان،
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
شەۋانخان ئامان بارمۇ؟

ئويۇمنىڭ تورىدە ياتقان،
چاشقانىنى ماراپ ياتقان،
يوقسۇزلۇقنى تەڭ تارتقان،
مۇشۇكلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
يەل - يېمىشلەر پىشقاندا،
ئۆزى پىشىپ ئۆزى چۈشكەن،
ئالما، ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

بۇ قوشاقلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلماقتا. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بولۇپ ئۇ ئۇيتىمىستىك روھى بىلەن ۋە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلەشكەن. ئۇنىڭ مۇزىكىسىنىمۇ سادىرنىڭ ئۆزى ئىجات قىلغان بولۇپ، تا ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە مەغرۇر جاراڭلىماقتا.

ئومۇمەن، سادىر پالۋان 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق خەلق قەھرىمانى ۋە مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

## 2 - نوزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

### نوزۇگۇمنىڭ ھاياتى

بىز نوزۇگۇمنىڭ تارىخىغا دائىر بىر قىسىم يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللارغا ئىگە بولساقمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار تارىخي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ بىرەر سىستېمىغا سېلىنىپ، تولۇق رەتلەنگىنى يوق. بۇ جەھەتتە خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلانغان نوزۇگۇم قوشاقلىرى ۋە ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپنىڭ "نوزۇگۇم" قىسسىسى بىزگە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. موللا بىلالىمۇ "نوزۇگۇم"

قىسسىسىنى ئۆز ۋاقتىدا خەلق ئىچىدىكى ئاغزاكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان. نوزۇگۇم قوشاقلىرى ۋە موللا بىلالنىڭ "نوزۇگۇم" قىسسەسىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، نوزۇگۇم 18 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ياشىغان قەشقەرلىق قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھوكۇمرانلىرىغا بولغان كۈرىشىنى، ئەمگەكچى خەلقنى قەشقەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىشتىن ئىبارەت تارىخى ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

1826 - يىلى قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازاتلىق كۈرىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن مانجۇ خانى دوۋاڭ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىدىن مىڭلىغان كىشىلەرنى دارغا ئاستى، زىندانلارغا تاشلىدى ۋە مىڭلاپ كىشىلەرنى قەشقەردىن يىراق بولغان ئىلىغا مەجبۇرى سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ ماڭدى.

ئىلىغا ھەيدەلگەن سۈرگۈنلەر ئىچىدە نامرات، يوقسۇل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان قامىتى كېلىشكەن چىرايلىق ۋە ئەقىللىق ئۇيغۇر قىزى — نوزۇگۇممۇ بار ئىدى. نوزۇگۇمنىڭ مانجۇ ئىستىبداتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس قەھرى - غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇردى.

چارىسىز قالغان نوزۇگۇم ئېغىر دەرت - ئەلەم ۋە قايغۇ - ھەسرىتىنى يۈرىكىگە پۈكۈپ، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئېيتىپ ئاخىرقى مەرتىۋە ئاتا - ئانا، قوۋمى - قېرىنداش، يارۇ - بۇرادەرلىرى بىلەن دەرت - پىغان ئىچىدە خوشلاشتى.

سۈرگۈن قىلىنغانلار 3 ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئاخىرى ئىلىغا يېتىپ كېلىپ ئۇدۇل يامۇلغا قامالدى. يول ئازاۋى، مانجۇ

چىرىكلىرىنىڭ دەھشەتلىك خورلاشلىرى تېخى ئەمدى 18 گە توشقان نوزۇگۇمنىڭ ياش قەلبىدە چەكسىز نارازىلىق ۋە غەزەپ نەپرەت قوزغاتتى. ئۇ مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى يولبويى زادى توختاتمىدى.

مانجۇ ئىستىبداتلىرى گۇناسىز سۇرگۇنلەرنى ئىلىغا يالاپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ مانجۇ خانلىرىغا، بايلارغا، ئەمەلدارلارغا قۇل ئورنىدا سېتىپ بەردى. گۈزەل نوزۇگۇمىمۇ چوڭ يۇلتۇزلۇق چوڭ بىر مانجۇ بېگىگە سېتىلدى. نوزۇگۇم شۇندىن باشلاپ قۇل ئورنىدا موڭغۇل بېگىنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. نوزۇگۇمنىڭ گۈزەل چىرايى ئۆزىگە دۈشمەن بولدى. مانجۇ بېگىنىڭ ياۋۇز ئادەمخور كوزى نوزۇگۇمغا چۈشۈپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى.

ئەزەلدىن قەلبى ساپ ۋە سەممى ياشىغان نوزۇگۇم بۇ ئەلەمگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ نوزۇگۇم ئاخىرى "ئۇلۇش كە رازىمەنكى، نومۇسۇمنى بۇ قىرى جادىگەرگە ساتمايمەن" دىگەن قەتئى ئىرادىگە كەلدى - دە، بۇ كۆيقاپنىڭ ئىچىدىن چىنىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ نەچچە ئايلار قومۇشلۇقلارنى، تاغلارنى ماكان قىلىپ قېچىپ يۈرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەن مانجۇ چىرىكلىرى بىلەن تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلدى. تېخى ئىلىنىڭ تاغۇ - دەريالىرى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان بۇ قىز ئالتە ئايدىن كېيىن ئاخىرى مانجۇ چىرىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلدى ۋە ئىلىغا يالاپ كېلىنىپ، جاڭجۇڭ تەرىپىدىن سوراق قىلىندى. باتۇر ئىرادىلىك نوزۇگۇم جاڭجۇڭ ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەي تىغمۇ - تىغ ئېلىشتى. نوزۇگۇمنى زادى ئەۋاشقا كەلتۈرەلمەي ئامالسىز قالغان جاڭجۇڭ نوزۇگۇمنى بازاردا سازايى قىلىپ، مويتۇگزىدا دارغا

ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. نوزۇگۇم ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس قەھرىمانە شىجائەت بىلەن: "ئەزىز يۇرتداشلىرىم! زالىملار مېنى دارغا ئاسماقچى، مەيلى ئاسسۇن، مەن ئۆلۈم ئالدىدا تىز پۈكمەيمەن. مەن ئۆلگەن بىلەن مېنىڭ خەلقىم ئۆلمەيدۇ، خەير..." دەپ مەردانە قەدەم بىلەن ئىگىز دار ئاستىغا ئۆزى كەلدى.

دار كۆتىرىلگەنسېرى مەيداندا قىقاس - چۇقانلار كۆتىرىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى نوزۇگۇم مانجۇ ئىستىبداتلىرى ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ تۇرۇپ، مەرتلەرچە قۇربان بولدى...

ئۇيغۇر مېھنەتكەش خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ۋاپادار قىزى نوزۇگۇمنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

② نوزۇگۇم قوشاقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىگى

نوزۇگۇم كىچىكىدىنلا چېچەن، جىگەرلىك، قوشاقچى قىز بولۇپ ئۆسكەن. نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى بولۇپ، موللا بىلال قاتارلىق شائىرلارنىڭ ۋە خەلقنىڭ تولۇقلىشىدىن ئۆتكەن. خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن نوزۇگۇم قوشاقلىرى نوزۇگۇمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، داستان خاراكتېرىنى ئالغان. قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى جانلىق گەۋدىلەنگەن.

بۇ قوشاقلار نوزۇگۇمنىڭ كۆرەشچان ھاياتىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسى.

"نوزۇگۇم قوشاقلىرى" دا ئالدى بىلەن قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئاتا - ئانىسى، يۇرتداشلىرى ۋە ئۆز يۇرتىدىن

ئايرىلىش ھىسسىياتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مانجۇ ئىستىبداتـ
لىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ.

خەير ئاتا ـ مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كوزلىرىم ئاقۇ ـ قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.
رازى بول جېنىم ئاتام،
ئاقلالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ.
گەر قازا يەتمەي ئامان،
كەلسەم قىلارمەن خىزمىتىڭ.
بىللە ئويناپ، بىللە ئۇسكەن،
يارۇ ـ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم توكۇلگەن،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال.

×

زالىم دوۋاڭ زار يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى كوپ قاخشاتتى.
ياش دىمىدى ياكى قېرى.
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.
نى يىگىتلەر، سولۇن قىزلار،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ

باشلىرىغا قىلىچ چاپتى.
ئەپيۇنكەش جاللاتلار،
دوڭ يامۇلدا ياتىدۇ.
قاراڭغۇ ھەم زەي ئۆيدە،
نوزۇك يالغۇز ياتىدۇ.
ئالدىمىزدا جاللاتلار،
قىلىچىنى ئۇيىنىتار.
مېنى ئۇشبۇ ئۆلۈمدىن،
قانداق كىشى ئاجرىتار.

نوزۇگۇمنىڭ ھاياتىدا يېڭى خەۋپ، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش باشلىنىدۇ. مانجۇ ئەمەلدارى نوزۇگۇمنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى قەستلەپ ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. دارىن دەس-لەپتە ئۇنى تۈرلۈك زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن ئالدىماقچى بولىدۇ. مۇھەببەتنى خارلاشنىڭ بۇ ئالدامچىلىق ئۇسۇلى نوزۇگۇم قەلبىدە ھوكۇمرانلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت قوزغايدۇ:

توگە ياتۇر قامغاقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
ئىنساۋى يوق قالماقنىڭ،
قەستى مېنى ئالماقتا.
دارىن ئۆيى زىننەتلىك،
مەن يار بىلەن قىممەتلىك.
ئۇ باقىدىن باشقا يوق،
نازۇك بىلەن ھەمدەملىك.

دارىنىڭ ياۋۇز ئۇرۇنۇشى بىلەن ئوز بېشىغا يەنە بىر دەرت - ئەلەم چۈشكەنلىكىنى سەزگەن نوزۇگۇم ئوز يارىغا مۇراجەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

تاغدىن چۈشكەن ساپ سۇنى،
سۇزۇپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟
باقى يىگىت كەلسەڭچۇ،
يۈرەك باغرىم بولساڭچۇ،
نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى،
مېنى ئېلىپ قاچساڭچۇ.

تۇتقۇنلۇقتا قالغان يارى — نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن باقى قەتئىي نىيەتكە كېلىدۇ. بۇ هال ئۇنىڭ ئايغاقچى ئارقىلىق نوزۇگۇمغا يوللىغان سالىمىدا مۇنداق كۈيلىنىدۇ:

نازۇك يارىم ئامانمۇ؟
رەڭگى - روھى يامانمۇ.
چۈشكەن چاغدا قاراڭغۇ،
ئېلىپ قاچاي نوزۇكنى.

ئوز يارىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن باقى قانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئۇگۇشلۇق بول تاپالمايدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئوزىنىڭ ئالدالمىچىلىغى بىلەن نوزۇگۇمنى تەسلىم قىلالمىغان دارىن زورلۇق كۈچىگە

يولىنىپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. لېكىن توي كېچىسى نوزۇ-گۇم دارىننى ئۆلتۈرۈپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئىس-تەكچىلەر قوغلاپ ئىزلەپ تاپالمايدۇ. نوزۇگۇم دەشتى چوللەردە يول ئېلىپ، قومۇشلۇقتا مۇكۇپ، ئالتە ئاي ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. تۇۋەندىكى قوشاقلار نوزۇگۇمنىڭ قاچقۇنلۇق دەرت - ئەلەم كۈيلىرىدۇر:

مەن قەشقەردىن چىققىلى،
چۇشەك سېلىپ ياتقان يوق،
ئانام ئۇرگەن چېچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي ياتتىم قومۇشتا،
قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى.
مەن نازۇكنىڭ بېشىغا،
تاغدىن ئېغىر مۇڭ چۈشتى.
قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي يېتىپ قومۇشتا،
تەكيە قويۇپ ياتقان يوق.
ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان پۇشۇردۇم ساماندا.
يالغۇز نوزۇك جاڭگالدا،
ئاتام يۇرەر قاياندا.
قومۇشزارلىق بولدى جايىم،

بورە، تۇلكە ھەمرايىم.
پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق،
باشقىچە يوقتۇر چارىم.
ئالتى ئاي بولدى يالغۇز مەن،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن.
خۇدا ئامان ساقلىسا،
چىرىكلەرنى كورمەسمەن.

بۇ جەريانىدا نوزۇگۇمنى ئىزلەش جىددىيلىشىدۇ. خان تەرىپىدىن نوزۇگۇمنى ئولۇمگە ھوكۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كېلىدۇ. ئەسكەرلەر نۇرغۇن ئىزلەپ يۇرۇپ جاڭگالدىكى قومۇش-لۇقتىن نوزۇگۇمنىڭ دېرىكىنى تاپىدۇ. قومۇشلۇققا ئوت قويىـدۇ-دە، ئاخىرى نوزۇگۇمنى تۇتۇۋېلىپ غۇلجىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ جەرياننى نوزۇگۇم ئوز قوشاقلىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھار بولۇپ يۇتقىلى.
ئونبەش يايى كېلىپتۇ،
مەن نوزۇكنى تۇتقىلى.

× ×

نازۇك قولۇم باغلاندى،
خەلق ئالەمگە ئاڭلاندى.
باقى يىگىت سەن ئۇچۇن،
يۇرەك-باغرىم داغلاندى.

×

جېنىم ئاتامنى كورمەي،
ئولۇپ كېتەر بولدۇممەن
باھارنىڭ ۋەسلىگە يەتمەي،
سولۇپ كېتەر بولدۇممەن.

باقى مېنى ئويلايدۇ،
نوزۇگۇم دەپ يىغلايدۇ.
ئىزلەپ مېنى جان ئاكام،
دەريا بويى بويلايدۇ.

×

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن.
بىزگە كەلگەن جاپالار،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.
غەم بىلەن بېشىڭنى ئەگمە،
ئەلنى باسقان تۇن كېتەر.
ئاخىرى قۇياش چىقار،
بىزنى ئازات كۇن كۇتەر.

نوزۇگۇمنىڭ بۇ قوشاقلىرى نوزۇگۇمنىڭ شانلىق، جەڭگە-
ۋار ھاياتىنىڭ خاتىرىسى، شۇنىڭدەك قەسەم نامىسى سۇپىتىدە

خەلقىنىڭ قەلبىدە تا ھازىرغىچە ياشىماقتا.

نوزۇگۇم قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، نو-زۇگۇم قوشاقلىرىدا كونكرېت، جانلىق پېرسوناژ ئوبرازى ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكى بار. بۇ ۋەقەلىك نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا نوزۇ-گۇم بىلەن باقىنىڭ دىئالوگى شەكلىدە بېرىلگەن:

باقى يىگىت: نازۇك كوڭۇل قىسىلما،
تۇتقۇن مەن دەپ پوچۇلما،
سىنىڭ ئەركىڭ ئۆزەڭدە،
باقى تۇرار سوزىدە.

نوزۇگۇم: نازۇك باشنى تۇتقۇن قىلسا،
كوڭلى ئۇنىڭ ئاققان يوق.
ئامراق ئۇچۇن قۇربان بولسا،
نازۇك باشتا ئارمان يوق.

دىگەندەك قوشاقلار ئارقىلىق نوزۇگۇمنىڭ باقىغا بولغان ساپ-تەۋرەنمەس ئىشقى مۇھەببىتىنى، باقىنىڭ نوزۇگۇمغا بولغان چەن ئەقىدىسىنى بايان قىلىدۇ.

نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا نوزۇگۇم ئوبرازى پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى، تىپىك تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئىچىدە فېئودال ھوكۇم-رانلىققا قارشى ئويغانغان قەھرىمان جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. نوزۇگۇم ئوبرازىنىڭ ھاياتى كۇچىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكىگە نىسبەتەن ئىچكى ھىس-تۇيغۇسى جانلىق ئوخشىتىش

ۋە سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق تولىمۇ روشەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. شۇڭا كىشىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھاياجان قوزغىيالايدۇ:

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
قار ـ يامغۇرلار ياققىلى.
قانداق چاغدا تورەلدىم،
بار دەرت بولسا تارتقىلى.

نوزۇگۇم قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس ئاھاڭغىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ناخشا بولۇپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

## 3. ئايۇپ سامساق ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ، جۈملىدىن خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ يېڭى ھاياتى پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا باشلاندى. ئۇلار ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئازاتلىققا ئېرىشىپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇزۇل ـ كېسىل قەد كوتەردى. ئۇلار ئوتمۇشتە كونا جەمىيەتنىڭ ئىسيانكارلىرى سۈپىتىدە ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق قاراڭغۇ جاھالەتكە نەپرەت ئۇقىسا، ئازات زاماندا يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتىپ قۇرغۇچىلىرىغا ۋە خەلق كۈيچىلىرىگە ئايلاندى.

ئازاتلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان خەلق قوشاقچىلىرى نۇرغۇن بولۇپ ئۇلارغا پارتىيە، خەلق ھوكۇمىتى زور غەمخورلۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. بىرقانچە قېتىم ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ

قوشاقلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. گېزىت - ژورناللاردا ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى داۋاملىق تونۇشتۇرۇلدى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتا.

① ئايۇپ سامساقنىڭ ھاياتى

ئايۇپ سامساق 1908 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق قوشاقلىرىغا زور قىزىقىش بىلەن بېرىلىپ، ئۇزۇن ئوتمەي، توي - مەشرەپلەردە ئۆزىنىڭ بېيىتقا ئۇستىلىقى، خۇشچاقچاقلىقى بىلەن "ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى" بولۇپ قالغان.

ئۇنىڭ ئاتىسى سامساقمۇ قوشاققا خېلى ئۇستا ئادەم بولۇپ، ئايۇپ بالىلىق چېغىدىلا ئېتىزلىقتا، مال باققان جايلاردا ئاتىسىدىن ۋە باشقىلاردىن ئۆگەنگەن قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى.

ئۇ 25 ياشلارغا بارغاندا خېلى قىزىق - قىزىق قوشاقلارنى توقۇشقا باشلىدى. بۇ خىل قوشاقلار كۆپرەك ساپ كۆڭۈل دېخان ياشلىرىنىڭ مۇھەببەتكە بولغا ئادىل كوز قاراشلىرىنى ئەپادىلەيتتى.

ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز قوشىغىدا ئىجتىمائى مەسىلەرنىمۇ ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ تېمىدىكى قوشاقلىرى كونا دەۋرنىڭ رەزىل ئىللەتلىرىنى ۋە يامان كەيپىياتلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى. كېيىن ئۇنىڭ قوشاقلىرى گومىنداڭغا قارشى كۆرەش بىلەن

بىۋاستە باغلىنىپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشتە كۈچلۈك تىدشۇبقا-
چىلىق رول ئوينىدى.

ئازاتلىق — ھەر مىللەت خەلقىگە جۈملىدىن ئايۇپقا يېڭى
ھايات ئېلىپ كەلدى. ئايۇپنىڭ ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىل-
لىرىدە توقۇغان قوشاقلىرى ئازاتلىققا ئېرىشكەن دېخانلار ئاممى-
سىنىڭ يېڭى ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلدى. ئايۇپ سوتسىيا-
لىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە، سوتسىيالىستىك كۈرەشنىڭ جەڭ-
چىسى ۋە ئۆزىنىڭ قوشاقچىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ
ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش توغرىسىدىكى قوشاقلىرى يالا-
غۇز ئۇنىڭ ئۆز يېزىسىدىكى دېخانلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن شىن-
جاڭدىكى دېخانلار ئاممىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ھەر مىللەت دې-
خانلار ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىشىغا زور
ئىلھام بەردى.

بۇ تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى 1956 - يىل 6 - ئىيۇل
كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قو-
شاقچىلىق ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىز
دىلىدا مەڭگۈ مۇھەببەت بىلەن يادلانغۇسى.

2 . ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ. ئۇ-
نىڭ ئوتمۇش توغرىسىدىكى قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ قوشاقلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىج-
تىمائىي مەسىلىلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ ئەينى ۋاقىتتى-
كى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئالاقىدار

بولغان مۇھىم ۋەقەلەرگە، ماسلاشقان ھالدا مەيدانغا چىققان. شۇڭا ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۇستۇن. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ "يا-قۇپ شەنجاڭغا لەنەت" دىگەن قوشىقىنى ئەسلەپ ئوتۇش كۇ-پايە. گومىنداڭنىڭ ئەشەددى يالاقچىسى بولغان ياقۇپ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شىيەنجاڭلىقىغا تېرىشىش نىيىتىدە نۇرغۇن قۇت-راپ كەتتى. ئۇ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا، بايلارغا كوپلەپ سوغا سا-لاملارنى ھەدىيە قىلىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلىدى. خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىگە نەپرەت كوزى بىلەن قارىدى. ئايۇپنىڭ مۇشۇ-ۋەقەگە ئاساسەن توقىغان قوشىقى يالغۇز ياقۇپنىلا ئەمەس، بەل-كى شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلى-رىنىڭ تېپىكلەشكەن چىرىك ئەپتى-بەشىرىسىنى كورسىتىپ، ئۇلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش قىلدى:

سەن زالىمنىڭ ۋاقتىدا،
ھەقىقەت يول يېپىلغان.
ۋىجدانسىز قانخۇر گاچا،
كىم پۇل بەرسە سېتىلغان.
گومىنداڭغا قېتىلماققا.
قارار تاپتىڭ سېتىلماققا،
تاياق يەيسەن كېگەچ گاچا،
ھەددىڭ يوق چېقىلماققا.
ئاللە توك-توك پوستەكچى،
بوپتۇ ساڭا توقماقچى.
پەيلىڭدىن يان بولمىسا،
سېنى ياشلار سوقماقچى...

ئايۇپ سامساقنىڭ "بىر قۇربان ھېيتنىڭ خاتىرىسى" ناملىق قو-
شىغى ئۇنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇن يازغان قوشاقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ناھىيىمىز كەلپىنگە،
بىر نەچچە يىلەن باش بولدى.
ھېيت قۇربان كۈنىسى،
ناھايىتى بەلەن ئاش بولدى.
چاقىرىشتى چوڭلارنى،
خەتكە ئىسمىنى سېلىپ.
"چوڭلار" گۆشنى يەپ كەتتى،
"ئۇششاقلار" قاراپ قېلىپ.

×

قىيان سۇ ئۇلۇغ كەلسە،
ئۇلاقلارمۇ ئۆتەلمەيدۇ.
"چوڭلار" مۇنداق قىلماڭلار،
خۇدايىم كوتەرمەيدۇ.
بۇزامان شۇنداق زامان،
گوشنى "چوڭلار" يەيدىغان!
"چوڭلار" مۇنداق قىلساڭلار،
ئاخىر ھالىڭلار يامان.

دەپ "چوڭلار" ۋەكىللىك قىلغان ئەزگۈچى سىنىپلار ھوكۈمران-
لىقىنىڭ چوقۇم يەر بىلەن يەكسان بولىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. بۇنىڭ

بىلەن دەۋر تەلىۋىنى، خەلق ساداسىنى چوڭقۇر ئىنكاس قىلدۇ. بۇ قوشاق شۇ ۋاقىتتا "ئۇششاقلار" نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، "چوڭلار" نىڭ قارا يۈرىكىنى خېلى ئېچىشتۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئايۇپنى "چوڭلار" ئانچە ياخشى كورمىگەن، ھەتتا ئۇلار ئايۇپنى بىرەر بالاغا تىقماقچىمۇ بولۇشقان. لېكىن ئۇلار كوپچىلىك خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى سوزنى قىلغان ۋە كوپچىلىك خەلق تولىمۇ ياخشى كورىدىغان بۇ ئادەمنى بىر نېمە قىلىشقا پېتىنالمىغان، ئۇلارنىڭ ئايۇپقا بولغان قارشىلىقى پەقەتلا ئۇنى قاغاش ۋە خۇدادىن ئۇنىڭغا زاۋاللىق تىلەش بىلەنلا چەكلەنگەن.

ئايۇپ سامساق قوشاقلىرىنىڭ يېڭى دەۋرى ئازاتلىقتىن كېيىن باشلاندى.

ئايۇپ 1951 - يىلى كۈزدە باشلانغان يەر ئىسلاھاتىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە 1952 - يىلى باشلانغان يەر ئىسلاھاتى ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇ كۈرەشلەرنىڭ ئاكتىپ جەڭچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قوشاقچىلىقى بىلەن خەلقنى كۈرەشكە ئۈندەپ، دۈشمەننى پاش قىلدى.

سەن پومىششىك زومىگەر،
دۇنيانى نەدىن تاپقان؟!
كەتمەنلەرنى بىز چاپقان،
كارۋاتتا سەن ياتقان!
كەتمەن چاپسا كەمبەغەل،
ئاپپاق ناننى سەن يەيسەن.

ھساپ ۋاقتىمىز كەلدى،
جاۋابىغا نىمە دەيسەن ؟
پومىششىكنىڭ يەرلىرى،
بەرى بىزنىڭ يېرىمىز.
تىرىكتاپ پومىششىككە،
ئەمدى زەربە بېرىمىز.

فېوداللىق يەر تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇپ يېزىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئازات قىلىنغاندىن كېيىن دىخانلارنىڭ ئالدىدا كۆرەشنىڭ يەنە بىر يېڭى مەنزىرىسى ئېچىلدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىشتا ھەمكارلىشىشتىن باشلاپ يەككە ئىگىلىكنى كوللىكتىپ ئىگىلىككە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سوتسىيالىزىم يولى ئىدى. ئايۇپ بۇ كۆرەشتە يەنە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە قوشاقچىلىقى بىلەن باشقىلارغا زور ئىلھام بەردى. سوتسىيالىزىم غەلىبىسىنى كۈيلىدى. ئۇنىڭ:

كوپىراتىپتا دىخانلار،
ئەزمەيدۇ، ئېزىلمەيدۇ.
ئىشقا راسا قىزىقىپ،
ئويۇنغا بېرىلمەيدۇ.
يەككە ئىشلەپ تەر توكۇپ،
قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق.
ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن،
دىخانلارنىڭ قارنى توق.

دىگەندەك قوشاقلىرى كوللىكتىپ ئىشلەپچىقىرىش مەي-دانىنىڭ ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

قىسقىسى، ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى دەۋر روھىنىڭ، خەلق قەلبىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇر دىخانلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ئايۇپ دەۋر كۈيچىسى، خەلق قوشاقچىسى دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى.

ئايۇپ سامساقنىڭ قوشاقلىرى يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىنلا ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى سەنئەت جەھەتتىنمۇ ئالاھىدى-لىككە ئىگە. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مىللى شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بار بولغان شەكىللەرنىڭ خېلى كۆپى تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى تولاراق 7 - 8 بوغۇملۇق، تۆت قۇرلۇق بولۇپ ئاھاڭغا چۈ-شىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئونبەش بوغۇم، تۆت قۇرلۇق، ئون ئىككى بوغۇم ئىككى قۇرلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىللەر-دىمۇ ئەركىن قوشاق توقىيالايدۇ. مەسىلەن:

تەقدىر دەپلا ئېزىپ كەلدىڭ،
بىزنى گوللاپ،
قېنىمىزنى شورۇدۇڭسەن،
ئۇزۇن يىللاپ.

ئايۇپ سامساق ئۆز قوشاقلىرىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قوللىنىلغان ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىنمۇ خېلى جانلىق پايدىلانغان. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ:

يوقالدى تۈنلەر،
يورىدى كۈنلەر.
ئەركىن ياشايمىز
ئېچىلدى گۈللەر.

دىگەن قوشىقىدا تەبىئەت تەسۋىرى بىلەن جەمىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ يېڭى دەۋرنى كۈيلەيدۇ.
ئايۇپنىڭ قوشاقلىرى شېئرىيەت شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە مىللى بولۇش بىلەنلا قالماي تىلى گۈزەل ۋە ئاممىباپ، جۈملىلىرى ئەركىن تۈزۈلىدۇ. ئۇزى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ياخشى خەۋەردار بولغىنى ئۈچۈن تەسۋىرلىرىمۇ خىيالى ئەمەس. شۇنداقلا ئايۇپ قاپىيە تۈزەشكە خېلى ئۇستا، ئۇ ئۆز قوشاقلىرىغا ئاچ قاپىيىنى دارىتمايدۇ. شۇنداقلا ئاھاڭ-داشلىغى بار دەپلا مەزمۇنغا مۇناسىۋەتسىز قاپىيىنى ئىشلى-تىشنىمۇ ئانچە ياخشى كورمەيدۇ. مەسىلەن:

قۇلىغىمىزغا ئىشتىلمەيدۇ،
خۇراپاتنىڭ ناخشىسى.
ئەمگەك قىلماق، ئوقۇماق—
ھەممە ئىشنىڭ ياخشىسى.

× ×

بىز مەكتەپتە ئوقۇيلى،
ھەي يولداشلار چاپسان بول.
ئەگەر بىلگەن ئادەمگە،
ئوقۇش دىگەن ياخشى يول.

ئايۇپ سامساق قوشاقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ ئۇنىڭ ھەربىر قوشىقىدا بىر پۈتۈن مەزمۇن تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئارىسىغا تارقىلىش بىلەن مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدۇ. بۇ ئۇنىڭ قوشاقچىلىقتا پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. "بىر قۇربان ھېيتنىڭ خاتىرىسى" 10 كۇبلېت بولۇپ، ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە شۇ پېتى ساقلانماقتا.

ئايۇپنىڭ قوشاقلىرىدىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەت، ئۇنىڭدا ھەجۋى خاراكتېر خېلىلا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئايۇپ ئۆز دۈشمەنلىرىنى پاش قىلىشتا، جەمىيەتتىكى يامان كەيپىياتلارنى تەنقىت قىلىشتا ھەجۋى - كىنايى ئۇسۇلىدىن ياخشى پايدىلانغان. بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇن توقۇغان "ياقۇپ شىيەنجاڭغا لەنەت" ئازاتلىقتىن كېيىن توقۇغان "قىمارۋاز قاتارلىق قوشاقلىرىدا ياخشى گەۋدىلەنگەن.

ئايۇپ سامساق تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۇنى تىپىكلەشتۈرۈشكە، تىرادىتسىيىلىك شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى جانلىق ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان، قوشاق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىكى، ھەجۋى كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان قو - شاقچى بولۇپ، ئۇ ئىجات قىلغان قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگەللەيدۇ.

## 4. مەھەممەت ناپىر ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى

### ① مەھەممەت ناپىرنىڭ ھاياتى

يېڭى دەۋر قوشاقچىسى مەھەممەت ناپىر 1910 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش رايونىدىكى قايراق كەنتى-

ده بىر نامرات دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتى 1951 - يىلى باشلانغان بولۇپ، تۇنجى قوشىقى "غەللە پاراق" شۇ يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ۋە خەزمەت ئومەكلىرى تەشكىللىگەن تەشۋىقات ئەترەتلىرى تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، سەھنىلەردە ئوقۇلۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

مەھەممەت ناپىر قوشاقچىلىق سېپىگە يېڭى دەۋرىمىزنى كۈيلەش بىلەن كىرگەن ئاتاقلىق قوشاقچى بولۇپ، ئازاتلىقتىن بۇيان كوپلىگەن ئاممىباپ، يېڭى - يېڭى قوشاقلارنى ئىجات قىلىپ پارتىيىمىزنى، ئازات زامانىنى، ئەمگەكچى خەلقنى، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلىدى. ئۇ سوتسىيالىستىك يېڭى خەلق قوشاقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بەلگىلىك توھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن 1957 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى تەسىس قىلىش يىغىنىغا، 1960 - يىل بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

خەلق قوشاقچىسى مەھەممەت ناپىر ئۆز ئىجادىيىتىنى يېڭى - يېڭى تېمىلار بىلەن يېڭى - يېڭى شەكىللەر بىلەن بېيىتىۋاتقان چاغدا لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گورۇھ"نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنى، جۈملىدىن خەلق قوشاقچىلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىپ، مەھەممەت ناپىرنىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقان ئىجادىي تەرەققىياتىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ 1975 - يىل 22 - فېۋرالدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

②مەھەممەت ناپىر قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىگى

مەھەممەت ناپىرنى يېڭى دەۋرىمىز قوشاقچىلىق سەھەسىگە ئېلىپ چىققانلىغى ئۇچۇن، ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا يېڭى دۇنيا، يې- ڭى شەخسلەر ئىنكاس قىلىندى. مەھەممەت ناپىرنىڭ قوشاقلى- رى دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، تېما ۋە تىسەي(ۋەقەلىك) دائىرىسى جەھەتتە دا- ۋاملىق كېڭىيىپ باردى.

مەھەممەت ناپىر تۇرمۇشتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى دەل ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم توقۇغان "غەللە - پاراق" ناملىق قوشىغىدا:

ئوتمۇشتىكى پاراقنى،
كەمبەغەللەر بىرەتتى.
كەمبەغەلنى بوزەكلەپ،
دوغا - يايى ئۇراتتى.
.....................
ھازىر غەللە ئادالەت،
ئەھۋالىچە بېرىدۇ.
توغرا ئىشنىڭ قەدرىنى،
توغرا ئادەم بىلىدۇ.

دەپ غەللە - پاراقتىكى تۈپ ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئازات زاماننىڭ ئەۋزەللىگىنى كۈيلىدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن كوپىراتىسىيە قۇرۇلۇپ، سوت-

سىيالىزىم يولى داغدام ئېچىلادى. مەھەممەت ناپىز تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ غايەت زور بۇرۇلۇشنى مەدھىيىلىدى. مەسىلەن: ئۇ "تۇردى مەمەتنىڭ ئېيتقىنى" دىگەن قوشىقىدا كوپىراتسىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى مۇنداق دەپ مەدھىيىلەيدۇ:

كوپىراتسىيە يولىدا،
ئىشلەش كېرەك پولاتتەك.
ئاش ئۇزەڭنىڭ قولىدا،
قانداق يىسەڭ ناۋاتتەك.

× ×

يەككە دىخاننىڭ ئىشى،
ئىشلىمىگەن شوينىدەك.
ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى،
بوش توقۇلغان چويلىدەك.

مەھەممەت ناپىز ئۆز قوشاقلىرىدا، يېڭىلاردىكى يېڭى ئىش، يېڭى كەيپىيات ۋە يېڭى شەخسلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئىنكاس قىلدى. مەسىلەن: "توپلىدىم كوپلەپ ئوغۇت" دىگەن قوشىقىدا:

سىدىق بىلەن بىر يەردە،
ئولتۇرۇشتۇق سوھبەتتە.

لىق تولۇپتۇ شۇ يەردە،
يىققان ئوغۇت سىۋەتكە.

سىدىق دىدى: "ھەي ئۇكام،
ئىش ئەمگەكتە پىشقانمەن.
يىڭى ئازات زاماندا،
ھارمىلىدىغان ئىشچانمەن.

رەتلەپ قويدۇم ئوغۇتنى،
كەڭرى ئېتىز ئىچىگە.
ماغدۇر بەردى پارتىيە،
مەندەك قېرى كىشىگە.

دەپ، ياشانغان بوۋايلارنىڭمۇ كوپىراتسىيە ئۈچۈن ئوغۇت توپ-
لاشتىكى غەيرىتىنى قوشاققا قېتىپ مەدھىيىلىسە "قىزىل بايراق
ئالايلى" دىگەن قوشىقىدا، ئوتمۇش جەمىيەتتە:

يورۇق كۈننى كورمىگەن،
يىڭى كىيىم كىيمىگەن.
دائىم بايغا ئىشلىسەم،
ئەھۋال قانداق دىمىگەن.

دىگەن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرگەن گۈل‌ئايىم ئىسىملىك
بىر قىزنىڭ يىڭى جەمىيەتتە:

كوزۇم قاندى تاۋاغا،
خۇرۇم كىيدىم پۇتۇمغا.
پاكچۇ كوينەك دۇخاۋا،
ئېلىپ كىيدىم ئۇچامغا.

دىگەندەك پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، ئىش - ئەمگەكتە نەمۇنچى بولغانلىغىنى تەسۋىرلەپ، يېزا ئىگىلىگىنىڭ بىرىنچى سەپىدە ئىشلەۋاتقان ياشلارنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى مەدھىيىلەيدۇ.

مەھەممەت ناپىر ھەرۋاقىت خەلق ئىچىدە ياشىغانلىغى ئۈچۈن خەلقنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن قوشاقلىرىدا خەلق كوڭۇل بولىدىغان، مەسىلەرنى ۋە خەلقنىڭ تەلىۋىنى ئوز ۋاقتىدا توغرا ئىنكاس قىلدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ”كادىر بولساڭ“ ناملىق قوشىغى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

كادىر بولساڭ سىلىق بول،
ھەممە ئىشقا قىزىق بول.
خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە،
سۇغا چۆمگەن بىلىق بول.

ئىش ئورنۇڭغا ئىشىنىپ،
ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغىن.

مەرتىۋەڭگە يولىنىپ،
تەكەببۇرلۇق قىلمىغىن.

كادىر بولساڭ سىلىق بول،
سوغاق بولما ئىللىق بول.
خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە،
سۇغا چۈشكەن بېلىق بول.

بۇ قوشاقتىن بىز مەھەممەت ناپىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭى ئىش ۋە يېڭى شەخسلەرنى مەدھىيىلەپلا قالماي، خەلق كوڭۈل بولىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى، زىددىيەتلەرنى پاش قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

مۇھەممەت ناپىر قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يېڭى دەۋرنى كۈيلىگەندە كوپرەك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئوزگىرىشىنى تاللاپ، ئۇنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. بىر خىل پىكىرنى تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ-خىل ۋەقەلىكى ئىچىدە ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مۇھەممەت ناپىر قوشاقلىرىدا شېئىرى مەنزىرە يېڭى، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك. مەسىلەن "داڭلاشقا لايىق ئەنجۈرۈم" دېگەن قوشىقىدا:

شاخلىرىڭ كۆنگە قاراپ،
تاتلىغىڭ كەتسە ياراپ.
يەيدۇ مېھمان بىر سوراپ،
ماختايدۇ ئاندىن ئەنجۈرۈم.

دەپ ئەنجۈرنىڭ شەرۋەتكە تولغانلىغى بىلەن تۈرمۇشىنىڭمۇ ئەنجۈرگە ئوخشاش شېرىن ـ شەرۋەت ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇھەممەت ناپىر ئۆزىنىڭ كوپچىلىك قوشاقلىرىنى 7 بوغۇملۇق ۋەزىندە توقۇغان بولسا، "گۈللىنەرسەن كاتتا يايلاق" دىگەن قوشىغىنى خەلق قوشاقلىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان 12 بوغۇملۇق ۋەزىندە يېزىپ، بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋەزىن ئىچىدە كوپ كۈپلىتلىق قوشاق ئارقىلىق كاتتا يايلاقنىڭ بىر پۈتۈن ئۆزگىرىش جەريانىنى تەسۋىرلىدى. بۇ مۇھەممەت ناپىر ئىجادىيىتىدىكى بىر تەرەققىيات. بۇ قوشاق مۇنداق باشلىنىدۇ:

ئۈزۈن يىللار زەيلەپ ياتقان كاتتا يايلاق،
دوۋە قۇملار بېسىپ ياتقان قارا شورلۇق.
بەختىڭ ئۇچۇن يېتىپ كېلىپ قىزىل بايراق،
دوۋە قۇملار، قاراشورلار قاچتى يىراق.

بىر نەچچە كۈن جاپا چېكىپ زەيدە يېتىپ،
دىخانلىرىڭ تۇگنى يېرىپ، زەيكەش چېپىپ؛
ئىشلىگەچكە يوقالدى زەي، كەتتى قېچىپ،
گۈلزارلىققا ئايلىنارسەن كاتتا يايلاق......

بۇنداق كۆپ ۋەزىنلىك قوشاق شەكلى تىرادىتسىيىلىك خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى، ۋەزىندىكى ئاھاڭدارلىقنى قوبۇل قىلغانلىغى ئۈچۈن يەنىلا خەلققە سىڭىشلىق، خەلق ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدۇ.

قىسقىسى مۇھەممەت ناپىرنىڭ تۇرمۇشتىكى يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەشكە ماھىرلىقى، خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەتلىك بولۇشى، شەكىل جەھەتتىن داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش روھى بىزنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

× × ×

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇقۇرقىدەك بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولغان داڭلىق خەلق قوشاقچىلىرىدىن باشقا، ئازاتلىقتىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن خەلق قوشاقچىلىرى خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەر خىل تېمىدىكى مەزمۇندار قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتماقتا.

مەسىلەن، كۇچارلىق خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردىنىڭ ”بۈگۈن كەڭرى زامان كەلدى“، ”گۈلزار بولۇر ھەممەيەر“، ”نېفىت ھەققىدە قوشاق“، شىنجاڭ داشۆيىنىڭ سابىق ئىشچىسى مەرھۇم سىدىق راشىدىن ئوغلىنىڭ ”ياشلار ئۈستىگە“، ”مۇلۇكلەرنىڭ زارى“، قەشقەر كونا شەھەرلىك مەشھۇر خەلق مۇزىكانتى ۋە ناخشىچىسى مەرھۇم ئاۋۇت راۋاپچىنىڭ يېڭى دەۋرنى كۈيلەيدىغان ناخشا قوشاقلىرى، خوتەن قارىقاشلىق داڭلىق خەلق داستانچىسى شا مەمەتنىڭ ناخشىلىق قوشاقلىرى... قاتار-

لىقلار جامائەتچىلىك ئىچىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

بۇ خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ھەر بىر سىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى بار. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىغى شۇكى، سوتسىيالىس-تىنىڭ ئازات زاماندىن چەكسىز مىننەتدارلىغىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى قوشاقلىرىدا تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەپ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى غەزنىسىگە زور تۆھپىلەر قوشتى، خەلق ئارىسىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇشتا ئورتىكىلىك رول ئوينىدى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا زوق بىغىشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى خەلق ئامىمىسى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

خەلق قوشاقچىلىرىغا قىزغىن ياردەم بىرىش، ئىلھاملاندۇ-رۇش، ئوستۇرۇش — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مۇ-ھىم ۋەزىپىسى، ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇ نىشاندا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، پىشقەدەم خەلق قوشاقچىلىرىغا زور ئىتىۋار بىلەن قا-راشتىن تاشقىرى يىڭىدىن يىتىشىۋاتقان ياش خەلق قوشاقچى-لىرىغىمۇ ئۈمىتلىك قاراپ، ئۇلارنىڭ دەۋرىمىز شەنىگە ئوتلۇق قوشاقلارنى ئىجات قىلىشىغا كەڭ زىمىن ھازىرلاپ بىرىش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا:

خەندان ئۇرۇپ سايرىسا،
گۈل شىخىدا بۇلبۇللار،
ئەسلەتمەمدۇ باھارنى،
نوتا سۇرسە سۇمبۇللار.

دىگەندەك ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقى باھارى جىلۋىلىنىدۇ.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار


— ماركس: "'سىياسى - ئىقتىسات تەنقىدي' گە رەددىيە" (1858 - يىل)

ماركس - ئېنگىلس، لېنىن، ستالىن: "ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا"

— لېنىن: "پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى"

— ئېنگىلس: "تاللانما ئەسەرلەر" 7 - توم.

— ستالىن: «تاللانما ئەسەرلەر» 5 - توم.

— ماۋزېدۇڭ: "ئەدەبىيات توغرىسىدا" 1957 - يىل نەشرى.

— ماۋزېدۇڭ: "يولداش چېن يىغا شېئرىيەت توغرىسىدا يېزىلغان خەت"

— ماكسىم گوركى: "ئەدەبىيات توغرىسىدا" 1 - 2 - توم.

— ماكسىم گوركى: "1934 - يىلى پۈتۈن ئىتتىپاق سوۋېت يازغۇچىلار سىيەزدىدا سوزلەنگەن نۇتۇق."

— "كۆللى تاڭ نەزمىلىرى"

— "مۇزىكا تەپسىرى" خۇيلىن

— "غەربىي زىمىن ھەققىدىكى شېئرى تەسىراتلار". جىن شاۋسۇن

— "قەدىمقى ئۇيغۇر مەدىنى يادىكارلىقلىرى" مىللەتلەر شوبيۇەنى تۈزگەن.

— س. مالوپ: "قۇمۇل ئەدەبىياتى" 1948 - يىل.

— س. مالوپ: «ئۇيغۇر يېزىغى» 1954 - يىل. موسكۋا.

— مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»
— «شەجەرەئى تۈرك.»
— «تۈرك گىرامماتىكىسى» 1945 - يىل. ئىستامبۇل.
— ۋ . ئى . ئاۋادىيوۋ "قەدىمقى شەرق تارىخى"
— دوسان: "موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى"
— موللامۇسا سايرامى: "تارىخمي ھەمىدىيە"
— موللا مۇھەممەت تومۇر قارىقاش: "تەزكىرەئى رىشاد"
— موللا ئىسمەتۇللا: "تاۋارىخ موسىقيون"
— جاجى: "خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى"
— يۈەن جۇكيۇ: "لەتىپە توغرىسىدا"
— "خەلق ئېغىز ئەدىبىياتى" ژورنىلى 1956—1965 - يىللاردىكى سانلىرى.
— ق . ھەسەن: "ئۇيغۇر ئەل ئەدىبىياتى"
— "ئۇيغۇر ئەدىبىياتى" 1957 - يىل نەشرى . ئالمۇتا، 1 - توم.
— ش. سامى: "قاموسولئەلەم" 4 - جىلد
— "12 مۇقام تېكىستلىرى"
— "خەلق قوشاقلىرى" 1956 - يىل.
— "ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى" 1957 - يىل.
— م . رەھىمۇپ: "ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى" 1978 - يىل.
— ئا. تۇردى: "ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى" 1979 - يىل.
— ئا. تۇردى: "ئوغۇزنامە" ("شىنجاڭ ئەدىبىيات سەنئىتى" ژورنىلى 1979 - يىل 5 - سان)
— "چاشتانى ئىلىگ بەگ" (شىنجاڭ ئەدىبىيات - سەنئىتى"

ژورنىلى 1979 - يىلى 7 - سان.

— "ئۇيغۇر شېئرىيىتىدىكى ئارۇزۋەزنى توغرىسىدا".

ئا. ت ئوتكۇر (شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ژورنىلى 1979 - يىلى 12 - سان).

— "ئەدەبىيات - سەنئەت نەزىرىيىسى ئاساسى" — (چېگرا رايون 14 ئالى مەكتەپ بىرلىكتە تۈزگەن) 1979 - يىل.

— "ئەدەبىيات نەزىرىيىسى". سەيمى تۈزگەن. 1979 - يىل بېيجىڭ.

— "ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى" 1936 - يىل ئالمۇتا

— "ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى" 1925 - يىل موسكۋا

— "ئۇيغۇر ئەدەبىياتى" 1956 - يىل ئالمۇتا.

— "ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى" 1949 - يىل ئالمۇتا

— "شىنجاڭ ئەدەبىياتى"، "تارىم" ژورناللىرىنىڭ ئازات-لىقتىن كېيىنكى سانلىرى.

— "ئۆزبەك خەلق داستانلىرى" 1957 - يىل تاشكەنت.

— "ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى" 1948 - يىل. تاشكەنت.

— "ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى" 1955 - يىل. تاشكەنت.

— "ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى" 1960 - يىل ئالمۇتا

— "كوللى تاغ نەزمىلىرى" دىكى مۇزىكا - ئۇسۇل ما-تېرىيالى (مۇزىكا نەشرىياتى 1958 - يىل نەشر قىلغان)

— «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى" — گاۋساڭ شۇنجى يازغان. سودا نەشرىياتى 1925 - يىل)

—"خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ساۋادى" (جاڭ سەي جىن ياز-غان. جىلىن خەلق نەشرىياتى 1963 - يىل نەشرى)

— "خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەزىرىيىسى" — جوڭجىڭۋىن

تەھرىرلىگەندە بېيجىڭ داشۆي قاتارلىق 20 ئورۇن بىرلە-
شىپ ئىشلىگەن. 1980 - يىل)
— جۇڭجىڭۋېن — "خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا"
("ئېغىز ئەدەبىيات" ژورنىلى 1963 - يىل)
— خې چىڭفاڭ — "شەنبى قوشاقلىرى"
— گومورو، جۇياڭ — "قىزىلبايراق قوشاقلىرى"
— "ئوزبېكىستان س.س.س.ر تارىخى" — 21 - توم. تاشكەنت
1966 - يىل.
— "ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى"
— لىن جىنسەن (ياپونىيىلىك) "سۇي، تاڭ نەزمىلىرى
تەتقىقاتى" (گومورو تەرجىمە قىلغان)
— «12 مۇقام تېكىستلىرى» 1964 - يىل. ئورۇمچى
— «قومۇل خەلق 12 مۇقامى» (قومۇل ۋىلايەتلىك سەنـ-
ئەت ئۆمىكى باسقان. 1973 - يىلى)
— «دولان مۇقام تېكىستلىرى»
— «موتىيەنزىنىڭ تەزكىرىسى»
— «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسۇل سەنئىتى»
(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) ئا. مەھەممەت ئىمىن
— «ئوزبېك پوئېزىيىسىنىڭ ئانتولوگىيىسى» (موسكۋا.
1950 - يىل)

## ئەسەر ھەققىدە ئىزاھاتىمىز

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پۈتمەس - تۈگىمەس باي
غەزنە بولۇشىغا قارىماي، ئۇ تېخىچە تولۇق قېزىلمىدى ۋە

تەتقىق قىلىنمىدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش-تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ماركسىزم كىلاسسىكلىرى ۋە پېشقەدەم يازغۇچىلار نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قىسقىسى: "خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى" بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، ئۇ كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن نەشر ئەپكارلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىشى كېرەك.

بىز ماناشۇ نىشان ۋە مەقسەت ئاستىدا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئازراق ئەمگەك سەرپ قىلىشنى مىللەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىمىز دەپ تونۇپ ئۇزۇندىن بېرى بۇ ساھەدە ئاز-تولا ئىزلەندۇق؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزىرىيىسىگە ئائىت بولغان ھەرقايسى تىللاردىكى ئەسەرلەر بىلەن تونۇشتۇق ۋە ئۆگەندۇق. بىرقانچە قېتىم شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خام ماتېرىياللىرىنى توپلىدۇق. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن كۆپتىن بېرى شۇغۇللىنىپ كەلگەن پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئۆگەندۇق ۋە ئۆزئارا پىكىرلەشتۇق.

بولۇپمۇ لەنتى "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ فاشىستلىق مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىنكى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە خەلقىمىزنىڭ تەلەپ-ئارزۇسى بىزنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى. بىز ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئارقىدا قالغان ئەڭ ئاجىز ھالقا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. تېز ئارىدا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كۆمۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جاھانغا

باهايان قىلىشنىڭ 1 ـ قەدىمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قوزـ غۇزۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېزمۇ ئىشنى شۇنىڭدىن باشلىدۇق.

ئەۋلاتلارغا نىشانە سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنغان بۇ كىتـ ـابىنىڭ ئىشلىنىش مەقسىدى ۋە جەريانى ھەققىدە تۆۋەندە قىسقىچە ئىزاھات بېرىمىز.

1. بۇ كىتاپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىدا كەلگۈسى ئىچلىماقچى بولغان "ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى" كەسـ ـپى ئۈچۈن ھەمدە ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ماتېرىيال بولىدۇ.

2. بۇ كىتاپتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىسى شەرھىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە تۈرتكىلىك رول ئويناش مەقسەت قىلىنىدۇ.

3. بۇ كىتاپ 1978 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ رەسمى يېزىلىشقا باشلىغان، بۇ جەرياندا 3 ئاي تۆۋەنگە چۈشۈپ كورلىدىن خوتەنگىچە بولغان كەڭ رايونلاردا كوپ قېتىم ئامىمىنىڭ پىكرى ئېلىندى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق خەلق ئەدەبىياتشۇناسى جاجىنىڭ سەمىگە سېلىنىپ، قىممەتلىك ياردىمى قوبۇل قىلىندى. شۇ ئاساستا ئۆتكەن يىل 5 ـ ئايدا دەسلەپكى پىكىر ئېلىش نۇسخىسى شىنجاڭ داشۆي ئىلمى ـ تەتقىقات باشـ ـقارمىسى تەرىپىدىن بېسىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىـ ـرىغا تارقىتىلدى ۋە كوللىكتىپ، شەخسلەر بويىچە كىتاپ ھەققىدە تەنقىدى ياردەم پىكىرلەر توپلاندى. مۇشۇ ئاساستا

ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ھەم پىشقەدەم ئۇستازلار-نىڭ يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولۇشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن ئىككىنچى قېتىم قايتا ئىشلەندى.

4. بۇ كىتابنىڭ تېخى ئۆلگىسى بولمىغاچقا، رەت تەر-تىۋى ۋە بەزى نەزىرىيىۋى ئۇقۇملاردا ئۆز-مىزنىڭ قارشى ئىجادىي تەتقىق قىلىندى.

5. بۇ كىتاب تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەنلىكى جۈملىدىن تەتقىقات سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، ماتېرىياللىرىنىڭ قىسلىغى تۈپەيلىدىن تېخى مۇكەممەللىكتىن خېلىلا يىراق تۇرىدۇ. ئىم-كانىيىتىمىزنىڭ يار بېرىشىچە ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن پەقەت ”ئات تاپقىچە ھېچ بولمىغاندا ئېشەك ئورنىدا“ ئىشلى-تىشكە ياراپ قالار، دېگەن خالىس نىيىتىمىزنى سىلەرگە ئىز-ھار قىلىمىز. ھەمدە بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ھەر جە-ھەتتىن يار-يۆلەكتە بولغان بارلىق ئۇستازلار ۋە يولداشلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

ئاپتورلار

1980 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1981 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·548
باھاسى 0.87 يۈەن

**维吾尔民间文学基础（维吾尔文）**

买买提祖农，阿不都克里木　编

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本　16印张

1981年8月第1版　1982年3月第1次印刷

印数：1——8,200

---

统一书号：M 10098·548　定价：0.87元

统一书号：M10098·548
定　价：　0.87元